# تار تاجىك مىللىي يېزىسى
# تارىخىي ماتېرىياللىرى



ئاقتو ناھىيە تار تاجىك مىللىي يېزىسى خەلق ھۆكۈمىتى

# تار تاجىك مىللىي يېزىسى
# تارىخىي ماتېرىياللىرى

ئاقتۇ ناھىيە تار تاجىك مىللىي يېزىسى
قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىغا سوۋغا

تۈزگۈچى: ئابدۇرەھىم نەۋرۇز



3001/19

ئاقتۇ ناھىيە تار تاجىك مىللىي يېزىسى خەلق ھۆكۈمىتى

تاجىك خەلقى قەدىمقى مەۋجۇد

ئەمگەكچان، باتۇر مەردەم

ئەۋلادمۇ خەلق بولۇپ ئەمگەك

مەھكۇمىسى نەخشەسى يارالغان

بولىدۇ.

مەھەممەت مەھەممەت تۇرغانالى

٢٠٠٦.٣.١٤

# ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى مۇختەر ھېيتنىڭ تەبرىك سۆزى

ئاقتۇ ناھىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى تەبرىكلىنىۋاتقان پەيتتە، تار تاجىك مىللىي يېزىسى يېزا قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىدەك خۇشاللىقنى كۈتۈۋالدى.

20 يىللىق مۇساپە كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۆتۈپ كەتتى. بۈگۈنكى تار يېزىسى سىياسىي جەھەتتە مۇقىم، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان، پەن - تېخنىكىدا ئالغا باسقان، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قاتارلىق ھەر- قايسى ساھەلەردە غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆزلۈكسىز ياخشىلاندى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلەت 37 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سالغان تار يېزىسى چارۋىچىلىرىنى كۆچۈرۈپ ئولتۇراقلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى پۈتۈن يېزا خەلقنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى يەنىمۇ ياخشىلىدى.

يىراققا نەزەر تاشلىغاندىلا تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلىگىلى بولىدۇ. تار تاجىك مىللىي يېزىسىدىكى پۈتۈن خەلقنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش باش نىشانىغا يېتىش يولىدا، ئۆز ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ پۇختا قەدەم تاشلاپ، ئىدىيىنى تېخىمۇ ئازاد قىلىپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، تېخىمۇ شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

2004- يىلى 9- ئاينىڭ 13- كۈنى





قۇربان دۆلەت



قارغاباي تۇردى



شجائەتخان ۋەزىرى



ناسىر سابىر



ئارمان قۇربان



دورى قۇربان



مەمەتيۈسۈپ باباخان



ئابنۇس قادىرخان



هاجىخان مەمەتنىياز



قۇربانقۇل تەۋەرۈك



سۇلتانئەلى بەكرى



تۇردىقۇل



ئابلىمىت ئەكرەم



ئاقنىياز ئانايەت



ئەيسا ھۇسەنباي



بەختىئەلى ھەسەن



قەلەم چورۇق



ياقۇپ داۋۇت



ئىمامباي مەمەت



ئاتاخان ھەمراھ



خۇدابەردى پەرمان



نۇردۇن مەرگەن



نەۋرۇز پازىل



راھمان ئارزى



يالقۇن نەۋرۇز



رازى تاھىر



ئادىل رازى



مىرزىباي تۇردى



ئىمىن سىدىق



مەمەتشاۋۇدۇن



قۇربانئەلى ئابادخان



مەمەت ئاۋۇت



ئابدۇرەھىم ئىبراھىم



مىرزا مامۇت



زۇمۇر خۇدابەردى



ئاناۋۇللا مەمەت

# ئاقتۇ ناھىيە تارتاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرىنى تۇزۇشكە رەھبەرلىك قىلىش گورۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى

گورۇپپا باشلىقى:شى شياۋمىڭ (تارتاجىك مىللىي يېزىسى پارتكوم شۇجىسى)

مۇئاۋىن گورۇپپا باشلىقى: زىياۋۇدۇن ئېلاۋۇدۇن (تارتاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى،يېزا باشلىقى)

مەردانشاھ ئاقتۇردى (يېزىلىق پارتكوم ھەيئەت ئەزاسى،خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتچىسى)

ئەزالىرى:تۇرداخۇن ئەركەباي (يېزىلىق پارتكوم مۇئاۋىن شۇجىسى)

دارمان قۇربان (يېزىلىق ھۆكۈمەت مۇئاۋىن يېزا باشلىقى)

نۇرگۇل نەۋرۇز (يېزىلىق ھۆكۈمەت مۇئاۋىن يېزا باشلىقى)

مۇتەللىپ خالىق (يېزىلىق ھۆكۈمەت مۇئاۋىن يېزا باشلىقى)

باھارگۇل قارغاباي (يېزىلىق پارتكوم ھەيئەت ئەزاسى،ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى)

ئادىل دۆلىجان (مۇئاۋىن شۇجى،ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى)

ئەنۋەر قۇربان (يېزىلىق ھۆكۈمەت مۇئاۋىن يېزا باشلىقى)

تۆرۆپ ھاپىز (يېزىلىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرى)
تىللاخان تىللا (يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرى)

تەھرىر ھەيئەتلەر: ئابدۇرەھىم نەۋرۇز
باتۇرجان ئاتىخان
ۋاھاپجان قۇربان تەۋەررۇك
تۇردىبەگ مەمەتبەگ
يالقۇنجان ياقۇپ
روزى ئاقمەمەت
جاپپار ياۋاسار بازار بايېف
قۇربانئەلى ئابادخان

مەسلىھەتچىلەر: قارغاباي تۇردى
ئارمان قۇربان
شىجائەتخان ۋەزىرى
ناسىر سابىر
ئابنۇس قادىر
ھاجىخان مەمەتنىياز
راخمان ئارزى

# كىرىش سۆز ئورنىدا

پامىر، كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرى ھەقىقەتەنمۇ بىر سىرلىق ماكان. پامىر، كۇئېنلۇن ھەققىدە گەپ باشلانغاندا باشقىلارنىڭ كۆز ئالدىدا گوياكى جەننەتكە ئوخشاش رەڭدار، گۈل- گىياھلارغا پۈركەنگەن، ئاپپاق قار، كۆپكۆك مۇزلاردا قۇياش ئەكسى چاقناۋاتقان، ياپيېشىل قىر- يايلاقلاردا مال- چارۋىلار بەخىرامان ئوتلاۋاتقان، بۇلغانمىغان ساپ ھاۋا يۈرەكلەرگە ئارام بەخش ئېتىۋاتقان، بۈركۈت روھى، بۈركۈت جاسارىتى ۋە بۈركۈت خىسلىتى گەۋدىلىك مۇجەسسەملەشتۈ- رۈلگەن قەدىمكى رىۋايەتلەر ئىچىدە ياشاۋاتقان «بۈركۈت مىللىتى»، چوپانلار باياشاتلىق، مەنىۋى توقلۇق ئىچىدە مۇڭلۇق پەلەك مۇقاملىرىنى ئېيتىشىپ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان سىرلىق ماكانىنىڭ خىيالىي كارتىنىسى ئەكس ئېتىدۇ.

ئەمەلىيەتتىمۇ، پامىر، كۇئېنلۇن ھەقىقەتەن ئەنە شۇنداق گۈزەل جاي. بۇيەردە ئىنسانغا كېرەكلىك بولغان ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ، تېپىلغاندىمۇ ئاجايىپ سەرخىللىرى تېپىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆز باغرىدا يوشۇرۇپ ياتقان بايلىقى، خۇددى ئۆزىنىڭ قەلب خۇ- شاللىقىدەك تولىمۇ مول..... شۇڭا، جاپاكەش، ساددا، ئاق كۆڭۈل، راستكوي، باتۇر تاجىك خەلقى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى بۇ ئەزىز ماكاندا ئەۋلادتىن — ئەۋلادقىچە قەيسىرانە ياشاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار ياپيېشىل تاغلارنى، رەڭدار گۈل- چېچەكلەرنى، قاغجىراق دالا،

ئېدىر ئويمانلارنى، زۇمرەتتەك ئېقىنلارنى، قارلىق چوققىلارنى، سۈپسۈزۈك كۆك ئاسماننى قىزغىن سۆيىدۇ. گەرچە بۇ ماكان دۇنيانىڭ ئۆگزىسىگە جايلاشقان، ئەڭ چەتتىكى خىلۋەت ماكان بولسىمۇ، ئەمما قۇياشقا ئەڭ يېقىن جاي، شۇنداقلا رېئاللىقتا، تەبىئىيلىكتە، چىنلىقتا تولغان ئانا يەر. مانا بۇ ئالتۇن دىيار باغرىدا تار تاجىكلىرى ياشايدۇ.

تار تاجىكلىرى قانداقتۇر باشقا ئىرققا مەنسۇپ بولماستىن، بەلكى جۇڭگو تاجىكلىرىنىڭ ئايرىلماس مۇھىم تەركىبىي قىسمى. قولىڭىزدىكى «تار تاجىكلىرى» دېگەن بۇ كىتابتا ئاقتۇ ناھىيە تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، تارىخى، ياشاش مۇھىتى، ئېتنوگرافىيىسى، ئېتىقادى ۋە باشقا مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ، بەلگىلىك ئىلمىيلىك، ئىشلىتىشچانلىق ۋە پايدىلىنىشچانلىققا ئىگە بولۇپ، جۇڭگو تاجىكلىرى مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

## تار تاجىك مىللىي يېزىسى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات

**[يۇرت ئىسمى]** ئاقتۇ ناھىيە تار تاجىك مىللىي يېزىسى.

**[يېزا باشلىقى]** زىياۋۇدۇن ئىبلاۋۇدۇن.

**[يېزا مەركىزى تۇرۇشلۇق جاي]** باغ، ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى 380 كىلومېتىر، تۆز لىنىيە ئارىلىقى 144 كىلومېتىر.

**[يەر مەيدانى]** 2800 كۋادرات كىلومېتىر (غەربتىن شەرققە ئۇزۇنلۇقى 70 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 40 كىلومېتىر كېلىدۇ).

**[نوپۇسى]** 4178 نەپەر بولۇپ، تاجىكلار %100 نى ئىگىلەيدۇ.

**[تىلى]** قەدىمكى ۋە ھازىرقى تىلى ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسى ئىران تىل گۇرۇپپىسىنىڭ شەرقىي تىللار تارمىقىغا كىرىدۇ. تارىختا تار تاجىكلىرى سەرىكوھ تىلى، ۋاخان تىلىدا سۆزلىشەتتى. ھازىر تاجىك تىلى يىلتىزى ساقلاپ قېلىنغان، تۈرك تىلى ئارىلاشقان، تار شېۋىسىدە سۆزلىشىدۇ.

**[يېزىقى]** ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىدۇ. ئېلىمىز تاجىكلىرى تارىختا ئۆزىنىڭ يەرلىك تىلىدا سۆزلەشكەندىن تاشقىرى، يەنە تاجىك ئەدەبىي تىلى ۋە يېزىقىنى قوللىنىپ كەلگەن . ئائىلە ۋە مەدرىسەلەردە ئومۇمەن تاجىك تىل ـ يېزىقىنى قوللانغان. 1934 ـ يىلى تاشقورغاندا تۇنجى مەكتەپ مائارىپى يولغا قويۇلغاندا، دەرسلىك، ئوقۇتقۇچى ۋە باشقا قىيىنچىلىق تۈپەيلى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىل ـ يېزىقىنى قوللىنىش يولغا قويۇلغان .

**[دىنىي ئېتىقادى]** ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. مەزھەپ جەھەتتە كۆپ قىسمىلىرى سۈننىي مەزھىپىگە، ئازبىر قىسمى شىئە مەزھىپىنىڭ تارمىقى بولغان ئىسمائىلىيە مەزھىپىدە.

**[ئانتروپولوگىيىلىك تىپى]** تاجىكلارنىڭ، جۈملىدىن تار تاجىكلىرىنىڭ تەن قۇرۇلۇشىدىن قارىغاندا، تېرە رەڭگى سۇسراق، چېچى سېرىق ياكى قوڭۇر، كۆزى كۆك ياكى بوز رەڭ، لەۋلىرى نېپىز، قاڭشىرى ئېگىز، ياڭاق سۆڭىكى پەسرەك، بەدەن تۈكلىرى تەرەققىي قىلغان، ساقاللىق بولۇپ، ياۋروپا ئىرقىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە ئاق تەنلىك ھېسابلىنىدۇ. تار تاجىكلىرىدا O قان تىپى ھەممىدىن كۆپ نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ ، Aقان تىپى ئىككىنچى ئورۇندا، B قان تىپى ئۈچىنچى ئورۇندا ، AB قان تىپى ئەڭ ئاخىرقى ئورۇندا تۇرىدۇ .

**[جۇغراپىيىلىك ئورنى]** شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمى، قىزىلسۇ

قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئاقتو ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىغا، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي قىسمىغا، كوئىنلۇن تاغلىرىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى قاتمۇقات تاغ جىلغىلار ئارىسىغا، زەرەپشان دەرياسىنىڭ تارمىقى تاشقورغان دەرياسى (تاغدۇمباش دەرياسى) نىڭ ئىككى قىرغىقىغا جايلاشقان، شەرقىي مېرىدىئان 12′ 76° ~ 45′ 75°، شىمالىي پاراللېل 58′ 37° ~ 40′ 37° ئارىسىغا توغرا كېلىدۇ. غەربىي قىسمى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ قوغۇشلۇق، جەنۇبىي قىسمى داتۇڭ يېزىلىرى بىلەن، شىمالىي قىسمى ئاقتو ناھىيىسىنىڭ چارلۇڭ، شەرقىي شىمالىي قىسمى كوسراپ يېزىسى بىلەن، شەرقىي جەنۇبى قىسمى يەكەن ناھىيىسىنىڭ قوشراپ يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئوتتۇرا يەر دېڭىزى يەر تەۋرەش بەلۋېغىغا كىرىدۇ، ئەمما تارىختىن بۇيان ئاپەت خاراكتېرلىك يەر تەۋرەش بولغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق.

**[دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى]** 2050 – 4000 مېتىر. ئېگىزلىكى دېڭىز يۈزىدىن 5000 مېتىردىن ئاشىدىغان مۇزلۇق چوققىلاردىن ئالمالىق كەنتىدىكى يەستۇرۇغ مۇزلۇقى، باغۇزى كەنتىدىكى بەركاز، ياشاقلىق مۇزلۇقى، باغ كەنتىدىكى تۇيۇغۋاش مۇزلۇقى قاتارلىقلار بار.

**[ھاۋا كىلىماتى]** يايلاقلىرى سوغۇق ئىقلىمغا، يېزا - كەنت جىلغىلىرى مۆتىدىل ئىقلىمغا مەنسۇپ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 23℃، 1- ئايلاردىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 6℃-، قىروسىز ۋاقتى 216 كۈن، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 90 – 150 مىللىمېتىر. قۇياش نۇرىنىڭ يىللىق چۈشۈش ۋاقتى 2300 سائەتكە، ئەمەلىي يورۇتۇش ۋاقتى 2160 سائەتكە يېتىدۇ. شامال سۈرئىتى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 10 / s ~ 24 / s مېتىرغىچە

بولىدۇ.

**[قىسقىچە تارىخى]** تارىختىن بۇيانقى ھەرقايسى دەۋرلەرگىچە تاشقورغان (سەرىكوھ) رايونىغا تەۋە بولۇپ، ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى 27 يېزىنىڭ بىرى ئىدى. 1954 – يىلى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلۇپ، ئاقتۇ ناھىيىسى يېڭىدىن تەسىس قىلىنغاندا، جۇغراپىيىلىك ئورۇنلىشىش بويىچە ئاقتۇ ناھىيىسىگە تەۋە قىلىنغان.

**[مەمۇرىي جايلىرى]** يېزا تەۋەسىدە بەش مەمۇرىي كەنت، بىر چارۋىچىلىق فېرمىسى تەسىس قىلىنغان. ئۇلار: ئالمالىق، باغ ئۆزى، باغ، بەلدىر، قوزىزى كەنتلىرىدىن ئىبارەت.يېڭى ئولتۇراق رايوندا ئۈچ مەمۇرىي كەنت بار: خۇشئاباد ، شىنا ، ئاققۇم.

**[ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمى]** 1998- يىلى 4195 مو بولۇپ، ئاساسلىق تېرىلىدىغان زىرائەتلەردىن يازغى بۇغداي، كۈزگى بوغداي، قوناق، ئارپا، باقلە(ماش)، تېرىق، پۇرچاق، مايلىق زىرائەتلەردىن ئاپتاپپەرەس، كەندىر، زىغىر، قىچا، زاغۇن، ھەر خىل كۆكتاتلار،قوغۇن - تاۋۇزلار راسا ئوخشايدۇ، بولۇپمۇ چامغۇرى ناھايىتى تاتلىق. 1999-يىلى كەلكۈن ئاپىتىدىن كېيىن 1747 موغا چۈشۈپ قالغان .

**[يايلاق كۆلىمى]** 200 مىڭ مو ئەتراپىدا ( تەبىئىي ۋە سۈنئىي يايلاق كۆلىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

**[چارۋىچىلىقى]** 1998- يىلىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئومۇمىي چارۋا سانى 22576 تۇياق. ئاساسلىق چارۋا تۈرلىرىدىن: قوي، ئۆچكە، كالا، قوتاز، ئات، تۆگە، ئېشەك؛ ئۆي قۇشلىرىدىن: توخۇ، ئۆردەك، غاز، كەپتەر قاتارلىقلار بار.

**[باغۋەنچىلىكى]** ئۆرۈك، ئۈجمە، شاپتۇل، ياڭاق، ئامۇت، ئۈزۈم، ئالمىلار ئوخشايدۇ. پۈتۈن يېزىدا 800 مو مېۋىلىك باغ ئەھيا

قىلىنغان.

**[يېزا ئىگىلىكى]** 1998 - يىلىغا كەلگەندە ئاشلىق مەھسۇلاتى 756 توننىغا يەتكەن بولۇپ، ئاشلىق بىلەن ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش ئاساسى جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلغان.

**[ئورمانچىلىقى]** ئورمان كۆلىمى 15 مىڭ مو ئەتراپىدا بولۇپ، ئاساسلىق تەبىئىي ئورمان كۆلىمى 12 مىڭ مو كۆلەمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ قارىغاي، ئارچا، قېيىن، چېقىن، توشكون، ياۋا سۆگەت، تېۋىلغا، غوز، ئېرغاي، قاراغات، ئازغان، يۇلغۇن، كۆك تىكەن، زىرىقتىكەن، توغراق قاتارلىقلار بار. ماتېرىيال، يېقىلغۇ ئورمان تۈرلىرىدىن: تېرەك، سۆگەت، تال قاتارلىقلار بار. مېۋىلىك ئورمانلاردىن : ئۆرۈك، شاپتۇل، ئۈجمە، ياڭاق، ئارمۇت، نەشپۈت، ئالما، ئۈزۈمتال، جىگدە قاتارلىقلار ئۆستۈرۈلىدۇ.

**[تەبىئىي ئۆسۈملۈكلىرى]** مېھرىگىياھ، قار لەيلىسى، ئەڭلىك ئوت، قوروم ئوتى، گۈلنەپشە، مەرۋۇي، قانتېپەر، ياۋا زىرە، قىرىلغان، پاسار، بۆز ناچ، داڭگۈي، ۋادار، تاغ چېچىكى، يەر قالپىقى، چۈچۈكبۇيا، چىغىرتماق، چاكاندا قاتارلىق دورىلىق قىممىتى يۇقىرى مول تەبىئىي ئۆسۈملۈكلەر بار.

**[تەبىئىي بايلىقلىرى]** ھازىرغىچە ئېنىقلانغىنى كۆمۈر، مىس، تۆمۈر، قوغۇشۇن، گۈڭگۈرت، يالتىراق، ھاك تاش، قاشتېشى، خرۇستال، سۈرمە، زەرمارە، كاربىاش، مۇزتاش، قىزىل ياقۇت قاتارلىقلار بار. سۇ بايلىقى مول، ئەمما پايدىلىنىش نىسبىتى تۆۋەن.

**[ كان رايون بەلۋېغى]** باغۇزى تۆمۈر كېنى، باغ گرانت كېنى، باغ كۆمۈر كېنى، يايلاق ئېغىل مىس كېنى، گرانت كېنى. يۇنجىگە خرۇستال كېنى، تاشپاختا كېنى، تالىلىك كېنى.

**[ئاساسلىق تاغ - دەريالىرى]** قارايىن تېغى 5056 مېتىر،

سۇلۇقباش تېغى 4057 مېتىر، كۆتەكلىك تېغى 4030 مېتىر، ئىككىزەك تاغ چوققىسى 4362.8 مېتىر، ئەدىربەل تاغ ئېغىزى، سۇباش تاغ ئېغىزى، تاشقورغان دەرياسى، ئالمالىق جىلغىسى.

**[ئىقتىسادىي ئەھۋالى]** چارۋىچىلىقى خەلق ئىقتىسادىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، يېزا ئىگىلىكى قوشۇمچە بولۇپ، 1998-يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 42.4 مىليون يۈەنگە يېتىپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغىنى 802 يۈەن بولغان. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 11% كە يەتكەن.

**[خەلق تۇرمۇشى]** ئوتتۇرىچە يېشى 67 ياش، يېزا - كەنتتىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك داۋالاش، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش، پىلانلىق تۇغۇت، ئالدىنى ئېلىش كەسپىي تورلىرى بار. سەھىيە - داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار 17 نەپەر، كېسەل كارىۋىتى 12 دانە. ئائىلىلەردە رادىئو، تېلېۋىزور، ماشىنا، موتسىكلىت، كەنتلەر-دە تېلېفون ئومۇملاشقان.

**[مائارىپى]** بىر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، 32 سىنىپلىق سەككىز باشلانغۇچ مەكتەپ (بىر ياتاقلىق مەكتەپ) بار. ئومۇمىي ئوقۇغۇچى سانى 1024 نەپەر، ئوقۇش يېشىدىكىلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 96%، ئوقۇش پۈتكۈزۈش نىسبىتى 94%، ئومۇملىشىش نىسبىتى 95% كە يەتكەن (2003- يىلى)، مۇكەممەل ھەم كەسپىي بىلىم قۇرۇلمىسى ئۆلچەمگە يەتكەن مائارىپ قوشۇنى بار.

**[ساياھەتچىلىكى]** ئاساسەن تەرەققىي قىلمىغان. ئاساسلىق سەيلە - ساياھەت ئورۇنلىرى ۋە قەدىمكى ئىزنالاردىن ئالمالىق كەنتىدىكى داستار ئاتا ئەۋلىيا مازىرى، بەلدىر كەنتىدىكى قىزىل

مەسچىت ئەۋلىيا مازىرى، قوزىزى كەنتىدىكى پەنج مازار، دۆم ــ دۆم ئۆڭكۈر مەدەنىيەت ئىزناسى، بەشكەند مەدەنىيەت ئىزناسى، كەلكۆزدىكى كۆل قاتلىمى، ئۇرۇمقۇرۇم قەبرىستانلىقى، باغوزى «يارتى»قەبرىستانلىقى، ئوقلۇقتار قەدىم جايى قاتارلىق تىلسىمات سىرلارغا باي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئاجايىپ مەنزىرە نۇقتىلىرى قاتارلىقلاربار.

**[ئاساسلىق ھېيت - بايراملىرى]** قۇربان ھېيت، نەۋرۇز (شاۋگۇن) بايرىمى، بارات ھېيت، روزى ھېيت، ئۇرۇق چېچىش بايرىمى قاتارلىقلار ئۆتكۈزۈلىدۇ.

**[ئۆرپ - ئادىتى، قائىدە - يوسۇنلىرى ]** جۇڭگو تاجىكلىرىنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادىتى ۋە قائىدە - يوسۇنلىرى بىلەن بىردەك.

**[قاتناش، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، ئالاقىلىشىش ئىشلىرى]** 1984-يىلى قاتناش يولى ياسىلىشقا باشلاپ 1987- يىل 3- ئايدا ئاپتوموبىل قاتنىغان.

1993- يىلى 80 كىلوۋاتلىق قوش گېنېراتورلۇق كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلغان.

1984- يىلىدىن باشلاپ خەۋەرلىشىش، ئالاقە ئىشلىرى يولغا قويۇلغان. 2000- يىلى قوزىزى كەنتىدىن باشقا ھەربىر كەنتتە سىمسىز ئالاقىلىشىش تېلېفونى ئورنىتىلغان.

**[ياۋايى ھايۋان، ئۇچار قاناتلىرى، بېلىقلار]** ياۋايى ھايۋانلاردىن: كېيىك، ئەسرە (يىلپىز)، بۆرە، ئېيىق، تۈلكە، توشقان، سۇغۇر(دەۋىرغان) ؛ ئۇچار قاناتلاردىن: بۈركۈت، لاچىن، قارچىغا، مۇشۇكياپىلاق(ھۇۋقۇش )، غەجىر، سار، ئۇلار، كەكلىك، كەپتەر، قاغا، قۇزغۇن، چىمغۇق ۋە ھەر خىل تاغ قۇشقاچ تۈرلىرى بار.

بېلىق تۈرلىرىدىن: 10 يىلغىچە ئۆمۈر كۆرە لەيدىغان،

ئېغىرلىقى 3 كىلوگىرامدىن ئارتۇق كېلىدىغان ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان تاپان بېلىق، چورتان بېلىقى ۋە قارا بەش سىزىقلىق بېلىق قاتارلىقلار بار.

**[داڭلىق يېشىل مەھسۇلاتلىرى]** ئۈجمە، ياڭاق، شاپتۇل، مېغىز، چامغۇر، بېلىق...

**[ھازىرغىچە بار بولغان كەتۈر]** ئەسرە، سىپاھى، گۈلىستان، بالتى، ۋاخان، غەزبەگ، ئەليار، قارا چوناق قاتارلىقلار بار.

# مۇندەرىجە


تار تاجىك مىللىي يېزىسى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات... 2

I باب تار تارىخى .................................... 1

تاجىك مىللىتى ھەققىدە قىسقىچە بايان .............. 1

ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى...... ......... 6

II باب تار تارىخى ........................................ 13

تار تاجىكلىرىنىڭ تارغا كېلىش سەۋەبلىرى ........... 22

تاردىكى مەدەنىيەت ئىزنالىرى .......................... 25

تار تارىخي خاتىرىلىرىدىن قىسقا قۇرلۇق چاتما
بايانلار ........................ .... .... ........... 29

تار ھەققىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى يازما خاتىرە
«تار تەزكىرىسى» ........................................ 35

تاردىكى تۇرالار ھەققىدە ................................ 37

تار تاجىكلىرىنىڭ تاشقورغان ئىنقىلابىغا قوشقان
تارىخي تۆھپىسى ........................................ 38

تار تاجىكلىرىنىڭ تاشقورغان ئىنقىلابى يەكەن
بىرىگادىسىدا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرى
توغرىسىدا ................................................. 45

III باب تار تاجىكلىرىنىڭ ئېتنوگرافىيىسى ............... 49

تار تاجىكلىرىنىڭ خاسىيەتلىك ئەنئەنىلىرى ........... 56

تار تاجىكلىرىدا ئائىلە ..................................... 64

تاجىكلارنىڭ مىللىي كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە زىبۇ
زىننەت بۇيۇملىرى............................................ 68

ئەنئەنىۋى ئاياغ كىيىمى – جۇراپ ........................ 72
تاجىكلارنىڭ نەۋرۇز بايرىمى توغرىسىدا ..................... 74
تاجىكلارنىڭ توي - تۆكۈن ئادەتلىرىدىكى سىمۋوللۇق
بەلگىلەر توغرىسىدا ............................ 76
تاجىكلاردا توي ئالدىدىكى يۇيۇندۇرۇش ۋە
تەرلەندۇرۇش ...................................... 80
IV باب مىللىي كىملىك ۋە مىللىي مەدەنىيەت ............. 85
تاجىكلارنىڭ بۇركۇت تۇتېمى مەدەنىيىتى توغرىسىدا .. 99
قوتاز ۋە تاجىكلارنىڭ يايلاق مەدەنىيىتى ....... ...... 113
تاجىكلارنىڭ رەڭ قارىشى ......................... 117
تاجىكلارنىڭ چاي مەدەنىيىتى ......................... 127
تاجىكلارنىڭ راۋاب مەدەنىيىتى توغرىسىدا ........ 130
تاجىكلاردا سەپەر ئادەتلىرى ......................... 134
تار تاجىكلىرىنىڭ سەۋرۇنخانا مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ
باشقا جايلارغا تارقىلىشى ......................... 138
تاجىكلار ۋە ئوۋچىلىق مەدەنىيىتى ............... 140
تاجىكلاردا مىللەت روھى – تەۋككۇلچىلىك .. .... 144
تاجىكلارنىڭ دوستلىشىش مەدەنىيىتى ...... ...... 150
V باب تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ تەرەققىياتى ... ... 155
تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ مەمۇرىي تەۋەلىكى
توغرىسىدا ........................... ....... .. ..... 155
تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ...... ....... 159
تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ يەر – جاي
ناملىرى ........................................ 168
تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى
تەرەققىيات ئەھۋالى .............................. 169

VI باب 90- يىللاردىكى ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ھايات ...183
تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ 1981- يىلىدىن 1995- يىلىغىچە يېزا ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچ ئەھۋالى .......183
مېھىر ـ شەپقەت ئۇنتۇلماس ئەبەت ....................195
تار تاجىك مىللىي يېزا قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ............202
تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ 98- يىللىق خىزمەت دوكلاتى ..................................................209
تار تاجىك مىللىي يېزىسىدا يۈز بەرگەن كەلكۈن ئاپىتى ئەھۋالى ..................................................213
ئاقتۇ ناھىيە تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ 7- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن سۆز ........218
ئاقتۇ ناھىيە تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ 7- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2- سانلىق يىغىنىغا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلات ...............230
VII باب ئەدەبىيات - سەنئەت، سەھىيە، مائارىپ، تەنتەربىيە ..........................................242
تار تاجىكلىرىنىڭ سەنئىتى ........................242
تار تاجىكلىرىنىڭ ئەدەبىياتى ......................247
تار تاجىكلىرىنىڭ يازما ئەدەبىياتى ...............251
سەھىيە تەرەققىيات تارىخى .........................254
ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ۋە ئازادلىقتىن بۇيانقى تار تاجىكلىرىنىڭ مائارىپ تەرەققىيات ئەھۋالى .......258
تاجىكلار ۋە ئۇلارنىڭ تاغقا چىقىش ھەرىكىتى...... ....268
تاجىك باللار ئويۇنلىرى .............................271
VIII باب تار تارىخىدىكى تۆھپىكار شەخسلەر ...............277

# I باب ئېلىمىز تاجىكلىرى ھەققىدە

## تاجىك مىللىتى ھەققىدە قىسقىچە بايان

شېرىن قۇربان

«تاجىك» — تاجىك خەلقىنىڭ مىللەت نامى، مەنىسى «شاھنىڭ تاجىسى» ياكى «خان تاجىسى» دېگەندىن ئىبارەت. تاجىك مىللىتىنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشىنىڭ تارىخى ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەرگە بېرىپ تاقىلىدۇ. ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار ۋە دەلىللەشلەرگە ئاساسلانغاندا، ئېلىمىزدىكى شىنجاڭ تاجىكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يىراق ئەجدادلىرى ماكانلاشقان پامىر ئېگىزلىكى رايونىدا، كونا تاش قورال دەۋرىدىن ئېتىبارەن ئىپتىدائىي ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان. تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ جىرغال دېگەن جايدا بايقالغان كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ مەدەنىيەت ئىزنالىرى بۇنىڭ دەسلەپكى دەلىلى. تارىخشۇناسلارنىڭ بىردەك قارىشىچە، قەدىمكى ئارىيان قەبىلىلىرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000- يىللار ئىلگىرىلا ئىچكى دېڭىزنىڭ شەرقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرى ۋە كۆچمەن ھاياتىنى ئۆتكۈزگەن. تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، بىر قىسىملىرى ئىران ئېگىزلىكىگە كۆچۈپ، ئىران ئارىيانلىرىنى شەكىللەندۈر- گەن، بىرقىسىملىرى ئەنەتكەك (ھىندى) ئېلىدە ئەنەتكەك

ئارىيانلىرىنى شەكىللەندۈرگەن، بىر قىسىملىرى ياۋروپا قۇرۇقلۇقىغا بېرىپ، ياۋروپا ئارىيانلىرىنى شەكىللەندۈرگەن، يەنە بىر قىسىملىرى بولسا، تارىم ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا كۆچۈپ كېلىپ تىرىكچىلىك قىلغان. مانا بۇ تارىم ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا ئىجتىمائىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋە مەدەنىيەت ئىزناسى قالدۇرغان قەدىمكى شەرقىي ئىران تىللىق قەبىلىلەرنىڭ ئېتنىك تارىخى. كېيىنكى ئۇزاق تارىخىي باسقۇچلاردا تارىم ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بۇ شەرقىي ئىران تىللىق خەلقلەر (ساكلار، توخارلار، سوغدىلار) ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تەركىبىگە كىرىپ كەتكەن بولسا، پامىر ئېگىزلىكى تاشقورغان رايونىدىكىلىرى ئاساسىدا ھازىرقى تاجىك مىللىتى شەكىللەنگەن. ئۇلار تارىختا 600 يىل سەلتەنەت سۈرگەن «قىرپانە بەگلىكى» گە ئوخشاش ھاكىمىيەتلەرنى قۇرۇپ، ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا ئۆزىگە ئوخشاش مىللىي مەدەنىيەت بەرپا قىلغان.

ئىرق تەۋەلىكىدىن ئېيتقاندا، تاجىكلار تىپىك ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ، بۇ توغرۇلۇق ئېلىمىزنىڭ تاڭ خانىدانلىقى دەۋرىدىكى تارىخنامىلەردە ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردا كۆپلىگەن خاتىرىلەر، مەلۇماتلار ۋە ئۇچۇرلار بار.

تاجىكلار تارىختا ئىپتىدائىي كۆپ ئىلاھلىق ئېتىقادتىن كېيىن، تەدرىجىي بىر ئىلاھلىق ئېتىقادقا كۆچۈپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، زەردۇشت دىنى، بۇددا دىنى ۋە مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. تەخمىنەن مىلادىيە XI ئەسىرگە كەلگەندە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەشھۇر پەيلاسوپى ۋە مۇتەپەككۇر شائىرى ناسىر خىسراۋ (مىلادىيە 1004 – 1088 - يىللار) نىڭ تەرغىبى ۋە دەۋىتى بىلەن ئىسلام دىنى شىئە مەزھىپى ئىچىدىكى ئىسمائىلىيە مەزھىپى

ئېتىقادىغا كىرگەن.

شەرقىي پامىردىن ئورۇن ئالغان تىلسىمات يۇرت ـ تاشقورغان رايونى ئېلىمىزدىكى تاجىكلارنىڭ ئانا يۇرتى. كۆپ دۆلەت بىلەن چېگرىداش بۇ رايون شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىدىن ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تارىخى ئىنتايىن ئۇزاق. غەربىي خەن سۇلالىسى شۈەندى شىنجۆ 3- يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 59- يىلى) غەربىي يۇرتتا قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، پامىر ئېگىزلىكى ۋە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى ھەرقايسى جايلارنى بىۋاسىتە باشقۇرغان. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە پامىر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شەرقىي ئىران تىللىق قەبىلىلەر «قىرپانە بەگلىكى»نى قۇرغان. مەزكۇر بەگلىك غەربىي تىنچلاندۇرۇش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارام بولغان. جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، «قىرپانە بەگلىكى» دائىم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئەلچىلەر ئەۋەتىپ، خانلىققا سوۋغا- سالام تارتۇق قىلغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ گاۋزۇڭ شيەنچىڭ 2- يىلى (مىلادىيە 657- يىلى ) غەربىي تۈرك خانلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىن، «قىرپانە بەگلىكى» تاڭ خانىدانلىقىغا قارايدىغان بولغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنزۇڭ كەيۈەن يىللىرى (مىلادىيە 713، 741 - يىللىرى) «قىرپانە بەگلىكى» تارىخ سەھنىسىدىن يوقالغاندىن كېيىن، تاڭ خانىدانلىقى بۇيەردە «سۇڭلىڭ ھەربىي كەنتى» (سۇڭلىڭ بۇقالى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تەسىس قىلغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، تاشقورغان رايونى چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارام بولغان. چىڭ شۇنجژنىڭ 17- يىلى (مىلادىيە 1660- يىلى) بۇ رايون جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىقىغا قارىغان. چيەنلۇڭنىڭ 24- يىلى (1759-يىلى) تاشقورغان رايونىدا «سەرىكوھ

مۇسۇلمانلار مەھكىمىسى» تەسىس قىلىنىپ، بەگلىك تۈزۈمى بولغا قويۇلغان. گۇاڭ شۈنىڭ 28-يىلى (1902- يىلى) بۇ يەردە «پۇلى مۇداپىئە شۆبە ۋازارىتى» قۇرۇلۇپ (قىسقارتىلىپ پۇلى ۋازارىتى دېيىلىدۇ) يەكەن ئامبىلىغا قارام بولغان. 1912- يىلى «پۇلى ۋازارىتى» «پۇلى ناھىيىسى» قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، قەشقەر ئامبىلىغا قارىغان. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە، تاشقورغان رايونى قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىگە قارام بولغان. 1954- يىل 9- ئاينىڭ 17- كۈنى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى ۋە ھازىرقى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىگە قاراپ كەلمەكتە.

تارىخىي يازمىلاردىن قارىغاندا، مىلادىيە V ئەسىردىن ئېتىبارەن، مەيلى شىمالدىكى يايلاق مىللەتلىرى بولسۇن، مەيلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ خەلقى بولسۇن، تاجىك ئەجدادلىرى بىلەن قويۇق سودا - سېتىق مۇناسىۋىتى ۋە دوستانە باردى - كەلدى ئالاقىسىدە بولغان، بولۇپمۇ «يىپەك يولى» ئاپىرىدە بولغاندىن كېيىن، بۇ خىل مۇناسىۋەت تېخىمۇ قويۇقلاشقان. دۇنيادىكى نۇرغۇن ئەللەرنىڭ ئەمەلدار - كاتتىلىرى، راھىب - ئۆلىمالىرى، كارۋان - سودىگەرلىرى ۋە ئېكسپېدىتسىيە - تەۋەككۈلچىلىرى توختاۋسىز ھالدا بۇيەرگە مۇبارەك قەدەملىرىنى تاشلىغان ۋە خاتىرىلەر قالدۇرغان. تاشقورغان رايونىنىڭ بۇيۇك نامى ھەتتا قەدىمكى گرېك كلاسسىك يازغۇچىلىرىدىن پتولمى (تەخمىنەن مىلادىيە 90 — 168 - يىللار) ، سىترابون (تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 63 - يىلىدىن مىلادىيە 20 - يىلىغىچە) ۋە ئارىئەن (مىلادىيە 95 — 175 - يىللار) نىڭ ئالەمشۇمۇل كاتتا ئەسەرلىرىدىن ئورۇن ئالغان. دەۋر - زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دۇنيادىكى ئۈچ

چوڭ دىن (ئىسلام دىنى، خرىستىئان دىنى، بۇددا دىنى)، ئۈچ چوڭ تىل سىستېمىسى (خەنزۇ - زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى ۋە ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسى) ۋە تۆت چوڭ مەدەنىيەت سىستېمىسى (جۇڭگو مەدەنىيەت سىستېمىسى، ئىسلام مەدەنىيەت سىستېمىسى، ھىندى مەدەنىيەت سىستېمىسى ۋە گرېك - ياۋروپا مەدەنىيەت سىستېمىسى) پامىر رايونىدا ئۆزئارا ئۇچراشقان ۋە يۇغۇرۇلغان. تاجىك خەلقى بۇ خىل مۇناسىۋەت چەمبىرىكى ئىچىدە، دۇنياۋى مەدەنىيەتنىڭ ئالاھىدە تەسىرىدىن بەھرە ۋە پايدا ئېلىپ، ئۆز مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ رەڭدار قىلىپ بېيىتقان، ئوخشاشلا، تاجىكلار ياراتقان مەدەنىيەت دۇردانىلىرى بولغان تاشقورغاندىكى قەدىمكى تاش شەھەر، مەلىكە قورغان، بۇركۇت نەي ۋە تاجىك بۇركۇت ئۇسسۇلى قاتارلىقلارمۇ دۆلەت، رايون، مىللەت ۋە ئېتىقاد پاسىلىدىن ھالقىپ دۇنياغا تارالغان، سەھىپىلەردىن ئورۇن ئالغان، بۇ توغرۇلۇق ماركوپولو ( مىلادىيە 1254 — 1324 - يىللار)، ئاۋرىل ستەين ( 1862 — 1934 - يىللار)، سۋېن ھېدىن ( 1865— 1952 - يىللار) نىڭ خاتىرە - ئەسەرلىرىدە ئاجايىپ قىزىقارلىق بايان ۋە تەسىرلىك تەرىپلەر بار.

تاجىك مىللىتى ئېلىمىزدىكى بىر قەدىمكى ئۇلۇغ مىللەت. ئۇلار شانۇشەۋكەتلىك تارىخقا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە سەلتەنەتلىك مەدەنىيەتكىمۇ ئىگە. ئۇلار ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە گەرچە چەت - ياقا تاغلىق مۇھىت ئىچىدە ياشىسىمۇ، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ناچار، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي ۋە مۇلايىم، كىشلەرگە سېخىي، مېھرىبان، دوستلۇق ۋە ئىنسانىي ئەخلاق - پەزىلەتنى قەدىرلەيدىغان، كۆكسى - قارنى كەڭ بولغان بۈيۈك مىللەت. ئۇزاق تارىخىي مۇساپىدە، ئۇلار ۋەتەن تۇپرىقىنى قوغداش،

مىللەتلەرنىڭ ئىناقلىقىنى قەدىرلەش، چەت ئەل باسمىچى كۈچلىرىگە قارشى تۇرۇش جەريانىدا، زور بەدەل ۋە قۇربانلارنى بېرىپ، بىقىياس تۆھپىلەرنى ياراتقان. ئۇلار كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە مۇناسىۋەت فورمىسىدا ياخشى سۆز، ياخشى ھەرىكەت ۋە ياخشى پىكىرلەرنى تەشەببۇس قىلىپ، يامان سۆز، يامان ھەرىكەت ۋە يامان پىكىرلەرنى چەكلەيدۇ، ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى بەخت-ئىقبالىغا تولۇپ تاشقان ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارايدۇ. ئۇلار يۇرتىنى نامرات دەپ، ئۆزلىرىنىڭ پاك روھىنى نابۇت قىلمايدۇ، كەمبەغەل مەن دەپ، پاكىز قولىنى بۇلغىمايدۇ. بۇ خىل مۇشكۈلات مۇھىت، بۇ خىل نۇرانە تارىخ، بۇ خىل بىباھا ئەنئەنە، يۈكسەك ئەخلاق - پەزىلەت، تاجىك مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلىپ، بۈگۈنكى كۈندە ھەربىر تاجىك كىشىلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە، ئالغا ئىلگىرىلىشىگە، تىرىشىپ ئىزدىنىشىگە، روناق تېپىشىغا ئاجايىپ تەسىر كۆرسەتمەكتە.

## ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى

### جاپپار ياۋاسار بازار بايىپۇ

تاجىكلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇزاق يىللىق تارىخقا ۋە پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە. جۇڭگو تاجىكلىرى دۇنيا تاجىكلىرى ئومۇمىي گەۋدىسىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىدىن سۆز ئېچىشتىن ئاۋۋال، دۇنيادىكى تاجىكلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىغا نەزەر سالساق، دۇنيا بويىچە تاجىكلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 10 مىليوندىن ئارتۇق بولۇپ، كۆپ قىسمى

ئافغانىستان ۋە تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىگە تويلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، يەنى 5 مىليوندىن كۆپرەكى ئافغانىستاندا ( پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنىڭ 30% نى ئىگىلەيدۇ)، 3 مىليون 772 مىڭى تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىدە( پۈتۈن جۇمھۇرىيەت نوپۇسىنىڭ 70% نى ئىگىلەيدۇ) ئولتۇراقلاشقان. قالغان قىسمى ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، روسىيە، جۇڭگو، پاكىستان، ئىران، ھىندىستان، كەشمىر، بىنگال قاتارلىق ئەللەر ۋە رايونلاردا تارقاق ئولتۇراقلاشقان.

تاجىكلار جۇغراپىيىلىك تارقىلىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، چوڭ جەھەتتىن تۈزلەڭلىك - بوستانلىقلاردىكى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىرى «تۈزلەڭلىك تاجىكلىرى»، تاغلىق جايلار-دىكى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىرى «ئېگىز تاغ تاجىكلىرى» دەپ ئايرىلغان بولۇپ، ھازىرقى زاماندا ئۇلار «زەباك تاجىكلىرى»، «شوغنان تاجىكلىرى»، «بەرتان تاجىكلىرى»، «رەۋشان تاجىكلىرى»، «سەرقۇل تاجىكلىرى»، «ۋاخان تاجىكلىرى» نامى بىلەن يۇقىرىدىكى جايلاردا ئولتۇراقلاشقان.

ئۇزاق يىللىق تارىخقا ۋە پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولغان جۇڭگو تاجىكلىرى ئېگىز تاغ تاجىكلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئاساسى گەۋدىسى سەرقۇل تاجىكلىرى (ئەسلىدىكى ئاتىلىشى سەرىكوھ تاجىكلىرى) ۋە ۋاخان تاجىكلىرىدىن ئىبارەت. ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئېنىقلانغان نوپۇسى 40099 كىشى بولۇپ، 60% ى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىگە مەركەزلىك تويلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، قالغان 40% ى پوسكام، يەكەن، قاغىلىق، گۇما، ئاقتۇ قاتارلىق ناھىيىلەردە كىچىك دائىرىدە

توپلىشىپ چوڭ دائىرىدە تارقاق ئولتۇراقلاشقان.
ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ يىراق قەدىمدىن بۇيانقى ماكانى ۋە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاساسلىق جايى ھازىرقى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى بولۇپ، تارىختا تاشقورغان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار غەربىي خەن دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى بولۇپ، «پۇلى»دەپ ئاتالغان. شەرقىي خەن دەۋرىدە «دەرا بەگلىكى»، ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە «مەنلى»، جىن سۇلالىسى دەۋرىدە «يىرۇ»، شىمالىي ۋېي، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تاجىكلارنىڭ ئەجدادلىرى تەرىپىدىن«قىرپانە بەگلىكى» قۇرۇلغان. تاڭ سۇلالىسى تاشقورغاندا «سوڭلىڭ يەنى پامىر بوقالى» تەسىس قىلىنغان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يەكەنگە تەۋە بولۇپ، «سەرىقۇل» (سەرىكوھ) دەپ ئاتالغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «سەرىكوھ مۇسۇلمانلار كەنتى» دېگەن مەمۇرىي رايون نامى بىلەن يەكەن خان ئامبىلىغا تەۋە بولغان. 1902 – يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «سەرىكوھ مۇسۇلمانلار كەنتى» نى يەكەن خان ئامبىلى قارمىقىدىكى «پولى مۇداپىئە سوراق شۆبە ۋازارىتى» گە ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭ قەدىمكى پولى دېگەن نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. بۇ ۋازارەتنىڭ قارمىقىدا 27 كەنت تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار: تاشقورغان، چوشمان، تىزناپ، تاغارما، بەلدىر، شىندى، ۋاچا، مەرياڭ، دەفتەر، داتۇڭ، كىچىك تۇڭ قاتارلىق ھازىرقى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىگە قاراشلىق يېزا - كەنتلەردىن باشقا تويلىبۇلۇڭ، يانبۇلاق، تار، قۇززى، تارباش، ئالمالىق، سۇباش، كەڭ شىبەر، موچى، گەز، باغ، چارلۇڭ، كوسراپ، بۇلۇڭكۆل، ئويتاغ قاتارلىق ھازىرقى ئاقتۇ ناھىيىسىگە قاراشلىق يېزا - كەنتلەر بۇ ۋازارەتنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن 1912- يىلى سەرىكوھ ۋازارىتى

ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، «تاشقورغان يەنى پولى ناھىيىسى» قىلىنىپ قەشقەر ۋىلايىتىگە تەۋە بولغان. 1945 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان تاشقورغان ئىنقىلابىدىن كېيىن، تاشقورغان ۋالىي مەھكىمىسى قۇرۇلغان. 1949- يىلى جۇڭگو ئازاد بولۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پامىر ئېگىزلىكىدىكى تاجىك خەلقمۇ ئازادلىققا ئېرىشىپ، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە تاشقورغان ناھىيىسىنى قۇرۇپ چىققان. 1950 - يىل 3- ئايدا تاشقورغان ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان، 1954 - يىل 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى بولۇپ قۇرۇلغان.

ئېلىمىزدە تاجىكلار قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى (25653نەپەر)، پوسكام ناھىيىسى (3385نەپەر)، يەكەن ناھىيىسى (1985نەپەر)، قاغىلىق ناھىيىسى (1639نەپەر)، قەشقەر شەھىرى(194نەپەر) قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلىرىگە، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاقتۇ ناھىيىسى(4399 نەپەر)،ئاتۇش شەھىرى(25 نەپەر)، خوتەن ۋىلايىتى (ۋىلايەت بويىچە 917 نەپەر) نىڭ گۇما ناھىيىسى (907 نەپەر)، ئۈرۈمچى شەھىرى( 101 نەپەر)، ئىلى ۋىلايىتى (100 نەپەر)، قاراماي شەھىرى(23 نەپەر)، شىخەنزە شەھىرى(22 نەپەر)، تۇرپان ۋىلايىتى ( 7 نەپەر)، ئاقسۇ ۋىلايىتى(4 نەپەر )، بورتالا مۇڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ( 4 نەپەر) قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەرگە تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان.

ئېلىمىزدە، جۇملىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا تاجىكلارنىڭ بىر ئاپتونوم ناھىيە ۋە تۆت مىللىي يېزىسى بولۇپ، بۇ جايلاردىكى تاجىكلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى 1954- يىلى 9- ئاينىڭ 17- كۈنى قۇرۇلغان. ئومۇمىي يەر مەيدانى 67 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر (دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئىدارە قىلىنىۋاتقان يەر كۆلىمى 25 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر)، ئومۇمىي نوپۇسى 26553 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە تاجىكلار نوپۇسى 25653 نەپەر بولۇپ، ئاھالىنىڭ 87% نى تەشكىل قىلىدۇ. ھاۋاسى شالاڭ، كىلىماتى سوغۇق، ھۆل - يېغىن ئاز، ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىردىن يۇقىرى، ناھىيە مەركىزىدىن قەشقەر شەھىرىگىچە بولغان ئارىلىقى 290 كىلومېتىر كېلىدۇ. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاي — تاشقورغان بازىرى (ئەنئەنىۋى نامى ۋەرشىدى).

پوسكام ناھىيىسىگە قاراشلىق بۇيلۇق تاجىك مىللىي يېزىسى 1984- يىلى 3- ئاينىڭ 12- كۈنى مىللىي يېزا بولۇپ قۇرۇلغان، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 2401 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 2362 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە تاجىكلارنىڭ نوپۇسى 1418 نەپەر بولۇپ 44.2% نى ئىگىلەيدۇ، يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي — بۇيلۇق، پوسكام ناھىيە بازىرىدىن 23 كىلومېتىر كېلىدۇ.

يەكەن ناھىيىسىگە قاراشلىق زەرەپشات تاجىك مىللىي يېزىسى — يەكەن ناھىيە بازىرىدىن 34 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، ئازادلىقتىن ئىلگىرى چارەك يېزىلىق مەھكىمىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 - يىلى تاجىك مىللىي يېزىسى قۇرۇلغان. 1959- يىلى خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلۇپ چارەكنىڭ باشقۇرۇش رايونى قىلىنغان. 1984- يىلى 3- ئاينىڭ 12- كۈنى چارەك يېزىسىدىن ئايرىلىپ، مىللىي يېزا بولۇپ قۇرۇلغان. ئومۇمىي يەر مەيدانى 425 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 6500 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە تاجىكلارنىڭ نوپۇسى 1418 نەپەر بولۇپ، 23.7% نى ئىگىلەيدۇ. يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي —

قوزىمال.

ئاقتۇ ناھىيىسىگە قاراشلىق تار تاجىك مىللىي يېزىسى — ئاقتۇ ناھىيە بازىرىدىن 380 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بولۇپ، تارىختىن بېرى تاشقورغانغا قاراپ كەلگەن. 1954- يىلى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلۇپ، ئاقتۇ ناھىيىسى تەسىس قىلىنغاندا جۇغراپىيىلىك ئورۇنلىشىش بويىچە ئاقتۇ ناھىيىسىگە تەۋە قىلىنىپ، چارلۇق يېزىسىغا قارايدىغان بولغان، 1984- يىل 11- ئاينىڭ 15- كۈنى مىللىي يېزا بولۇپ قۇرۇلغان. ئومۇمىي يەر مەيدانى 2800 كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق، ئومۇمىي نوپۇسى 4037 نەپەر بولۇپ تاجىكلار 100% نى ئىگىلەيدۇ. يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي — باغ.

گۇما ناھىيىسىگە قاراشلىق نەۋئاباد مىللىي يېزىسى ناھىيە بازىرىدىن 86 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بولۇپ، 1984- يىل 9- ئاينىڭ 15- كۈنى مىللىي يېزا بولۇپ قۇرۇلغان. ئومۇمىي نوپۇسى 926 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە تاجىكلارنىڭ نوپۇسى 861 نەپەر بولۇپ، 93% نى ئىگىلەيدۇ. يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي — كېۋەز.

يۇقىرىدىكى تاجىكلارنىڭ مىللىي ئاپتونوم جايلىرىدا تاجىكلار ئۆزىگە خاس مىللىي مەدەنىيەت تارىخىنى ياراتقان. تاجىكلارنىڭ ئەسلىي ئانا ماكانى پامىر ئېگىزلىكى ۋە ھىندىقۇش تاغ تىزمىلىرى ئەتراپىدىكى تاشقورغان، ۋاخان، شوغنان قاتارلىق جايلاردا بولۇپ، ئۇزاق قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي چېگرىسىنى ئېچىش، ۋەتەن چېگرىسىنى قوغداپ، چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا زەربە بېرىشتە ھەم ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى بىلەن دوستانە بېرىش - كېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئالمىشىشى ۋە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشىدە

پائال رول ئوينىاپ، ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتى بىلەن ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇلار ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقى، ھاكىمىيەت تالىشىش كۆرەشلىرى، مەدەنىي مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشلەر، فېئوداللىق زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قاتارلىق تارىخىي، ئىجتىمائىي سەۋەبلەر بىلەن قوغدىنىشقا ئەپلىك تاغ جىلغىلىرىغا كۆچۈپ كېلىپ، تەدرىجىي كۆپىيىپ، ئەتراپتىكى قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە ھازىرقى بۇ جايلاردا ياشاپ كەلگەن ۋە ياشاپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ تارىخى ئومۇمىي تاجىك تارىخىنىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

# II باب تار تارىخى

## تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى

**مەدەلخان**

تار تاجىك مىللىي يېزىسى ئەسلىي ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى سەرىكوي رايونىنىڭ بىرقىسمى بولۇپ، ئېلىمىز تاجىكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ناھىيىتى قەدىمىي دەۋرلەردىن تارتىپ ھايات كۆچۈرۈپ كەلگەن رايونلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. تار تاجىك مىللىي يېزىسىدىكى تاجىكلارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى پۈتكۈل جۇڭگو تاجىكلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. ئۇنىڭ تارىخىنى سەرىكوي رايونىنىڭ تارىخىدىن ئايرىش مۇمكىن ئەمەس. ئېلىمىزنىڭ سەرىكوي رايونىنىڭ تارىخى ناھايىتى قەدىمكى زامانلارغىچە بېرىپ تاقىلىدۇ. تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى تاشقورغان يېزىسى توغلۇنشور كەنتىگە قاراشلىق جىرغال دېگەن يەردىن تېپىلغان ئىپتىدائىي ئىنسانلار پائالىيىتىگە ئالاقىدار كونا تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ مەدەنىيەت ئىزنىنىڭ تېپىلىشى سەرىكوي رايونىنىڭ تارىخىنى تۈمەن يىللاپ ئالدىغا سۈردى. 1983- يىل 8- ئايدا شىنجاڭ مۇزېيى، بېيجىڭ تەبىئەت مۇزېيى ۋە شىنجاڭ گېئولوگىيە

ئىدارىسىنىڭ رايون تەكشۈرۈش چوڭ ئەترىتىدىكى كەسپىي خادىملاردىن تەشكىللەنگەن بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى، تاشقورغان ناھىيە بازىرىدىن جەنۇبتا 34 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جىرغال دېگەن يەردىن كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىگە تەۋە بولغان مەدەنىيەت ئىزىنى تاپتى. ئەترەتنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىدا قەيت قىلىنىشىچە، بۇ مەدەنىيەت ئىزى كەم دېگەندىمۇ ھازىرقىدىن 10مىڭ يىل بۇرۇنقى ئىز ئىكەن. بۇ مەدەنىيەت ئىزى ھازىرغىچە شىنجاڭنىڭ پامىر رايونىدىن تېپىلغان ئەڭ بۇرۇنقى مەدەنىيەت ئىزى بولۇپ، ئۇ شىنجاڭنىڭ كونا تاش قورال دەۋرىگە دائىر ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت بوشلۇقىنى تولدۇردى. ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ يازما تارىخىدىن بۇرۇنقى تارىخى ۋە مۇشۇ رايوننىڭ 4- ئىراغا دائىر گېئولوگىيىلىك تۈزۈلۈشىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى زور تۈرتكىلىك رولغا ئىگە. 1976- يىل 7-، 8- ئايلاردا ۋە 1977- يىل 6- ئايدا شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى تاشقورغان ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى شامبابا (تاشقورغان ناھىيە تاشقورغان يېزىسىنىڭ ۋەرشىدى كەنتىگە قاراشلىق) دېگەن يەردىن سەرىكوي رايونىنىڭ قۇلدارلىق جەمئىيىتىگە (تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە) تەئەللۇق مەدەنىيەت ئىزىنى تاپتى. ئارخېئولوگىيە ئەترىتى بۇ يەردە قەدىمكى قەبرىلەردىن 40 قەبرىنى قازغان بولۇپ، بۇ قەبرىلەردىن بۇنىڭدىن 4000 — 2500 يىلدىن بۇرۇنقى دەۋرگىچە بولغان نۇرغۇن مەدەنىي يادىكارلىقلارنى تاپتى. 2003- ، 2004- يىلى يەنە بەلدىر يېزىسىدىنمۇ شۇ دەۋرگە دائىر نۇرغۇن قەدىمىي قەبرىلەر قېزىلىپ، خېلى كۆپ مەدەنىي يادىكارلىق ھەم

جەسەتلەر تېپىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى سەرىكوي رايونىنىڭ يازما تارىختىن بۇرۇنقى تارىخىنى چۈشىنىشتە مول ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىرغىچە تېپىلغان بۇ خىلدىكى ئارخېئو-لوگىيىلىك بايقاشلارنىڭ ھەممىسى تاشقورغان دەرياسىنىڭ ئىككى ياقىسىدا بولۇپ، تاشقورغان دەرياسىنىڭ سەرىكوي رايونىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى پەرپا بولغان ئاساسىي زېمىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ (زەرەپشان دەريا بويلىرىدا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىلمىغاچقا بۇ ھەقتە بىرنېمە دېمەك تەس). شامبابا قەدەمكى قەبرىستانلىقىدىن چىققان ئادەمنىڭ باش سۆڭىكىنى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە ئىنىستىتۇتىدىن ئاتاقلىق ئىرقشۇناس خەنكاڭشىن ۋە فەنچىفىڭ ئەپەندىلەر ياۋروپا ئىرقىي خۇسۇسىيىتىگە ئىگە دەپ بېكىتتى. بەلدىردىن چىققان جەسەتلەردىمۇ ياۋروپا ئىرقىي خۇسۇسىيىتى ناھايىتى روشەن. دېمەك، بۇ قەبرىلەردىن چىققان مەدەنىي يادىكارلىقلار تاجىك مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئەجدادى بولمىش ساك قەبىلىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇنىڭدىن ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا مۇشۇ زېمىندا ياشاپ كۆپىيىپ تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

تار تاجىك مىللىي يېزىسىدىكى تاجىكلارمۇ ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا، مۇشۇ زېمىندا ياشاپ كۆپەيگەن، تەرەققىي قىلغان، ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان ساك قەبىلىسى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاغلىق تاجىكلارنىڭ ھەممىسى ساكلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئېلىمىز تاجىكلىرى ھازىر

قوللىنىۋاتقان سەرىكوي تىلى ۋە ۋاخان تىلى كىشىلەر تەرىپىدىن ھازىرقى ھايات ساك تىلى دېيىلمەكتە. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى VIII ئەسىر ۋە VII ئەسىردە ياۋروپا ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا ساك قوۋمىنىڭ پائالىيىتى پەيدا بولدى. شۇڭا، جۇڭگو تارىخىي ماتېرىياللىرى، قەدىمكى يۇنان تارىخىي ماتېرىياللىرى، قەدىمكى پېرسىيىنىڭ نەقشى رۇستەم تاش ئابىدىسى ۋە بېھۇستۇن قىياتاش ئابىدىسىدە ساك قوۋمى توغرىسىدا خاتىرىلەر پەيدا بولدى.

ئېلىمىز تاجىكلىرى شەكىللىنىش داۋامىدا ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈردى. شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەردىن تارىم ئويمانلىقىدا ئولتۇراقلاشقانلىرى ئاساسىي جەھەتتىن شۇ يەردىكى مىللەتلەرگە سىڭىپ كەتتى. پامىر ئېگىزلىكىدە ئولتۇراقلاشقانلىرى شەرقىي ئىران تىلىنى ساقلاپ قالغان ھالدا تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ ئېلىمىز تاجىكلىرىنى شەكىللەندۈردى. ئەلۋەتتە، ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە يەنە سەرىكوينىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار(شوغنان، زىباك، ۋاخان ۋە باشقا رايونلار) دىن كۆچۈپ كېلىپ مۇشۇ جايدا ئولتۇراقلاشقان قېرىنداش خەلقلەرمۇ ئىشتىراك قىلدى. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، تار تاجىك مىللىي يېزىسىدىكى تاجىكلارنىڭ شەكىللىنىشىمۇ پۈتكۈل جۇڭگو تاجىكلىرىنىڭ شەكىللىنىش تارىخىدىن مۇستەسنا ئەمەس. ئېلىمىزنىڭ غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا ئېلىمىزنىڭ سەرىكوي رايونى پۇلى، ئىناي، ساكنا قاتارلىق كىچىك بەگلىكلەر پەيدا بولغان، مىلادىيەنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە سەرىكوي رايونىدا قىرپانە بەگلىكى قۇرۇلدى. بۇ بەگلىك بىرقانچە 100 يىل مەۋجۇت بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى

كەيىيۈن يىللىرى (مىلادىيە 741–713 - يىللىرى) دا تۈبۈتلەر تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىندى (تۈبۈت ئېلىمىزدىكى بىر قەدىمكى مىللەت بولۇپ، ھازىرقى زاڭزۇلارنىڭ ئەۋلادى) . ئۇنىڭدىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى بۇ يەردە سۇڭلىڭ بۇقالى (سۇڭلىڭ ھەربىي كەنتىمۇ دېيىلىدۇ) تەسىس قىلىپ، ئۇنى ئېلىمىزنىڭ ئەڭ غەربىدىكى ھەربىي قاراۋۇلى قىلدى. تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىن دېڭىز قاتنىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئېلىمىز تاجىكلىرى ئولتۇراقلاشقان سەرىكوي رايونىدىن ئۆتىدىغان قۇرۇقلۇقتىكى يىپەك يولى ئۆزىنىڭ شەرق - غەرب قاتنىشىدىكى مۇھىملىقىنى يوقاتقانلىقى ئۈچۈن، سەرىكوي رايونى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر يوقىلىپ كەتتى. سۇڭ ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە سەرىكوي رايونى توغرىسىدا ئۇنىڭ خوتەنگە قارايدىغانلىقى يېزىلغاندىن باشقا، يەنە پەقەت «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» دېگەن كىتابتا جەبەنويانىنىڭ تۇرشاۋۇلى ئىسمائىلنىڭ كۆچلۈكخانىنى قوغلاپ سەرىكويدا (سەرىكوي دېگەن نام تۇنجى قېتىم مۇشۇ كىتابتا قەيت قىلىنغان) تۇتۇۋالغانلىقىلا خاتىرىلەنگەندىن تاشقىرى، باشقا خاتىرىلەرنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئەمما، بۇ دەۋر تاجىكلارنىڭ شەكىللىنىشىدە ناھايىتى مۇھىم دەۋر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەرەب ئىستېلاسىدىن كېيىن تاجىكلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاجىكلار ئەجدادلىرى تاھىرىلەر سۇلالىسى، ساخارىلەر سۇلالىسى ۋە سامانىيلار سۇلالىسى قاتارلىق سۇلالىلەرنى قۇردى، بولۇپمۇ سامانىيلار سۇلالىسى تاجىكلار تارىخىدا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. سامانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە تاجىكلارنىڭ بىر مىللەت بولۇپ ئۇيۇشۇش جەريانىنى ئورۇندىدى. تاجىكلار ھەممىسى ئىسلام

دىنىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەرەب تىلى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەش داۋامىدا بىرلىككە كەلگەن تاجىك ئەدەبىي تىلى ـ دارى تىلى شەكىللەندى. بۇ تىل تاجىك مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى يۈكسەك پەللىگە كۆتۈردى.

موڭغۇللار ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، سەرىكوي رايونى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قىسىم رايونلار بىلەن بىرلىكتە، چاغاتايخانىغا سۇيۇرغۇل قىلىندى. ئېلىمىزنىڭ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە سەرىكوي رايونى يەكەن سەئىدىيە خانلىقىغا تەۋە بولۇپ، سەئىدىيە خانلىقى ھاكىمبەگ تەيىنلەپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. سەئىدىيە خانلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ۋە تەبىرىقچىلىك سەۋەبىدىن سەرىكوي رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئېغىر ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچار بولدى. خەلق رىۋايەتلىرىدە بۇ دەۋرلەردە ئىران زېمىنىدىن سەئىد سوراب ۋەلى ئىسمىلىك ئىسمائىلىيە تەرغىباتچىسى سەرىكوي رايونىغا كېلىپ بۇ يەرنىڭ ھاكىمبەگلىك ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالغان ھەم مىلادىيە XI ئەسىردە بۈيۈك ئىسمائىلىيە پەيلاسوپى ۋە شائىرى ھەكىم ناسىر خىسراۋ تەرىپىدىن تارقىتىلغان ئىسمائىلىيە ئېتىقادىنى يەنىمۇ چىڭىتقان. سەئىد سوراب ۋەلى (قىسقارتىپ، سەئىد سالى دەپ ئاتىلىدۇ) سەرىكويدا بىرقانچە ئەۋلادقىچە ھاكىمبەگلىك قىلغان.

1759- يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، شىنجاڭدا ئىلى سانغۇن مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، پۈتكۈل شىنجاڭنى ھەربىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرغان. سەرىكوينىڭ

ھاكىمبېگى مۇرادبەگ سەركويىنىڭ ئاھالە ۋە يەر - زېمىن سانىنى ئوردىغا مەلۇم قىلىپ ئەنگە ئالدۇرغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى سەركويدا يەكەن خان ئامبىلىغا قاراشلىق سەركوي مۇسۇلمانلار دىيارى مەھكىمىسى تەسىس قىلغان، سەركوي مۇسۇلمانلار دىيارى مەھكىمىسىگە ھازىر تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىگە قاراشلىق جايلار قارىغاندىن باشقا يەنە ھازىرقى تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ پۈتكۈل زېمىنى تەۋە قىلىنغان ئىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەلىفبەگنى سەركوي باش بەگلىكىگە تەيىنلەش توغرىسىدىكى پەرمانىدا سەركوي مۇسۇلمانلار دىيارى مەھكىمىسىگە قاراشلىق 19 يېزا كەنت تىزىملىكى ئىچىدە ھازىرقى تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ ئالمالىق قاتارلىق يېزا - كەنتلىرىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان («چىڭ ۋىنزوڭ ئوردا خاتىرىلىرى»، گۇاڭشۈنىڭ 3 - يىلى مىلادىيە 1877 - يىل 12- ئاينىڭ 23- كۈنى). 1884 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ ھەربىي تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ ئۆلكە تەسىس قىلىپ، ئۇنىڭ ئاستىدا ۋىلايەت، مەھكىمە، ۋازارەت، ئايماق، ناھىيە قاتارلىق ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلارنى تەسىس قىلدى. 1902- يىلى سەركويدا يەكەن مەھكىمىسىگە قاراشلىق «پۈلى مۇداپىئە ھۆكۈم شۆبە ۋازارىتى» تەسىس قىلىدى. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ناملىق كىتابتا پۈلى شۆبە ۋازارىتىگە قاراشلىق يېزا - كەنتلەر تىزىملىكىدە ھازىرقى تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ ئالمالىق، تار، باغ كەنتلىرى تىلغا ئېلىنغان («شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، مەمۇرىي ئورگان تەزكىرىسى IV- توم 12-، 16- بەتلەر). شۇ كىتابتا يېزىلىشىچە پۈلى ۋازارىتىدە شۇ ۋاقىتتا سەركوينىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى

7000 دىن ئارتۇق بولۇپ، بۇنىڭدىن تاجىكلار 5000، بۇيرۇت (قىرغىز)لار 2000 ئىكەن. تار يېزىسىدىكى تاجىكلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئېلىمىز زېمىنىدا قەدىمدىن ياشاپ كەلگەن ئاھالىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، يەنە بىر قىسمى بولسا، سەرىكوي رايونىغا قوشنا بولغان ۋاخان، شوغنان، زىباك ۋە باشقا جايلاردىن تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن كۆچۈپ مۇشۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە تەدرىجىي ھالدا يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن بىرلىشىپ بىر گەۋدە بولغان ئاھالىلەردۇر، بولۇپمۇ XI X ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا چارروسىيە ۋە ئەنگلىيە جاھانكىرلىكى پامىر رايونىدا تەسىر دائىرە تالىشىپ، ئېلىمىزنىڭ پامىر رايونىنى ئۆزئارا بۆلۇشۇۋالدى. ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ كۇشكۇرتۇشى بىلەن، ئافغانىستان ئەمىرى ئابدۇراھمان ۋاخان رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ۋاخان ئەمىرى شاھ ئەلى مەردانىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندە، كۆپ ساندىكى ۋاخان ئاھالىلىرى زۇلۇمغا چىدىماي پىتىراپ قېچىپ كەتكەن. نۇرغۇن ۋاخان ئاھالىلىرى ئېلىمىزنىڭ سەرىكوي رايونىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان، يەنە بىر قىسمى بولسا ھەتتا قاغىلىق، گۇما ناھىيىلىرىنىڭ تاغلىق رايونلىرىغا بېرىپ ئولتۇراقلاشقان. تار يېزىسىدىكى ئۆزىنى «ۋاخان كەتۇر» دەپ ئاتايدىغانلار ئەنە شۇ دەۋرلەردە كۆچۈپ كېلىپ تاردا ئولتۇراقلىشىپ قالغانلارنى كۆرسەتسە كېرەك. بۇ يەردە ئىزاھلاشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، تاجىك تىلىدىكى «كەتۇر» دېگەن سۆز ئادەتتە بىرەر جەمەتنى كۆرسىتىدۇ، لېكىن تار يېزىسىدا بۇ «كەتۇر» دېگەن سۆز بىرەر جەمەتنىمۇ (مەسىلەن مەمەتخالىق، گۇلىستان، غەزىبەگ، ئەلىيار قاتارلىق) ھەم شۇ ئاھالىلەرنىڭ ئەسلىدىكى يۇرتىنىڭ نامىنىمۇ (ۋاخان، بالتى قاتارلىقلار) كۆرسىتىدۇ.

شۇڭا، ئۇنى ئاددىي ھالدا قەبىلە دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئىلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىدا ھازىر يەنىلا «كەتۈر» دېگەن بۇ ئاتالغۇ مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەرگىز قەبىلە ئەمەس. ئۇ ئىككى خىل مەنىگە ئىگە: بىرى، بەزى جەمەتنى، يەنە بىرى، بىرەر يۇرتتىن كۆچۈپ كەلگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئىلىمىزدىكى تاجىك مىللىتى ئۆزىنىڭ شەكىللىنىپ تەرەققىي قىلىشى داۋامىدا قايسى جەمەتكە تەۋە بولۇشى ياكى قايسى يەردىن كۆچۈپ كەلگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ، پۈتۈن بىر گەۋدە بولۇپ قالدى. ئۇ يەنە ئىلىمىزدىكى 56 مىللەتتىن تەركىب تاپقان جۇڭخۇا چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئايرىلماس بىر چوڭ ئەزاسى. تار تاجىك مىللىي يېزىسىدىكى تاجىك ئاھالىلىرى ئىلىمىز تاجىك مىللىتىنىڭ پۈتۈن بىر گەۋدىسىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى.

تار تاجىك مىللىي يېزىسى كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ ئەڭ غەربىي چېتىدىكى ئانا دەريا تارىمنىڭ ئەڭ يىراق تارماقلىرىدىن بىرى بولغان تاشقورغان دەرياسىنىڭ ياقىسىدىكى چوڭقۇر جىلغا ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، دەريانىڭ ئىككى ياقىسىدىكى پارچە - پارچە يەرلەر شۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان ئەمگەكچان خەلقنىڭ قولى بىلەن كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان باغۇبوستانلىق كەنتلەرگە ئايلانغان. دەريانىڭ شاۋقۇنلۇق ئېقىنى بۇ كەنتلەرگە مەڭگۈلۈك پۈتمەس - تۈگىمەس ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلغان. تار پامىر ئېگىزلىكىدىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدە (پامىردا تاغلار دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز بولغىنى بىلەن نىسبەتەن تەكشى، ھاۋاسى سوغۇق، تاردا بولسا تاغلار تىك قىيالىق، جىلغا چوڭقۇر، دېڭىز يۈزىدىن نىسبەتەن پەس، تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا باب كېلىدۇ. گېئوگرافىيىلىك تۈزۈلۈشكە ئىگە بولۇپ، تار خەلقى ئۆزىنىڭ

ئاجايىپ پاراستى، ئەمگەكچان ئىككى قولى بىلەن چىمەنزار باغۇبوستانلارنى بەرپا قىلىش بىلەن بىللە، شۇ تەبىئىي شارائىتقا باب كېلىدىغان ئۆزگىچىلىككە ئىگە مەدەنىيەت ياراتقان. بۇ مەدەنىيەت ئىلىمىز تاجىك مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى. ئۇنى قېزىپ، تەتقىق قىلىش ۋە شۇ ئاساستا داۋاملىق گۈللەندۈرۈش تاجىك مەدەنىيىتى تەتقىقاتى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان تېما.

تارىخ تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى دەۋرگە كەلگەندە، ئىلىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى. ئۇ ئىلىمىز تاجىك خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ ماددىي مەدەنىيىتى ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئەڭ ياخشى پۇرسىتى ۋە كاپالەت بىلەن تەمىن ئەتتى. ئىشىنىمىزكى، جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىدە جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم بەرپا قىلىش كۈرىشى داۋامىدا تاجىك خەلقى، جۈملىدىن تار خەلقى مىسلى كۆرۈلمىگەن سۈرئەت ۋە غەيرەت بىلەن ئىلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىپ، تېخىمۇ ھەشەمەتلىك ۋە پارلاق يېڭى تارىخىي سەھىپە يارىتالايدۇ. بىز تار خەلقىنىڭ يۇرتىنى گۈللەندۈرۈش يولىدىكى غەيرەت — شىجائىتىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتۇپ، جاپالىق ئەجرىنىڭ قۇت، بەرىكەتلىك بولۇشىغا تىلەكداشمىز!

## تار تاجىكلىرىنىڭ تارغا كېلىش سەۋەبلىرى

**تۇدىبەگ مۇھەممەتبەگ**

تار تاجىكلىرىنىڭ كەتۇر قارىشىدىن قارىغاندا، تار

تاجىكلەرنىڭ 90% ىنىڭ تارغا كېلىپ ئىگىلىك تىكلەپ ئولتۇراقلاشقىنىغا 400 يىل ئەتراپىدا بولدى. بەزىبىر تارىخىي ماتېرىيال ۋە ئوقۇمۇشلۇق زاتلاردىن ئىگىلىشىمىزچە تارنىڭ كۆپ قىسىم ئاھالىسى ئافغانىستاننىڭ بەدەخشان رايونىدىن كەلگەن. ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىش سەۋەبىنى مۇنداق ئىككى تەرەپكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

## 1. مىللىي زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىدىن كەلگەن

باباجان غاپوروفنىڭ «تاجىكلار تارىخى» دېگەن يىرىك ئەسىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، بەدەخشان رايونى خىۋە خانلىقىغا قىسمەن دەرىجىدە بېقىندا بولغاندىن كېيىن (16- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا)، خىۋە خانى سوبىھان كولخان سىياسەت ئىجرا قىلىش جەريانىدا بەزى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا يەرلىك فېئوداللارنىڭ قارشىلىقىنى يېڭەلمىدى. سوبىھان كولخان ئېلىپ بارغان ئۇزلۇكسىز ئۇرۇش ئەمگەكچى خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ۋە ئېزىشنى كۈچەيتىش ئاقىۋىتىنى پەيدا قىلدى. بويسۇنمىغان فېئودallارغا قارشى جەڭ قىلىش ئۇچۇن، كۆپلىگەن پۇل، مال - مۇلۇك لازىم بولاتتى، شۇڭا ئۇ ئاھالىلەردىن يەتتە يىللىق باجنى مۇددەتتىن بۇرۇن يىغىۋالدى. شۇ چاغدا دۆلەت ئەنە شۇنداق ئېغىر ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقانلىقى ئۇچۇن، بۇنداق تۇزۇمنىڭ يولغا قويۇلۇشى خەلققە تېگىلغان، خەلق زادىلا كۆتۈرەلمەيدىغان ئېغىر سېلىق بولدى. باج - سېلىقلىرىنى يىغىۋالغاندا ساختىپەزلىك، خىيانەتچىلىك قىلمىشلىرى خەلق ئامىمىسىنىڭ خانىۋەيران بولۇشىنى تېزلەتتى. سەمەرقەند يازغۇچىسى مالغا ئۆزىنىڭ «تاللانمىلار» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئەگەر مەلۇم بىر كىشى بىر تەڭگە تاپشۇرىدۇ دېسەك،

ئۇ جەمئىي يەتتە تەڭگە تاپشۇردى. ھەرقايسى دىۋانلارنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە ئەربابلار تەمىنلىنىدىغان خىراجەت 70 ھەسسە ئاشتى. شەخسلەرنىڭ يېرىدىن ئېلىنىدىغان يەر بېجىمۇ شۇنداق ئېغىر بولدىكى، يەر ئىگىلىرى ھەقسىز ئۆتۈنۈپ بەرگەن بولسىمۇ، ئۇ يەرنى ھېچكىم ئالمىدى.» مانا مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا، خەلق ئىگىلىكى مۇئەسسەسەلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن بولماي قالدى، ھەتتا قول سانائەتچىلەرمۇ چوڭ - كىچىك فېئوداللارنىڭ ھەرخىل زۇلۇملىرىغا ئۇچراپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر تۈركۈم تاجىكلار ئۆز يۇرتلىرىنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. شىمالىي ئافغانىستاندىكى يەنە بىر قىسىم تاجىكلارمۇ يۇرتلىرىنى تاشلاپ كۆچۈپ كەتتى. بۇ قېتىمقى كۆچۈشتە ھەتتا چوڭ - چوڭ شەھەرلەردىمۇ ئادەم ئۇچراتقىلى بولمايدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى.

مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتا تار تاجىكلىرى ئاشۇنداق مىللىي زۇلۇمنىڭ تەسىرىدىن تارغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان دەپ قاراشقا بولىدۇ.

## 2. ئۇرۇش، نىزا تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان

بۇ خىل قاراش مەشھۇر تارىخشۇناس روشەنئەلى ھەزىيار ( 1864- 1930) نىڭ تار تەزكىرىسىدىمۇ تىلغا ئېلىنغان. مۇبادا بۇنىڭ ئاساسى بار دېيىلسە بۇ ۋاقىت 1584- يىلىدىكى بۇخارا خانى ئابدۇللاخان ( 1583 – 1588 - يىللار تەختتە ئولتۇرغان) نىڭ بەدەخشانغا يۈرۈش قىلىپ بۇ جاينى بېسىۋېلىشىغا توغرا كېلىدۇ. «تار تەزكىرىسىدە ئېيتىلىشىچە، تارغا كەلگەن بەزى كىشىلەر ئافغانىستاندىكى يەرلىك ئەۋلادلاردىن بولۇپ، بۇ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كەلگەن» دېيىلگەن، «چۈنكى بۇ ۋاقىتتا بۇخارا

خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇللاخان بەدەخشانغا يۈرۈش قىلىپ بۇ جاينى تامامەن بېسىۋېلىپ، تۆمۈر خاندانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە قالدۇق ھاكىمىيىتىنى يوقاتقان.»
مۇبادا تاردىكى بەزى قوۋملار راستتىنلا بەگ ئەۋلادىدىن بولسا، ئۇلارنىڭ تارغا كېلىش ۋاقتى ۋە سەۋەبى يۇقىرىقىدىن ئىبارەت خالاس. لېكىن، تار تاجىكلىرى بىرلا ۋاقىتتا بىرلا جايدىن تارغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئەمەس. ئۇلار ئوخشاش بولمىغان تارىخىي شارائىتتا يەنە بىر رايوندىكى ئوخشاش بولمىغان جايلاردىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ ئىگىلىكىنى تىكلەپ تارنىڭ ھازىرقى تاجىكلىرىنى شەكىللەندۈرگەن.

## تاردىكى مەدەنىيەت ئىزنالىرى

تار قەدىمىي چوڭ قاتناش يوللىرىدىن يىراقراق بىر خىلۋەت جاي، شۇڭا كونا تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت ئىزنالىرى ئازراق ھەم دائىرىسى بىرقەدەر كىچىك. شۇنداق بولسىمۇ بۇ يەردە قەدىمكى زاماندىكى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئىزنالىرى ساقلانغان.

### 1. دۇم — دۇم ئۆڭكۈر مەدەنىيەت ئىزناسى

بۇ يەر تار يېزىسىنىڭ ئالمالىق كەنتىدىن 3 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جىلغا ئىچىدىكى بىر ئۆڭكۈرگە جايلاشقان. بۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزى كىچىك، ئىچى كەڭرى بولۇپ، ئىچى (يەر يۈزىمۇ) بىر قەۋەت ئاق ئۇيۇلتاش قاتلىمىدىن تۈزۈلگەن. بۇ ئاق تاش قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى 1 — 2 سانتىمېتىر ئەتراپىدا. يەر يۈزىدىكى بۇ ئاق تاش قاتلىمى بىرقەدەر يۇمشاق تۈزسىز جىنس،

ئىچكىرىلەپ كىرگەندە يەر ئاستى تىك تۈت بۇلۇڭ شەكلىدىكى كىچىك ـ كىچىك بۆلەكلەرگە بۆلۈنگەن. ھەربىر بۆلەكنىڭ تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 11 — 12 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، ھەربىر بۆلەك ئارىلىقى يەنە شۇ خىل ئاق تاش بىلەن ئايرىلغان. تەخمىنەن يەر يۈزىدىن 1.10 مېتىر ئەتراپىدا ئىچكىرىلەپ كىرگەندە ئادەم سۆڭەكلىرى، ئاز ـ تولا كۆل قاتلىمى چىققان. ئەمما، بۇيەر 80- يىللاردا غايەت زور دەرىجىدىكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاچقا، كۆپلىگەن مەدەنىيەت ئىزنالىرى يوقاپ كەتكەن . پەقەت بىر تاش ئاياق(ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن ) ، بىرتاش پالتا (ئۇستى تەرەپ تولۇق ئەمەس) ، مۇكەممەل ئىككى تاش رومكا چىققان . بۇ رومكىلار خېلى سىپتا ئىشلەنگەن . قارىغاندا بۇ ئۆڭكۈردە خېلى بۇرۇنلا ئىنسانلارنىڭ ياشىغانلىقىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن.

دۇم — دۇم ئۆڭكۈرى ئادەملەرنىڭ ياشىشىغا تولىمۇ ماس كېلىدۇ. 40 كۋادرات مېتىرلىق بۇ ئۆڭكۈر ئىشىكىنىڭ كەڭلىكى 1.5 مېتىر، ئېگىزلىكى 1.8 مېتىر بولۇپ، قىش كۈنلىرى بىرقەدەر ئىسسىق ھەم كۆنگەي، ئۇنىڭ ئورنىدىن قارىغاندا ئۆڭكۈرنى بايقاش ئاسانغا چۈشمەيدۇ.

## 2. بەشكەنت مەدەنىيەت ئىزى

بەشكەند — مۇرەككەپ ئورۇن بولۇپ، ئالمالىق كەنتىدىن بىر كىلومېتىر غەربىي شىمالغا جايلاشقان بىر دېھقانچىلىق ئورنى. 2002- يىل 2- ئايدا يەكەن ـ تاشقورغان تاشيولىنى ياساش جەريانىدا بىر ئۆڭكۈرنىڭ ئەتراپىنى كولاۋاتقاندا بىر قىسىم تاشتىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ پارچىلىرى چىققان. بۇلاردىن بىر- قەدەر مۇكەممەل چىققىنى بىر تاش قازان ( قۇم قۇيما قازان بولۇشى مۇمكىن) بولغان. بۇ يەرنىڭ ئورنى 20 كۋادرات مېتىر

ئەتراپىدا كېلىدۇ. يول ياساش جەريانىدا پەيدا بولغان كىچىك يارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قەۋەت كۆل قاتلىمى ۋە ياغاچ كۆمۈر ئارىلاشقان قاتلام بار. قاتلامنىڭ قېلىنلىقى 150 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. شۇ قېتىملىق يول ياساش جەريانىدا بۇ يەر ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان.

### 3. كەلكۈزدىكى كۆل قاتلىمى

بۇ يەر باغۇزى كەنتىدىن 3 كىلومېتىر غەربتىكى بىر دۆڭگە جايلاشقان، كۆل قاتلىمى كەڭ، بىر مو ئەتراپىدا كېلىدۇ. 1993- يىلىدىكى يول ياساش جەريانىدا زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. قالغان بىر قىسمى 1998- يىلى كۆزدە ئۆستەڭ قېزىش جەريانىدا يەنە بۇزۇۋېتىلگەن. لېكىن، قاتلىمىنىڭ دائىرىسى بىرقەدەر كەڭ بولغاچقا، يەنە مۇكەممەل ساقلانغان يەرلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

1993- يىلى يول ياساش جەريانىدا بىرنەچچە تاش پالتا (ئاساسەن پەرق ئېتىش تەس) ۋە بىر ھېجىر (پارچىلىنىپ كەتكەن) چىققان. بۇ نەرسىلەر باشقىلار تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەن. مۇشۇ يەردىن 100 مېتىر شەرقتە بىر تاغ ئۆڭكۈرىدە ھايۋانات قىغى ۋە كۆل قاتلىمى بار.

### 4. ئۇرۇمقۇرۇم قەبرىستانلىقى

بۇ يەر يېزا مەركىزىدىن 5 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇزى كەنتىنىڭ ئورۇمقۇرۇم دېگەن يېرىدە. 1967- يىلى بىر كىشى يەرلىك كولاۋاتقاندا بۇ يەردىن ھەر خىل تاش ئاياق، تاش چىنە قاتارلىق نەرسىلەر چىققان. بۇ نەرسىلەرگە ئات ۋە قۇشلارنىڭ ناھايىتى سۇس سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بىر قېتىملىق كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەرگەن دېيىلىدۇ. چۈنكى، بۇ

يەردىكى بەزى جايلارنى كولىغاندا ئادەملەرنىڭ پۈتۈن ھالەتتە ئولتۇرغان ياكى قىيسايغان ھالىتىنى كۆرگەنلەر بار ئىكەن. بۇ قىياسنى ئاساسسىز دېگىلى بولمايدۇ، چۈنكى بۇ يەرنىڭ ئورنى چوڭ ھەم كەڭ بولغان جىلغا ئېغىزىغا توغرا كېلىدۇ.

## 5. ئالمالىق قەبرىستانلىقىدىكى يادىكارلىقلار

بۇ قەبرىستانلىق ئالمالىق كەنتىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ باغرىغا جايلاشقان. 1987- يىلى كىشىلەر ھېچقانداق قەبرە ئىزناسى بولمىغان بىر جايدىن يەرلىك ئېلىۋاتقاندا ئېگىزلىكى 31 سانتىمېتىر، ئايلانمىسى 40 سانتىمېتىر ئەتراپىدا تولۇق ھەم مۇكەممەل بىر كوزا چىققان. كىشىلەر بۇنداق ئەھۋالنى تۇنجى قېتىم ئۇچراتقاچقا، بۇ «مۆجىزە»گە ھەيران قالغان ۋە داۋاملىق كولاشقا جۈرئەت قىلالمىغان، ھېلىقى كوزىنى شۇ يەردىلا تاشلىۋەتكەن. ئارىدىن بىرەر يىل ئۆتۈپ بۇ ساپال كوزا سۇنۇپ كەتكەن، بۇ كوزىنىڭ پارچىلىرىمۇ ئاشۇ جايدا ساقلانماقتا. ھازىرقى پارچىلىرىدىن قارىغاندا ساپال يۈزى بىرقەدەر سىلىق، ئەمما خامراق پىشۇرۇلغان.

## 6. باغۇزى كەنتىدىكى ئىزلار

باغۇزى كەنتىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تاغ باغرىدا ئىككى جايدا قەبرىستانلىق بار. بىرسى «يارتى» قەبرىستانلىقى. بۇ ئورۇننىڭ نامى قەبرىستانلىق بولسىمۇ، بىرەر قەبرە ئىزى كۆزگە چېلىقمايدۇ. 1930- يىللىرى بۇ كەنتتىكى سەبدەرخان (ھازىرمۇ ھايات) دېگەن كىشى ئاتىسىنىڭ ئاغزىدىن بۇ يەردە «خەزىنە» بار دېگەن گەپنى ئاڭلىۋېلىپ ( ئۇ چاغدا ئۇ كىشى 11 ياشلار ئەتراپىدا ئىكەن) سىڭلىسى بىلەن بۇ يەرنى كولاپ بىر ساپال قازاننى چىقارغان، ئەمما سۇندۇرۇۋەتكەن. ئۇ كىشىنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ

قازان قوم ئارىلاشتۇرۇلغان لايدىن پىشۇرۇلۇپ ياسالغان بولۇپ، كۆرۈنۈشى قوپال راق ئىكەن.

يەنە بىرى، ھازىرقى چوڭ قەبرىستانلىق. چوڭ ئېقىن بويىدىكى بىر قەدىمىي قەبرىگە 1998- يىلى سۇ كىرىپ كېتىپ ئۈچ پارچە كوزا پارچىسىنى ئېقىتىپ چىققان. كېيىن يەنە تۆت پارچە ساپال پارچىسى بايقالغان. كېيىن بۇ قەبرىنى سۇ ۋەيران قىلىۋەتكەچكە باشقا ھېچقانداق نەرسە تېپىلمىدى. بۇ قازان ۋە كوزا پارچىلىرى بىرقەدەر قوپال ئىشلەنگەن، پىشۇرۇلۇشى خام بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئومۇمەن بۇ ساپال بۇيۇملار قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان. قارىغاندا بۇ بۇيۇملار مېيىتقا قوشۇپ دەپنە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇچۇرلار دائىرىسى بىرقەدەر تار، شارائىت چەكلىمىسى نەتىجىسىدىن تەكشۈرۈش ۋە يېڭى بايقاشلارغا ئېرىشىش قىيىن.

### 7. قۇزىزى كەنتىدىكى پەنچ مازار

يەر يۈزىدىن 2000 مېتىر ئېگىز بولۇپ، بۇ يەرگە 40- يىللىرى ناسىر ئەلى دېگەن كىشى چىقىپ كۆرگەن. تاغ ئۈستىدە قول پەنجىسىگە ئوخشايدىغان تاغ، تۆگە، قوچقار، بۈركۈت قاتارلىقلارنىڭ تاشقا ئايلانغان سۈرىتى بار ھەمدە كېيىك تېرىسىدىن نىشان سۈپىتىدە تىكلەنگەن سۇمان بار. يېزا مەركىزىگە 7 كىلومېتىر كېلىدۇ.

## تار تارىخىي خاتىرىلىرىدىن قىسقا قۇرلۇق چاتما بايانلار

### رەخمان ئارزى، باتۇرجان ئاتىخان

پۇتكول سەركۆھ رايونىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى

ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، چەت ئەل جاھانگىرلىرىنىڭ، تاجاۋۇزچىلارنىڭ ۋە چەت ئەل بۇلاڭچىلىرىنىڭ ئۇزلۇكسىز تالىشىپ تۇرىدىغان ھۇجۇم نىشانى بولغان. شۇڭا، بۇ رايوندا يۈز بەرگەن قانلىق كۈرەش تارىخلىرى ۋە نۇرغۇنلىغان تارىخى خاتىرىلەر، تارىخى ئىزنالار تاجىك خەلقىنىڭ ۋەتەننى قوغداش يولىدىكى تارىخى ئابىدە بولۇپ ساقلانماقتا.

تاجىك خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ھايات مۇساپىسىدە مول ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرىنى يارىتىش بىلەن بىرگە، ئىتتىپاقلىشىپ قانلىق كۈرەشلەرنى قىلىپ، چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرى ۋە بۇلاڭچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى، چېگرا ۋە چېگرا مۇداپىئەسىنى قوغداش قاتارلىق تارىخى شەرەپلىك ئەنئەنىلەرنى ياراتقان. بۇلار سەرىكۇل دىيارىدا نۇرغۇنلىغان تارىخى يادنامە خاراكتېرلىك رىۋايەتلەرنى قالدۇرغان. رۇستەم پالۋان قەبرىسىنىڭ رىۋايىتى، ئافراسىياپ تېغىنىڭ رىۋايىتى، قىز قورغان رىۋايىتى، شاھ خىسراۋنىڭ پەرھات ئۆستىڭى رىۋايىتى، نۇرغۇنلىغان تۇرالار (قارۇل دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، دىنىي تۇس ئالغان مازارلار، قەدىم جايلار، شاھ ئەۋلىيا (ئەبۇ ناسىر سامانى) مازىرى، يىپەك يولىدىكى قەدىمىي ئۆتەڭ قونالغۇسى، يارتى گۈمبەز قاتارلىق مەدەنىي يادىكارلىقلار خەلقىمىزنىڭ قانلىق كۈرەش تارىخىنى ئەسلىتىدىغان ۋە سۆپەتلەپ بېرىدىغان تارىخى يادنامىلەر زامان - زامانلاردىن بېرى ھاسىل بولۇپ تۇرماقتا.

▼ مىلادىيە 1254- يىلىدىن باشلاپ ئىران، ئافغانىستان، بالتىستان، تاجىكىستان، ۋاخان قاتارلىق جايلاردىن تارغا كۆچمەنلەر كېلىشكە باشلىغان ھەم بۇگۈنكى تار ئاھالىسىنى شەكىللەندۇرگەن.

▼ مۇشۇ مەزگىلدە سەرىكۇلنىڭ شەرقىي شىمالى

قىسمىدىكى تار يېزىسىمۇ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرى ۋە بۇلاڭچىلىرىنىڭ زوراۋانلىق قانلىق توقۇنۇشلىرىدىن خالىي بولالمىدى، بولۇپمۇ قوقان باسمىچىلىرى ۋە ئالاي بۇلاڭچىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن تار دىيارىغا كېلىپ ئادەم ئۆلتۈردى، كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇلىدى، ئادەملەرنى ئولجا ئېلىپ قۇل قىلدى، يەر زېمىنىنى بېسىۋېلىپ كىچىككىنە تار جىلغىسىنىڭ ئىچىگە قاماپ قويدى.

يۇرتىنىڭ بۇنداق بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنىشىغا چىداپ تۇرالمىغان باتۇر ئەزىمەت تاجىك خەلقى ھەرۋاقىت قوللىرىغا قورال ئېلىپ، قابىل باشلارنى تەشكىللەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق قانلىرى بىلەن خەلقنى، ۋەتەننى قوغدىدى. بۇ تارىخىي يادنامىلەر، تارىخىي ئىزلار زامان ـ زامانلاردىن بىرى كىشىلەر ئارىسىدا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ كەلمەكتە ۋە ساقلانماقتا.

▼1766- يىللىرىدىن باشلاپ، پاكىستاننىڭ شىمالىي رايونى ھونزا (كەنجۇت) بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئورنىتىلىشقا باشلىغان. بۇ خىل مۇناسىۋەت 1889- يىلىغىچە داۋاملاشقان. شۇ مەزگىللەردە كەنجۇتلۇقلار تارغىمۇ قەدەم بېسىپ، تاردىكى بىر قىسىم تاغ يوللىرىنى ياسىغان.

▼ 1800 ـ يىللىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تاردا دىنىي ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئالمالىق كەنتىدە بەگمە باي ئەلەم، باغۇزى كەنتىدە موللا مۆمىن، باغ ـ بەلدىر كەنتىدە موللا خۇشال، تۇردى موللا، قۇززى كەنتىدە چاۋار موللام قاتارلىقلار ئۆز جايلىرىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنى دىنىي ئىلىم بىلەن تەربىيىلىگەن.

▼X VII ـ ئەسىرگە كەلگەندە خان شىرداق قوشۇننى ۋە قورال ـ يارىغىنى كۆپەيتىپ كېلىپ، چۇمبۇسنىڭ چوڭ تىرەكتىكى بەگمە

باي بىلەن بىرلىشىپ «تەگ ناچەۋگ»، «تىرارابات» يايلاقلىرىدا چارۋا بېقىۋاتقان چارۋىچىلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدۇ، چاۋار II بىلەن ئالاي باسمىچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى جەڭدە خان شىرداق ئۆلتۈرۈلۈپ ئالايچىلار جېنىنى ئېلىپ قاچىدۇ.

▼ XVIII- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تار خەلقى تۇردىھاجى باشچىلىقىدا قوزغىلىپ، تاشقورغان ئامبىلىغا ئەرز سۇنۇپ دەۋا ئېلىپ بارىدۇ. بىرنەچچە كۈن دەۋا مۇنازىرە ئېلىپ بېرىپ نۇرغۇن تارىخىي دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن تارنىڭ زېمىنى قايتۇرۇپ ئېلىنىدۇ. بۇ دەۋا ھۆججەتلىرى ئۇرۇمچى جاڭجۈڭ مەھكىمىسىنىڭ تامغىسى بېسىلغان، خەرىتىلەشتۈرۈلگەن رەسمىي ھۆججەتلەر. ئەمما، بۇ ھۆججەتلەر بېرىپ كەلگۈچە نۇرغۇن ئورۇنلاردا دۈشمەنلەر تەرىپىدىن يول توسۇلۇپ تارتىۋېلىش كويىدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن دانا چارە ــ تەدبىرلەر بىلەن دۈشمەن قولىغا چۈشمەي ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن ئىجرا قىلىنىدۇ. لېكىن، تۇردىھاجى بىر مەككار ئايالنىڭ قولىدىن زەھەر بېرىلىپ، 1900- يىللىرىدا 54 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

▼ 1890- يىلى تاردىكى مەمەش موللا دېگەن كىشى يەكەندە تەجەللى ھەزرەت دېگەن ئۆلىمانىڭ قولىدا ئوقۇپ، تاردا دىنىي مەدرىسە ئاچقان.

▼ 1910- يىللىرى سادىر، ياقۇپ دېگەن كىشىلەر تۇنجى بولۇپ سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ، ھەج قىلىپ كەلگەن.

▼ 1920- يىلى قۇزى كەنتىدىكى غايىب ئەلەم دېگەن كىشى تۇنجى بولۇپ چېچەك ۋاكسىنىسىنى چېكىش بىلەن شۇغۇللانغان.

▼ 1928- يىلى تار بىلەن چارلۇڭ ئوتتۇرىسىدا ئارچا مازار، تېرەگۈز يايلىقىنى تالىشىش دەۋاسى يۈز بەرگەن. چارلۇڭ تەرەپ ۋەكىلى مىرزامەت ھاجى بىلەن تار تەرەپ ۋەكىلى تۇردى ھاجىلار،

تاشقورغان يامۇل مەھكىمىسىگە چىقىپ ئەرز سۇنغان. شۇ چاغدىكى تاشقورغان ھاكىمى چى دارىن ئادىل ھۆكۈم چىقىرىپ، يايلاقلارنى تارغا بۇيرۇپ بەرگەن. تار تەرەپ ۋەكىللىرى ئىچىدىكى ئىجاۋەتخان دېگەن كىشى ھەييارلىق بىلەن يامۇل دەرۋازىسىدىن ئۇسسۇل ئوينىغان پېتى چىقىپ، «بەگلىرىم بىيو - بىيو، خانلىرىم بىيو - بىيو، يامۇلدىن چىقتى پىيو» دېگەن ناخشىنى ئىجاد قىلىپ ئۆز غەلىبىسىنى تەنتەنە قىلغان. كېيىن بۇ ناخشا پۈتكۈل تاجىكلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ناخشىسىغا ئايلانغان.

▼ 1930 - يىللاردا قۇززى كەنتىدىكى باباخان بالىلىرى ھامراخان، مۇبارەكشاھلار قارا مىلتىق ياساش بىلەن داڭق چىقارغان.

▼ 1933- يىللىرىغا كەلگەندە باندىت سابىت دامولللا تاشقورغانغا باستۇرۇپ كىرىپ، بەرلىك خەلق ئۈستىدىن ئوتتۇرا ئەسىردىكىدىنمۇ بەتتەر ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. خالىغانچە ئالۋان سېلىپ، خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلدى. 1934- يىلى سابىت دامولللا تاشقورغاندا قولغا چۈشكەن بولسىمۇ، ئۇزاق مۇددەت جەنۇبىي شىنجاڭ دائىرىسىدە تېنەپ يۈرگەن باندىت يۇسۇپجان يەنە تاشقورغانغا كېلىپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. بۇ ئىش تۈپەيلىدىن خەلق ھەر تەرەپكە كېتىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ مەزگىللەردە تار تاجىكلىرىمۇ ئالۋان، بۇلاڭ - تالاڭنىڭ دەستىدە 50 تىن ئارتۇق ئائىلە پوسكام ناھىيىسىنىڭ بۇيلۇق يېزىسىغا، قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ چارەك يېزىسىغا، يەكەن ناھىيىسىنىڭ زەرەپشات (قوزىمال) يېزىسى، ئاقتام قاتارلىق ئورۇنلارغا ئارقا - ئارقىدىن كۆچۈپ كەتتى.

▼ باندىت يۇسۇپجان تاشقورغاندىن چارلۇق، تار دائىرىسىگىچە باستۇرۇپ كىرىپ، مال - چارۋىلارنى بۇلاپ، ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ،

بىر مەزگىل يېغىلىق قىلىپ يۈردى. ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزگەن كەڭقول چارلۇڭ خەلقلىرىدىن بىۋىك باي، ئاۋلەك باي، تىللا باي، خالىق قازى قاتارلىقلار باشچىلىقىدا 300 دىن ئارتۇق قىرغىز خەلقى پاناھلىق ئىزدەپ تارغا قېچىپ كېلىۋالدى. بۇكىشىلەر تاردا ئۈچ ئايدىن ئارتۇق پاناھلىنىپ تۇرۇپ قالدى، يۈسۈپجان كەڭقول، چارلۇڭ قاتارلىق ئورۇنلاردىن بۇلانغان مال ــ چارۋىلارنى ئېلىپ قېچىش جەريانىدا، تار تاجىكلىرىدىن ئەمەت بەگ ھاجى، روشەنھاجى، مەخسۇت بەگ قاتارلىق يۇرت چوڭلىرى 100 دىن ئارتۇق قوراللىق خەلق قوغدىغۇچىلىرىنى تەشكىللەپ، چىل گۇمبەزگە توپلانغان دۈشمەنلەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، بىر قىسمى پاسراباتقا داۋىنى، يەنە بىر قىسمى تارنىڭ كىسىن داۋىنىنى توسۇپ قاتتىق زەربە بەرگەندىن كېيىن، يۈسۈپجان باندىتلىرى مال ـ چارۋىلارنى تاشلاپ جېنىنى ئېلىپ قېچىپ، باسراباتنى بۇلاپ،دارىشات ئارقىلىق سەرىقول دائىرىسىدىن بۇلانغان مال ـ چارۋىنى ئېلىپ مىڭ تېكە تەۋسىگە كەلگەندە سەرىقول خەلقى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ مال ـ چارۋا قايتۇرۇۋېلىنىدى.

▼ 1937- يىلى تاردا يېڭى پەننىي مائارىپ ئوقۇشى باشلاندى. نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار تاشقورغانغا چىقىپ ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشقا باشلىدى.

▼ 1942- يىلى قۇربان دۆلەت قەشقەر نەزەرباغ تاجىك مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولدى.

▼ ئازادلىقنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر تاھىر دېگەن كىشى «پەرەڭ» دەپ نام ئالدى. ئۇ ئىجادكار ئادەم بولۇپ، ياغاچچىلىق، تۆگمەن ياساش ئىشلىرىدا كامالەتكە يەتكەن. ھازىر ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ بىر ـ بىرىدىن زېھنى ئۆتكۈر، تۇرلۇك كەسىپ ـ ھۈنەرلەرگە باي.

▼ 1948- يىلىدىن 1980- يىلىغىچە بايىت مەرۇپ دېگەن كىشى ياغاچتىن ئاياق، ماتال، كۆپلەرنى ياساپ تاشقورغان قاتارلىق جايلارغا تارقاتقان.
▼ ئازادلىقتىن كېيىن تاردا توختىنىيا ز تۇردىخان، ئىسرائىل ياقۇپ، تۇرسۇن ئاۋۇت قاتارلىق تىككۈچى ئۇستىلار يېتىشىپ چىققان.
مانا بۇ تارىخىي ئىزنالار تىللاردا داستان بولۇپ تا ھازىرغا قەدەر ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ ساقلانماقتا. بۇ تارىخىي يادنامىلەرنى يېزىپ ئەۋلادمۇئەۋلاد قالدۇرۇش يەنە بىر قېتىملىق تارىخىي شان ـ شەرەپ.

## تار ھەققىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى يازما خاتىرە
## «تار تەزكىرىسى»

### تۇردىبەگ مۇھەممەتبەگ

ھازىرغىچە بىزگە يېتىپ تار تارىخىي توغرىسىدىكى بىرقەدەر مۇكەممەل ئۇچۇر بېرەلەيدىغان ماتېرىيال — 1903-يىلى مۇشۇ يەرلىك دىنىي ئۆلىما روشەنئەلى ھەزيارنىڭ كۆچ چىقىرىشى بىلەن ئافغانىستانلىق باجگىر موللا خوسەن تەرىپىدىن پۈتۈلگەن «تار تەزكىرىسى» دۇر.
روشەنئەلى ھەزيار — 1864- يىلى تار يېزىسىنىڭ باغۇزى كەنتىدە بىر چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىكىدىنلا دادىسىغا ئەگىشىپ، يىراق يۇرتلارغا بېرىپ، ئۇ جايدىكى خەلقلەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولغان، كېيىنچە بۇ يۇرتتىكى يۇرت كۆرگەن، ئوقۇمۇشلۇق كىشى ھېسابلانغان. 1887- يىللىرى

پىيادە بىر يىل يول يۈرۈپ مەككىگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىپ كەلگەن. ئۇ چەت ئەللەرنى كۆرۈپ قايتقاندىن كېيىن ئۆز تارىخى ئۈستىدە كۆڭۈل قويۇپ ئىزدەنگەن. ئەمما، ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىت تۈپەيلى ئۇ ساۋاتسىز قالغان. ئۆز تارىخى، يۇرت تارىخى ئۈستىدە ئىزدەنگەنلىرىنى قەغەزگە پۈتەلمەي قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن. مۇشۇنداق ۋاقىتتا تۇرغىنىدا ئەينى ۋاقىتتىكى ئەنگلىيىنىڭ تاشقورغاندا تۇرۇشلۇق ۋاكالەتخانىسىنىڭ موللا خۇسەن دېگەن ئافغانىستانلىق باجگىرى بۇ جايدىن ئۆتىدۇ. روشەنئەلى ئۇنىڭغا بىر قارا چەكمەن چاپان بېرىپ تەزكىرىنى يازدۇرۇشنى پۈتۈشىدۇ. بەزى خەۋەرلەرگە قارىغاندا تەزكىرە يېزىلىپ پۈتكەندە روشەنئەلى ھېلىقى چاپاننى بەرمىگەنمىش. شۇنىڭ بىلەن موللا خۇسەن:

جېنىم ئاكا ھاجى روشەن،
قېنى ماڭا قارا چەكمەن.
ئېيتقىنىڭنى تولۇق پۈتتۈم،
سىنىقىڭدىن تولۇق ئۆتتۈم.
ئەركىشىنىڭ لەۋزى ھالال،
مەن پېقىرغا قىلدىڭ ئۇۋال.
بەرمىدىڭ سەن قارا چەكمەن،
شۇڭا قوشاق قېتىپ كەتتىم.
دېگەندەك قوشاقلارنى قوشۇپ كەتكەنمىش.

«تار تەزكىرىسى» — ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى تار تارىخىدىن تولۇق مەلۇمات بېرەلمىسىمۇ، لېكىن قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئېتەلەيدۇ. تەزكىرىدە ئېيتىلىشىچە، ئەينى ۋاقىتتا تار يېزىسىنىڭ (ھازىرقى ئالىمالىق كەنتى بۇنىڭ سىرتىدا) ئاھالىسى 97 تۈتۈن بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى «ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىكى

بەدەخشان ئويمانلىقىنىڭ ھىرات ۋە مەتەقەلەردىن كەلگەن» دېيىلگەن. ئەمما، كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قېلىش سەۋەبى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات بېرىلمىگەن. تەزكىرە ئۇزاق مەزگىل قولدىن ـ قولغا ئۆتۈش جەريانىدا ياخشى ئاسرالمىغاچقا، يىرتىلىپ ئاز بىر قىسمىلا بىزگىچە يېتىپ كەلگەن، بىر قىسمى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن، ئەڭ مۇكەممەل ساقلانغىنى سىپاھلىق قەبىلىسىنىڭ تولۇق تەزكىرىسىدۇر. بۇ قەبىلىنىڭ ئافغانىستاندىن كەلگەن ئەڭ چوڭ بوۋىسىدىن تاكى روشەنئەلى ھاجىنىڭ ئوغۇللىرىچە بولغان ئەجداد ـ ئەۋلادلار مۇناسىۋىتى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. ئەپسۇس، بۇ تەزكىرە 1999-يىلىدىكى پەۋقۇلاددە زور كەلكۈن ئاپىتىدە يوقالغان.

## تاردىكى تۇرالار ھەققىدە

‹‹تۇر›› ئاتالغۇسى ئەسلىدىن تۈركچە ئاتالغۇ بولۇپ، تار تاجىكلىرى ئۇنى ‹‹كۇڭگىرا ›› دەپ ئاتايدۇ. بۇنىڭ لۇغەت مەنىسى ‹‹سېپىل››، ‹‹كۆزىتىش ئورنى››، ‹‹مۇداپىئە ئورنى ›› دېگەنلىك بولىدۇ.

تار تېررىتورىيىسى ئىچىدە تۇرادىن ئۈچى بار.

1) تىرەكلىكتىكى تۇر. ئىنتايىن ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، قەدىمىي كارۋان يولىدىكى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا جايلاشقان. ھازىرقى ئېگىزلىكى 4 – 5 مېتىر كېلىدۇ، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 20 كۋادرات مېتىر. بۇ تۇر خېلى مۇكەممەل ساقلانغان بولسىمۇ، ئەمما مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا خېلى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان.

2) بەشكەند تۇرى. بىر كىچىك تاغ ئۈستىگە جايلاشقان كۆزىتىش

تۆرى بولۇپ، خەۋەر بېرىش رولىنى ئوينىغان. بۇ تۈر ئۇزاق مەزگىللىك تارىخىي ئۆزگىرىش جەريانىدا زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، ھازىر بىر ئىزنا ھالىتىدە ساقلانماقتا. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 30 كۋادرات مېتىر.

3) باغۇزى قۇملۇق تۆرى. بۇ تۆرمۇ قەدىمىي كارۋان يولى قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىي دەۋرىدە ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. قالغان قىسمى 1999- يىلىدىكى كەلكۈن ئاپىتىدە پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 20 كۋادرات مېتىر.

تاردىكى بۇ تۆرلار تار خەلقىنىڭ يات قوۋملارنىڭ ھەر خىل ھۇجۇم، بۇلاڭ ـ تالاڭلىرىغا قارشى ياسىغان مۇداپىئە سىستېمىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، تار تارىخىدىكى مۇھىم ۋەقەلەرنىڭ شاھىتلىرى ھېسابلىنىدۇ.

## تار تاجىكلىرىنىڭ تاشقورغان ئىنقىلابىغا قوشقان تارىخىي تۆھپىسى

### تۇردىبەگ مۇھەممەدبەگ

1934- يىلى تاشقورغاندا تۇنجى پەننىي مەكتەپ ئېچىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قۇربان دۆلەت، قارغىباي تۇردىباي، خۇدابەردى پەرمان، ئابنۇس قادىر، تۆمۈر ئەمەت، رىچايىك، يولبارس مەمەتشاھ قاتارلىقلار بۇ مەكتەپتە ئوقۇدى ھەم قۇربان دۆلەت ئورۇمچى دارىلمۇئەللىمىنىدە، خۇدابەردى پەرمان، قارغىبايلار قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىدە، باشقىلار تاشقورغاندا ئوقۇشىنى تۈگەتتى. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا بىر

قەدەر ئىلغان دۇنيا قاراش ۋە ئاز ـ تولا ئىستراتېگىيىگە ئىگە بۇ زىيالىيلار، يۇرگۇزۇلۇۋاتقان سىياسەتلەرنىڭ خەلقنى يالىڭاچلاپ قويۇۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. مانا مۇشۇ ۋاقىتتا تاشقورغاندىكى بىر قىسىم ئىلغار پىكىرلىك زاتلار خەلق ئۇستىدىكى بۇ ئازاب ـ ئوقۇبەتنى تۈگىتىش ئۈچۈن قولىغا قورال ئېلىپ، قارشى تۇرۇشنى چوڭقۇر ھېس قىلىشتى. مۇشۇ ۋاقىتتا تاردىن ئۇرۇمچى، قەشقەر، تاشقورغانلاردا ئوقۇغان ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلار تاشقورغاندىكى تاجىك دېموكراتىك ئىنقىلابچىلىرىدىن بولغان كارۋانشا، مەدەيۇۋ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەشۋىقاتلىرىنى تار دىيارىغا يەتكۇزدۇ. 1942- يىلى تاشقورغاندا دېموكراتىك تەشكىلات بولغان «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» غا قاتناشقانلاردىنمۇ بار بولۇپ، 1944- يىل 6- ئايدا كارۋانشاھ بىلەن مۇرغاپتا ئەسكەر تەربىيىلىگىلى بارغان سىكادرون كوماندىرى ئابدۇقادىر توختىنىياز بۇنىڭغا ۋەكىللىك قىلاتتى.

تاردىكى خەلق بۇ ھەرىكەتكە قاتنىشىشتا تولىمۇ ئىككىلىنىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتتا ئىلغار پىكىرلىك زىيالىي قۇربان دۆلەت تارغا كېلىپ، ئۆزى باش بولۇپ ئىنىسى مۇسا دۆلەتنى تاشقورغانغا ئەكېلىپ ئارمىيىگە قاتناشتۇرىدۇ. بۇنىڭ تەسىرىدە تار دىيارىدىن دەسلەپكى قەدەمدە 14 ئادەم ئارمىيىگە قاتنىشىدۇ ھەم مەخپىي ھالدا ھەربىي تەلىم ـ تەربىيىگە قاتناشتۇرۇلىدۇ.

بۇ مەزگىللەردە يەنە ئىنقىلاب قىلىشقا زۆرۈر بولغان تەمىنات مەسىلىمۇ مۇھىم مەسىلە ئىدى. تار خەلقى بۇ جەھەتتىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھەسسىسىنى قوشتى. 1944- يىلى قۇربان دۆلەت تاشقورغاندىن تارغا كېلىپ، بۇ مەسىلە ھەققىدىمۇ ئۆز خەلقىگە تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تاردىن 97 تۇياق قوي

(گۈلجۇنىڭ قىلغان تاپشۇرۇۋېلىش ھۆججىتىدىن ئېلىندى)، تارىنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن 50 تاغار (يۇرت ئاقساقىلى سەبدەرخاننىڭ سۆزى) گۈلە - مېغىزنى تاشقورغان ئىنقىلابى تەرەپىنىڭ ئارقا سەپ بۆلۈمىدىكى گۈلجۇنغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىنقىلابقا بولغان كۆڭلىنى يەتكۈزگەن. تار خەلقى يەنە قوشبەل، مىڭتىكە، پەيىك، خونجىراپ، شوربۇلاق (بۇ جاي ھازىر پاكىستان تەۋەلىكىدە) قاتارلىق جايلاردىكى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىغىمۇ چۆپ - سامان، ئوتۇن قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنىمۇ يەتكۈزۈپ بەرگەن، ھەتتا شوربۇلاقتا بارغۇچە مەمەتتۇردى ئىگەمبەردى دېگەن بىر كىشى ئوپراڭ داۋىنىدا بىر كېچە قونۇپ سوغۇقتا توڭلاپ ئۆلۈپ كەتكەن.

بىر قاتار تەييارلىقلاردىن كېيىن، 1945- يىلى يازغا كەلگەندە پارتىزانلارنىڭ سانى 300 گە يېقىنلاشتى، ساپاسى ئۆستى. قورال - ياراغلارنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن ھەر خىل يوللار بىلەن قولغا چۈشۈردى (چۈنكى، سوۋېت ئىتتىپاقى گىراژ- دانلىرىدىن بولغان لەشكەر، مەدەيۇۋ، شېرىنبەگ قاتارلىقلارنىڭ سوۋېت تاجىكىستاندىكى ئارمىيە بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئىدى). دېمەك، ئىنقىلاب قىلىشنىڭ شەرت - شارائىتى پىشىپ يېتىلگەن ئىدى. ۋەزىيەتنى كۆزەتكۈچى پارتىزانلارمۇ بۇ ھەقتە مۇھىم ئاخباراتلار بىلەن تەمىنلىگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن 1945- يىل 8- ئاينىڭ 15- كۈنى كارۋانشا باشچىلىقىدىكى 60 كىشى تاشقورغانغا، مەمەت ئەيسا باشچىلىقىدىكى 30 كىشى سۇ بېشىغا، تاھىر باشچىلىقىدىكى 60 كىشى بۇلۇڭكۆلگە، غېرىبشاھ باشچىلىقىدىكى 40 كىشى تاغارمىغا، ئوبۇلقاسىم باشچىلىقىدىكى 20 كىشى چېچەكلىك داۋىنىغا تويۇقسىز ھۇجۇم قىلدى، بۇنىڭ بىلەن تاشقورغان ئىنقىلابى پارتلىدى. بۇ بۆلۈنگەن قىسىملاردىكى تاھىر

ۋە مەمەت ئەيسا باشچىلىقىدىكى قوشۇنلاردىن باشقا قىسىملاردىن ھەممىسىدە تارلىق يىگىتلەر بار ئىدى. بۇ ھەقتە بۇ ئىنقىلابنىڭ ئىرىك شاھىتلىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇقادىر توختىنىيازمۇنداق دەيدۇ: شۇ چاغدا تاغارمىغا غېرىبشاھ باشچىلىقىدا ھۇجۇم قىلغىنىمىزدا ئۇ يەردىكى دۈشمەنلەرنىڭ ھېچقانداق تەييارلىقىمۇ يوق ئىكەن، بىز كۆچمەيلا ئۇ يەرنى ئازاد قىلدۇق.

يېڭىسار تەرەپتىن كېلىدىغان دۈشمەننىڭ ياردەمچى قوشۇننى توسۇشقا ئەۋەتىلگەن ئوبۇلقاسىم باشچىلىقىدىكى قوشۇنغا قاتناشقان تارلىق ئەزمەتلەرمۇ تولۇق تەييارلىق بىلەن جىددىي ھالەتتە تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ياردەمگە ھېچقانداق قوشۇن كەلمىدى. 8- ئاينىڭ 15- كۈنىدىن 19- كۈنىگىچە بولغان تۆت كۈن ئىچىدە پۈتكۈل تاشقورغان ناھىيىسى (ھازىرقى ئاقتۇغا قاراشلىق موجى، بۇلۇڭكۆل، چارلۇڭ، تار، كوسراپ) تولۇق ئازاد قىلىندى. پارتىزانلاردىن ئۈچ كىشىلا قۇربان بولدى، نۇرغۇن قورال ۋە باشقا نەرسىلەر ئولجا ئېلىندى.

1945- يىل 8- ئاينىڭ 17- كۈنى تاشقورغاندا مىللىي ئارمىيە رەھبەرلىرى تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش ئۈچۈن يىغىن ئاچتى ھەم تەشۋىقاتنى تېخىمۇ زورايتىش، ئەسكىرىي كۈچنى خىللاشتۇرۇش، كۆپەيتىش قارار قىلىندى. قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدىلا تەشۋىقات ئۆز رولىنى كۆرسەتتى. يېڭىدىن 300 دىن ئارتۇق يىگىت ئۆزلىرىنى تىزىملاتتى. تاردىنمۇ 80 دىن ئارتۇق ئەزمەت ئۆزلىرىنى ئەسكەرلىككە تىزىملاتتى. يەنە نۇرغۇن ماددىي ئەشيالارمۇ توپلىنىپ، تاردىن تاشقورغانغا يۆتكىلىپ تاشقورغاندىكى مىللىي ئارمىيە بازىسىغا ئاپىرىپ بېرىلدى.

مانا مۇشۇ مەزگىلدە تاردىن جەمئىي 52 ئادەم مەدەيۇۋ، ھاكىم

شېرىپ باشچىلىقىدىكى يەكەن بىرىگادىسىغا بۆلۈنگەن. ئازىر قىسمى گارنىزون پولكىغا بۆلۈنگەن. يەكەن بىرىگادىسىغا بۆلۈنگەن ئەزىمەتلەر 1945- يىل 12- ئايدا پولكوۋنىك ھاكىم شېرىپ، خۇدابەردى پەرمان كومىسسارلىقىدىكى يەكەن بىرىگادىسىنىڭ تەركىبىدە قەشقەر ۋە يەكەنگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئۇلار گومىنداڭنىڭ ئايرىتاش، قوشراپ، كاچۈڭ، چۇندى، ياقا ئېرىق، چوپان قاتارلىق ئىستىھكاملىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئارقىدىن پوسكامغا، ھەتتا قاغىلىق، گۇمىغىچە ئازاد قىلدى. مانا مۇشۇ ۋاقىتتا تاردىن ئىمامباي قۇلباي، ھوشۇراخۇن شادەلى، ناسىر ئىسلام، قۇربانخوجا تۇردى، تالىپ ئاقباي، غازى قاتارلىق ئالتە كىشى دۈشمەن قولىدا قۇربان بولدى. سۇلتانئەلى نىزەر ئەلى يارىدار بولغان. قوشۇن قاغىلىقنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە تەرەپ تاشقورغان ئىنقىلابىدا زور خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەن تارلىق ناسىرەلى سادىرنى قاغىلىق ناھىيىسىگە ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى. خۇدابەردى پەرمان سىياسىي كومىسسار ھەم پىلىموتچىلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ، بۇ ئۇرۇشتا غايەت زور خىزمەت كۆرسەتكەن ئىدى. مەرھۇم خۇدابەردى پەرماننىڭ ئەسلىمىسىدە ئېيتىلىشىچە، 1946- يىل 1- ئايدا مىللىي ئىنقىلابىي ئارمىيە يەكەنگە ھۇجۇم قىلىپ بىر كېچە ـ كۈندۈز جەڭ قىلىدۇ. ئەمما، ئۇلارغا يول باشلىغۇچى كىشى دۈشمەن ئىشپىيونى بولغاچقا، ھەرىكەت ئالدىن سېزىلىپ قېلىپ، ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ 60 ئادىمى دۈشمەننىڭ قاتمۇقات مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قېلىپ، 32 ئادەم قۇربان بولىدۇ، 28 كىشى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ ئامان قالىدۇ. ئىسكادرون كوماندىرى بايىكمۇ مۇشۇ جەڭدە قۇربان بولىدۇ. مانا مۇشۇ جەڭدە پىلىموتچىلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى خۇدابەردى پەرمان ۋە ئابدۇقادىر توخنىيازلار بار ئىدى.

ھەكىم غازىخان، ھەزىز جەنەك، ئەلاخۇن ھەسەن، چولپان سىدىق قاتارلىقلار يارىدار بولىدۇ، تىللاخان نازى مانا مۇشۇ جەڭدە قۇربان بولىدۇ. يېڭىسار تەرەپكە ھۇجۇم قىلىش پىلانىمۇ ئىشپىيونلارنىڭ چېقىپ قويۇشى تۈپەيلىدىن 1500 ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئىنقىلابىي قوشۇنغا قاتتىق ھۇجۇم قىلدى. نەتىجىدە ئىنقىلابىي قوشۇندىن 100 دىن ئارتۇق ئادەم چىقىم بولدى. بۇ يەردىكى ئەسكەرلەر ئىچىدىمۇ تاردىن 22 ئادەم بار ئىدى. بۇلاردا تاردىن سەپەرباي دىۋانەلى ئاقىتالادا قۇربان بولدى. گومىنداڭ تەرەپ پارتىزانلارغا تېخىمۇ كۈچلۈك قارشى تۇرۇش ئۈچۈن يەكەن، قاغىلىق، پوسكام، يېڭىساردىكى قوشۇنلىرىنى جىددىي كۆپەيتىپ زەربە بېرىشنى كۈچەيتتى. بۇنىڭ بىلەن مىللىي ئارمىيە ھەرقايسى ئازاد قىلىنغان رايونلاردىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى ھەم كاچۇڭغا يىغىلدى. كاچۇڭدىمۇ دۈشمەننىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ قوشراپقا يۆتكەلدى ھەم قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلىدى.

قوشۇن قوشراپقا يىغىلىپ تەرتىپكە سېلىنىپ، 1946- يىل 6- ئايدا يەكەن، قەشقەر، خوتەن تەرەپلەرگە يەنە ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ئارمىيىسى تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزا- لىغانلىقتىن، بۇ پىلان ئەمەلگە ئاشمىدى. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال ئىسھاقبېك قوشراپقا كېلىپ «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» ئىمزالانغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلابىي قوشۇن تەشكىللىك ھالدا تاشقورغانغا چېكىندى.

1946- يىلى «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى»نىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، تاشقورغاندا بىرلەشمە ھۆكۈمەت

قورۇلدى. ئەلپشاھ (تاجىك، گومىنداڭ تەرەپ) ھاكىم، غوجامكەلدى (قىرغىز، مىللىي ئارمىيە تەرەپ) مۇئاۋىن ھاكىم، قاۋۇلبېك (تاجىك، گومىنداڭ تەرەپ) كېڭەش باشلىقى، قۇربان دۆلەت (تاجىك، مىللىي ئارمىيە تەرەپ، تاردىن) مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقى بولدى. تاردىن يەنە خۇدابەردى پەرمان مىللىي ئارمىيىنىڭ تاشقورغاندىكى مەخپىي بازىسىدا مۇھىم ۋەزىپە ئۆتىدى. ئەمما، گومىنداڭ تەرەپ «بېتىم» گە بۇزغۇنچىلىق قىلدى. بۇ چاغدا تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابىي ئارمىيە تەرەپ زور تۈركۈمدىكى ئەسكەرلىرىنى ئائىلىسىگە قايتۇرۇۋەتكەچكە، تاردىن خۇدابەردى پەرماندىن باشقا ھەممەيلەن ئائىلىسىگە قايتىپ كەلگەن. شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ گومىنداڭ تەرەپ ئەسكىرىي كۈچلىرىنى كۆپەيتىۋالدى. شېرىنبەگ، غوجامكەلدى قاتارلىقلار تۈرمىگە تاشلاندى. قۇربان دۆلەت شىنجاڭ ئۆلكىلىك قۇرۇلتاينىڭ ۋەكىلى بولغاچقا 1947- يىل 5- ئايدا ئۈرۈمچىگە كەتتى. ئەمما، ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كېلىشكە ئامال بولماي، 1947- يىل 7- ئايدا غۇلجىغا — ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ھۆكۈمىتىگە قوشۇلۇپ ئۇ يەردە تەشۋىقاتقا مەسئۇل بولدى. كېيىن «ئىتتىپاق» ئىلى ۋىلايەتلىك تەشكىلىي ھەيئەتنىڭ ئىنىسدوكتورى بولۇپ ئىشلىدى. ئاقىيول، كارۋانشاھ، لەشكەر قاتارلىق كىشىلەر سوۋېت تاجىكىستانغا چىقىپ كېتىپ، قايتا كىرىشكە ئامالى بولماي قالدى.

شۇنىڭ بىلەن تاشقورغان ئىنقىلابى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. گەرچە تاشقورغان ئىنقىلابى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، تاشقورغان خەلقىنىڭ، جۈملىدىن تار خەلقىنىڭ قان كېچىپ جەڭ قىلىپ، كەلگۈسىدە يىپيېڭى بىر زامان بەرپا قىلىشقا كۆرسەتكەن ئەجرى كۆپ. بۇ شانلىق تارىخنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ. تار تاجىكلىرى ياراتقان بۇ تارىخ

شانلىق تارىخ، ئۇلۇغ تارىخ. بۇ تارىخ ئەۋلادلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ چاقناپ تۇرۇشى كېرەك.

# تار تاجىكلىرىنىڭ تاشقورغان ئىنقىلابى يەكەن بىرىگادىسىدا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرى توغرىسىدا

**باتۇرجان ئاتىخان**

تاشقورغان ئىنقىلابى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»نىڭ، جۇملىدىن جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىرقىسمى. تاشقورغان ئىنقىلابى قوشۇنى تاجىك، قىرغىز، ئۇيغۇرلاردىن تەشكىللەنگەن قوشۇن ئىدى. بۇ ئىنقىلابنىڭ شىددەتلىك ئوتى پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭ فرونتىغا تۇتاشقان. گەرچە بۇ ئىنقىلاب بىر مەزگىللىك غەلىبىدىن مەغلۇبىيەتكە يۈزلەنگەن بولسىمۇ، تاشقورغاننىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىدە شۇ چاغدىكى تاشقورغانغا تەۋە 27 كەنتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالاھىدە تۆھپىسى بار. تۆۋەندە مەن تاشقورغان ئىنقىلابىغا قاتناشقان تارلىق يىگىتلەر ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىمنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە سۇنماقچىمەن.

تاشقورغان ئىنقىلابى تېگى - تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تاشقورغاندىكى ئىلغار زىيالىيلارنىڭ ئويغىنىشىدىن زۇلۇمغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان كۆلىمى چوڭ ئىنقىلاب. 1937- يىلىدىكى يېڭى پەننىي مائارىپنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن تار دىيارىدىن

قۇربان دۆلەت باشچىلىقىدىكى نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار تاردىن تاشقورغانغا، تاشقورغاندىن قەشقەر، ئۇرۇمچىلەرگە بېرىپ ئوقۇدى. بۇ چاغدا ياپونغا قارشى ئۇرۇش پارتلاپ، زىيالىيلارنىڭ قەلبىدە «ۋەتەن»نى قۇتقۇزۇش ئىدىيىسى شەكىللەنگەن ئىدى. گومىنداڭنىڭ تەسلىمچىلىك ۋە ئاقتېررورلۇق سىياسىتى نۇرغۇنلىغان زىيالىيلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىغانىدى. شۇڭا، تاشقورغاندا كارۋانشاھ باشچىلىقىدا 1945- يىل 8- ئاينىڭ 15- كۈنى تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ تۇنجى پاي ئوقى ئېتىلدى ( ئىنقىلابنىڭ تەييارلىقى ۋە ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ تەشكىللىنىشى ھەققىدىكى مەزمۇنلار «جۇڭگو تاجىكلىرى» ناملىق كىتابتا تەپسىلىي بايان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن بۇيەردە قايتا تەكىتلىمەيمىز).

تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ ئوق ئاۋازى تاردىكى قابىل يىگىتلەرنى ئۆزىگە تارتتى. ئۇرۇمچى دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتكۈزۈپ كەلگەن قۇربان دۆلەت تاشقورغان ئىنقىلابى ئارقا سەپ قوماندانلىق شتابىدا ۋەزىپە ئۆتىدى. تاشقورغان ئىنقىلابى يەكەن بىرىگادىسىغا تاردىكى 80 دىن ئارتۇق ياش قوللىرىغا قورال ئېلىپ قاتناشتى. شۇ چاغدا يەكەن بىرىگادىسىغا قاتناشقانلاردىن ئالمالىقتىن سۇلتانئەلى، دەرۋ، باغۇزدىن خۇدابەردى پەرمان، ئابدۇقادىر توختىنىياز، ھەزىز، باغدىن نۇراخۇن روزى، قۇربانخوجا، سادىق، بەلدىردىن ئايەت، ئىمىن ئاتاۋۇللا، قوززىدىن ھامراخان، ئايۇپ، ناسىرئەلى، ھەيت، تالىپ ئاقباي قاتارلىق نۇرغۇن كىشىلەر بار ئىدى. بوۋام ھامراخاننىڭ ھايات ۋاقتىدا دېگەنلىرى ئېسىمدە قىلىشىچە بوۋام مىللىي ئىنقىلابقا قاتناشقان مەزگىللەردە 36 ياشتا ئىكەن، تاردىن ئۆزلىرىنى مىللىي ئىنقىلابقا قاتنىششقا تىزىمغا ئالدۇرغان ياشلار كوسراپقا يىغىلىپ جەم بوپتۇ، ئۇلار ئۇيەردە تاشقورغاندىن كەلگەن تاجىك، قىرغىز

پولكىغا قوشۇلۇپ قوشراپتىكى باش شتاپقا بېرىپتۇ. شۇ چاغدا بوۋام بىرىگادا كوماندىرى تاھىر (قىرغىز، كۆكياردىن) بىلەن تونۇشۇپ ئۇنىڭ بىلەن دوست بولغان ئىكەن. بوۋام ئۇستا مەرگەن بولغاچقا قارىغا ئېتىشتا بىرىگادا كوماندىرى تاھىرغا يېقىپ قاپتۇ، شۇ چاغدا بوۋام قوشراپ باش شتابىدا مۇھاپىزەتچىلىك ۋەزىپىسىنى قىلغانىكەن. بوۋام يەنە ھازىرقى بوۋام نوراخۇن بىلەن قىيامەتلىك دوست بولۇشقا ئەھدە قىلغانىكەن. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئالىمادىس ئوق تېگىپ قۇربان بولسا، بىر - بىرىنى يۇيۇپ - تاراپ يەرلىكىگە قويۇش ئۇچۇن ئىكەن. شۇ چاغدا ئايرىتاش، چاماسال، تومۇشۇق ساراي، ياستوڭنىڭ دەشتلىرىدە كەسكىن جەڭ بوپتۇ، بىر تەرەپتىن كېزىك تارقىغاچقا جەڭدە ئۆلۈش - يارىلىنىش ۋە كېسەل سەۋەبىدىن بولغان ئۆلۈم - يېتىم كۆپىيىپتۇ. ياش ئەسكەر ئىگەميارمۇ كېزىك بىلەن ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. قوشۇن دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپتۇ.

1945- يىل 12- ئاينىڭ 16- كۈنى لەشكەر باشچىلىقىدىكى تاجىك پولكى 400 كىشىلىك قوشۇن بىلەن پوسكامغا ھۇجۇم قىپتۇ. بىراق، مەخپىيەتلىك ئاشكارىلىنىپ قالغاچقا، ھۇجۇم ئوڭۇشلۇق بولماپتۇ. 1946- يىلى ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ 600 دىن كۆپرەك ئادىمى بىرلا ۋاقىتتا ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ قاغىلىق، پوسكامغا تەڭلا ھۇجۇم باشلاپتۇ، پوسكامدىكى دۈشمەنلەر ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپلا يەكەنگە قېچىپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن پوسكام قان تۆكمەيلا ئازاد قىلىنىپتۇ. قاغىلىقتىكى جەڭ شىددەتلىك بوپتۇ. ئالتە سائەت جەڭ قىلىش نەتىجىسىدە قاغىلىق ئازاد قىلىنىپتۇ. قاغىلىق بىلەن پوسكام ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭچىلار ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت ناھىيىلىك ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ تاشقورغان مەمۇرىي مەھكىمىسىگە تەۋە قىلىپ،

ناسىرئەلىنى ھاكىملىققا قويۇپتۇ (ناسىرئەلىمۇ بوۋامىنىڭ ئىنقىلاب مەزگىلىدىكى دوستى ئىدى) قاغىلىقنى ئېلىش جېڭىدە قۇربانخوجا ئىنقىلاب يولىدا قۇربان بوپتۇ.

قاغىلىق، پوسكاملار ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئىنقىلابىي قوشۇن كوماندىر بايەك باشچىلىقىدىكى بىر زەربىدار ئەترەتنى تەشكىللەپتۇ. بۇ زەربىدارلار ئەترىتىدە بايەك (تاشقورغاندىن)، ھوشۇر (تاشقورغان بەلدىردىن)، بارات (ۋاچىدىن)، تالىپ ئاقباي(تاردىن) قاتارلىق 60 قا يېقىن ئەسكەر بار ئىدى. 1946- يىل 1- ئاينىڭ 12- كۈنى ئۇلار يەكەنگە ھۇجۇم قىلىپ پۈتۈن بىر كۈن شىددەتلىك جەڭ قىپتۇ، بۇ قېتىمقى يەكەنگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە خائىنلارنىڭ يالغان ئاخبارات يەتكۈزۈشى سەۋەبلىك بايەك باشچىلىقىدا 32 ئادەم قۇربان بوپتۇ، تاشقورغان بەلدىردىكى ھوشۇر قاتارلىق 28 كىشى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپتۇ، قۇربان بولغانلار ئارىسىدا تالىپ ئاقبايمۇ بار ئىكەن. كېيىن يەكەندىكى دۈشمەنلەر بايەك، تالىپ ئاقبايلارنىڭ بېشىنى كېسىپ، خادایاغاچقا مىخلاپ كوچىمۇكوچا سازايى قىپتۇ. يەكەنگە ئورۇنلاشقان دۈشمەنلەرنىڭ مۇداپىئەسى كۈچلۈك ھەم ئۇلار خوتەن، ئاقسۇ تەرەپكە تېلېگرامما يوللاپ، ياردەمگە ئادەم چاقىرغاچقا، دۈشمەنلەرنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ قاغىلىق، پوسكامنى قايتىدىن ئىگىلىۋاپتۇ. ئىنقىلابىي قوشۇن 1946- يىل 6- ئايدا گېنېرال ئىسھاقبېگىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قوشراپ، ئايرىتاش، چىلگۈمبەزدە ئارام ئاپتۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي «تىنچلىق بېتىمى» ئىمزالىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تاشقورغان ئىنقىلابى تەشكىللىك ھالدا چېكىنىپتۇ.

## III باب تار تاجىكلىرىنىڭ ئېتنوگرافىيىسى

# تار تاجىكلىرىنىڭ ئېتنوگرافىيىسى

### 1. تار تاجىكلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى

تار تاجىكلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، مەزھەپ جەھەتتە سۈننىي مەزھىپىگە تەۋەدەك قىلىسىمۇ، بىراق شىئە (ئىسمائىلىيە) مەزھىپىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىمۇ ساقلانغان. بۇھال تار تاجىكلىرىنىڭ سەرىكوھ تاجىكلىرىدىن قىسمەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تار تاجىكلىرى بىر تەرەپتىن بەش ۋاخ ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتۇپ، ھەج قىلىپ، ئۆشرە ـ زاكات بېرىپ سۈننىي مەزھىپىنىڭ شەرتلىرىنى ئادا قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆلگۈچىنىڭ روھىغا ئاتاپ قۇرئان ئوقۇش، پىلىك كۆيدۈرۈش، خوجا ـ ئىشانلارنى پىر تۇتۇش، قۇرئان تۇتۇپ دوست بولۇش... قاتارلىق ئادەتلىرى بىلەن شىئە مەزھىپىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىنىمۇ بەجا كەلتۈرىدۇ.

### 2. تار تاجىكلىرىنىڭ تىلى

قەدىمكى ۋە ھازىرقى تىلى ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسى، ئىران تىل گۇرۇپپىسىنىڭ شەرقىي تىللار تارمىقىغا كىرىدۇ.تارىختا تار تاجىكلىرى سەرىكوھ تىلى، ۋاخان تىلىدا سۆزلىشەتتى.ھازىر تاجىك تىلى بىلتىزى ساقلاپ قېلىنغان، تۈرك تىلى ئارىلاشقان، تار شېۋىسىدە سۆزلىشىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب تار

تاجىكلىرى ھەر يەردىن كېلىپ تاردا پاناھلانغىنىغا بىرنەچچە يۈز يىل بولدى، ئۇلار بۇ جەرياندا ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا تۈرك تىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، بارا - بارا تاجىك تىلىنىڭ يىلتىزىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا تۈرك تىلى ئارىلاشقان، ئۆزىگە خاس تار شېۋىسىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا تامامەن ئۇيغۇر تىل - يېزىقى قوللىنىلغاچقا، يېقىنقى زامان تار تاجىكلىرى ئەۋلادلىرىنىڭ تىل ئۆزگىرىشىدە زور بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىپ، تۈرك تىلىنىڭ ئومۇملىشىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا سەرىكوھ تىلى ۋە پارس تىلىنىڭ ئىزنالىرى چوڭقۇر ساقلىنىپ كەلگەن. مەسىلەن، قىر، تۇشرۇك، گەردىشى، تېرەك، قۇز، كۇلتا، تەبەن، ئايىرى، كونج، غىجىد، ئەسرە... ۋاھاكازالار. بۇ سۆزلەر تاجىك تىلى لۇغىتىگە مەنسۇپ سۆزلەردۇر.

دېمەك، خېلى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان بۇ ئورۇندا تاجىكلار ياشاپ كەلگەن. تارىخىي ۋە جۇغراپىيە، ئىجتىمائىي ئامىل، تۇرمۇش، مۇھىت شارائىتى سەۋەبلىك ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى تىلى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزگىرىپ، يەرلىك تىل شېۋىسىنى شەكىللەندۈرگەن. مانا بۇ مىللەتلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسىدە بولۇپ تۇرىدىغان نورمال ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ھېسابلىنىدۇ.

## 3. تار تاجىكلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى

تار تاجىكلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى جۇڭگو تاجىكلىرى ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، يەنى توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر - چىراغ، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم -

كېچەك، تۇرار جاي، ھېيت ـ ئايەم، مېھماندارچىلىق قاتارلىق جەھەتلەردە قىسمەن مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىشنى نەزەرگە ئالمىغاندا، سەرىكوھ تاجىكلىرى بىلەن تامامەن ئوخشاش.

▲ ئائىلە ۋە نىكاھ

قەدىمدىن تارتىپ تەبىئىي شارائىتى بىرقەدەر ناچار بولغان مەزكۇر زېمىندا يېرىم چارۋىچىلىق، يېرىم دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن تار تاجىكلىرىنىڭ ئائىلە تۇرمۇش مۇناسىۋەتلىرى ئازادلىقتىن ئىلگىرى فېئوداللىق تۈزۈم ئاسارىتىدە ئىدى. ئەڭ چوڭ ئەركىشى ئائىلە باشلىقى بولۇپ ئائىلە ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. مال ـ مۈلۈكلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش، ئائىلە ئەزالىرىغا تەنبىھ بېرىش، پەرزەنتلىرىنىڭ نىكاھ ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا بىرتەرەپ قىلىش قاتارلىق ھوقۇقلىرى بار ئىدى. پەرزەنتلەر ئاتىسىنىڭ ئەمرىگە مۇتلەق بويسۇنۇشى شەرت ئىدى، ئاياللار ئەرلىرىگە پۈتۈنلەي بېقىناتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولمايتتى. قىز ـ يىگىتلەرنىڭ نىكاھ ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىشى ناھايىتى ئېغىر ئىدى. كۆپىنچە ھاللاردا ئاتا ـ ئانا، ئاكا ـ ئۇكىلار، ئاچا ـ سىڭىللار، كېلىنلەر توپلىشىپ ئولتۇراتتى. باي پومېشچىك چارۋىدارلار ھەممىشە بىرقانچە خوتۇن ئالاتتى. بىر ئاتا ـ ئانىدىن بولغانلاردىن باشقا قىز ـ يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى ياش قۇرامىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە، بوغۇن پەرقىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىگە، قانداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يىراق ـ يېقىنلىقىغا قارىماي ئەر ـ خوتۇن بولۇۋېرەتتى، نەۋرىلەرنى بىر ـ بىرىگە چېتىش بەكمۇ ئومۇملاشقان ئىش ئىدى. ئائىلە باشلىقلىرى پەرزەنتلىرىگە بالىلىق ۋاقتىدىلا توي چېيى ئىچۈرۈپ قويىدىغان ئىشلار ئەۋج ئالغان ئىدى. نىكاھ ئىشلىرى سودا ـ سېتىق خاراكتېرىدە ئېلىپ بېرىلاتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن يېڭى ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ خىلدىكى كونىچە ئائىلە مۇناسىۋىتى، فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمى كەلمەسكە كەتتى.

▲ كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك ۋە تۇرالغۇ جاي

ئەرلەر قارا قوزا كۆرپىسىدە قارا مەخمەل بىلەن تاشلانغان، كەشتىلەنگەن تەلپەك كىيىدۇ. بۇ خىل تەلپەك ئۇلارنىڭ قىشلىق باش كىيىمى بولۇپ، قار - شىۋىرغان، سوغۇقلاردا تەلپەكنىڭ قاسقىنى چۈشۈرۈۋېتىلسە قۇلاق ۋە يۈز - كۆز سوغۇقتىن ساقلىنىدۇ. يازدا كىيىدىغان يىپەك يىپ بىلەن ئاق شايى ياكى خەسگە گۈل چىقىرىپ كەشتىلەنگەن قايما شاپاق دوپپىنى كىيىدۇ. بېلىگە قارا مەخمەل ياكى باشقا رەختلەردىن كەشتىلەنگەن تۆت چاسا ياغلىق، يىپەكتىن توقۇلغان قۇر، كەشتىلەنگەن تەبەن دەپ ئاتىلىدىغان پوتا باغلىۋالىدۇ.

ئاياللار ھەر خىل نۇسخىدا نەپىس كەشتىلەنگەن كۆلتا، قىز جۇۋانلار شەيدايى دەپ ئاتىلىدىغان باش كىيىمى كىيىدۇ. ئۇلار سىرتقا چىققاندا ھەمىشە ئاق، قىزىل، سېرىق روماللارنى ئارتىۋالىدۇ.

ئىلگىرى بارلىق ئەرلەر ۋە ئاياللار جۇراپ ياكى يۇڭ پايپاق كىيىپ، ئاندىن قونجلۇق قىزىل چورۇق كىيىۋالاتتى. چورۇق يەڭگىل ھەم چىداملىق بولۇپ، تاغلىق رايونلاردا يۈرۈشكە ناھايىتىمۇ باب كېلەتتى. ئاياللار ئۇچىسىغا ئالدى ئىزمىلىنىدىغان ئۇزۇن چاپانلارنى، ئەرلەر قوي ۋە كېيىك تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىلارنى، تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان چەكمەنلەرنى كىيەتتى. ھازىر شىم - كاستۇم، ئۆتۈك، شىبلىت، شلەپە، پەلتولارنى كىيىدىغان بولدى.

ئاياللار قۇلاقلىرىغا ھەر خىل ھالقا، سىرغا ئاسىدۇ. بوينىغا

ئۈنچە ـ مارجان، مەرۋايىت ۋە دىۋەرەك دەپ ئاتىلىدىغان زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقايدۇ. ياش ئاياللار چاچلىرىغا باشتىن ـ ئايىغىچە ئاق سەدەپ ۋە كۈمۈش تۈگمىلەرنى ئاسىدۇ. چېچىنىڭ ئۇچىغا پۇپۇكلۇك چۇلۇك ئېسىۋالىدۇ. كۆلتا، شەيدايىلىرىغا سىلسىلا دەيدىغان كۈمۈش زەنجىر ئېسىۋالىدۇ. قوللىرىغا بىلەزۈك، ئۈزۈك سالىدۇ. كۆكرەك ئالدى قىسمىغا كۈمۈشتىن ياسالغان ھالقا تاقايدۇ.

يېمەك ـ ئىچمىكى ئاساسلىقى ئاشلىق، گۆش، سېرىقماي، قايماق، سۈت ـ قېتىق، مېۋە ـ چېۋە، كۆكتاتلارنى ئاساس قىلىدۇ. سۈت چاي ئىچىشكە ئامراق. ئۆزگىچە تاماق تۈرلىرى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، بۇلماق، يەجمەن، مەكۈت، غىچ، خەش، پىشلاق، ئېجىگەي، كۆك، قاتلىما، قۇيماق، بوغۇرساق، ئۇگرە ـ چۆپ، زاڭ، يوبدان، چۆچۈرە، ئاتىلا، پولۇ قاتارلىق بار. كۆكتاتلاردىن چامغۇر، پىياز، پىننە، يېسىۋىلەك، كاللەكسەي، تۇرۇپ، ياڭيۇ ۋە بىرقىسىم ياۋا كۆكتاتلارنى قوشۇمچە ئىستېمال قىلىدۇ. ئىسلام دىنىدا ھالال دەپ قارالغان مال، ئۇچار قۇشلارنىڭ گۆشىنى يەيدۇ، ئات گۆشىنى يېمەيدۇ.

تار تاجىكلىرىنىڭ مۇقىم، ئازادە، كۆركەم بولغان ئولتۇراق ئۆيلىرى بار. سەۋرۇنخانا، مېھمانخانا، ئايرىلىق ئۆي ( لەڭگەر ئۆي ) قاتارلىق ئۈچ يۈرۈش ئۆي بىر گەۋدە قىلىنىدۇ.

### ▲ توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم، نەزىر ـ چىراغلىرى

توي مۇراسىمى ناھايىتى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. تويغا ھەممە كىشى يېڭى كىيىملىرىنى كىيىپ بېرىپ، توي ئىگىسىنى مۇبارەكلەيدۇ، تويغا ئاتاپ كەلگەن مۇبارەكباد (سوۋغا) لىرىنى قويىدۇ، داپ ۋە سۆڭەك نەي چېلىپ بۈركۈت ئۇسۇلىنى ئوينايدۇ. يەرلىك مىللىي ناخشىلارنى ئوقۇيدۇ. ئەرلەر ئوغلاق تارتىدۇ،

ئاياللار داپ بىلەن ئوغلاق تارتىش مۇزىكىسىنى چېلىپ بېرىدۇ، ئات بەيگىسى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدۇ. قىز ـ ئوغۇل ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ توي قىلىدۇ، يېڭى كېلىن كۆلتىسىنىڭ ئالدى ماڭلاي تەرىپىگە سىلسىلا ئاسىدۇ، قىزىل شايى رومال ئارتىدۇ، تۈرلۈك زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن چىرايلىق ياساندۇرۇلىدۇ. كۆزىگە چوكا سۈرمە دەيدىغان تەبىئىي گىرىم بۇيۇمىنى سۈركەيدۇ، قۇللىرىغا ئاق، قىزىل شايىدىن لېنتا ئېسىلغان ئۈزۈك سالىدۇ. كۈيئوغۇل بولغۇچىنىڭ بېشىدىكى كۆركەم تەلپەككە ئاق ھەم قىزىل شايىدىن سەللە ئورىلىپ، بىر ئۇچى سول مۈرىسىگە ساڭگىلىتىپ قويۇلىدۇ. ياساندۇرۇلغاندىن كېيىن قىز گوياكى پەرىزاتقا، يىگىت بەئەينى جەسۇر شاھزادىگە ئايلىنىدۇ. نىكاھ قىزنىڭ ئۆيىدە ئوقۇلىدۇ، موللا ( ئەئلەم) لار ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە نىكاھ قىلىپ بېرىدۇ. بىر نەپەر يېقىن تۇغقان ئىچىدىن پەدەرخان ( ۋەكىل ئاتا ) بەلگىلىنىدۇ. توي مۇراسىمى تۈگەپ بىر ھەپتىدىن كېيىن يىگىت بىلەن قىز قىز تەرەپنىڭ ئاساسلىق تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە سالامغا بارىدۇ، شۇنىڭ بىلەن توي ئاخىرلىشىدۇ.

ئۆلۈمنى ئۇزىتىش ئادىتىمۇ بىرقەدەر مۇرەككەپ. قازا قىلغۇچىنىڭ بارلىق ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى يىراق ـ يېقىندىن توپلىشىپ كېلىپ، تەلقىن ( مۇسىبەت قوشاقلىرى) ئېيتىشىپ يىغلىشىدۇ. ئەرلەر قازا قىلغۇچىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ بوينىدىن، مۈرىسىدىن تۇتۇپ يىغلايدۇ. ئاياللار تۆردە ئولتۇرۇپ يىغلايدۇ، كېيىن ئۆلۈم ئىگىلىرىگە قايغۇنى كۆچكە ئايلاندۇرۇش توغرىسىدا تەسەللى بېرىپ، كۆڭۈل قويىدۇ. شۇكۈنى ئاياللار تۇپراق بېشىغا چىقمايدۇ. مېيىت ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنى بويىچە يۇيۇپ ـ تارىلىپ، نامىزى چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن

يەرلىكىدە قويۇلىدۇ. دەپنە قىلىنىپ شۇ كۈنى نەزىر بېرىلىدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن قەۋرىسى قاتۇرۇلىدۇ. يەتتە كۈنلۈك، 40 كۈنلۈك ۋە يىللىق نەزىرسى بېرىلىدۇ. يىللىق نەزىرسى ـ مەرىكىسى داغدۇغىلىق بولىدۇ، مەرىكە قازا قىلغۇچىنىڭ روھىغا ئاتىلىپ بېرىلىدىغان نەزىر بولۇپ، بىرقەدەر ياخشى ئۆتكۈزۈش تەلەپ قىلىنىدۇ.

▲ مىللىي ھېيت ـ ئايەملىرى

تار تاجىكلىرىدا مىللىي ۋە دىنىي بايراملاردىن قۇربان ھېيت، روزى ھېيت، شاۋگۇن باھار( نەۋرۇز بايرىمى)، بارات ھېيت، ئۇرۇق چىقىرىش، سۇ باشلاش بايرىمى قاتارلىقلار بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قۇربان ھېيت، روزى ھېيت، نەۋرۇز بايرىمى، بارات ھېيت بىر قەدەر كاتتا ئۆتكۈزۈلىدۇ.

قۇربان ھېيت ـ ئىسلام دىنىنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى بولۇپ، ناھايىتى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. تار تاجىكلىرىنىڭ قۇربان ھېيت ئۆتكۈزۈش ئادىتى باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭكىگە ئوخشايدۇ، لېكىن بەزى بىر نازۇك پەرقلىرى بار. قۇربان ھېيتنىڭ پەيدا بولۇش رىۋايىتى، مەركىزىي ئىدىيىسى، نامىزى، ۋاقتى، قۇربانلىق قىلىدىغان مال قاتارلىقلار بىردەك. پەرقى تار تاجىكلىرى قۇربان ھېيتنى مىللىيچە تۈس ـ ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى ۋە ماددىي تۇرمۇش شارائىتى ئاستىدا ئۆتكۈزىدۇ، ئۇلار قۇربان ھېيتنىڭ قىسمەن تەييارلىقىنى بىر يىل بۇرۇنلا باشلايدۇ. ھەربىر ئائىلە قوربانلىق قوينى بەلگە سېلىپ ئاتاپ قويىدۇ، ھېيت يېتىپ كەلگەن كۈنى نامازدىن كېيىن شۇ قوي قۇربانلىق قىلىنىدۇ. قۇربانلىق قوي سويۇلۇشتىن ئىلگىرى قوينىڭ كۆزىگە سۈرمە تارتىلىدۇ، يۇيۇپ ـ تاراپ تەرەت ئالدۇرۇلىدۇ، ئاندىن ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە ئېلىپ چىقىپ بوغۇزلىنىدۇ. قوي گۆشى

مۇچىلانغاندىن كېيىن، تولۇق گەۋدىسى بىلەن پىشۇرۇلىدۇ، نامازدىن قايتقان ئەل ـ جامائەت توپلىشىپ ئۆيمۇئۆي ھېيتلايدۇ، بىر ـ بىرىنى مۇبارەكلىشىدۇ، گۆش ۋە ھېيتلىق تائاملارنى يېگەچ بىرىلدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىشىدۇ، كەلگۈسى ئۈستىدە خۇشال ـ خۇرام پاراڭلىشىدۇ، ئۆزئارا ئاداۋەتلىشىپ قالغانلار ياراشتۇرۇلىدۇ. قۇربان ھېيتنىڭ ئىككىنچى كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن تۇغقانلارنىڭ قەبرە بېشىغا چىقىپ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدۇ، مال سويۇپ ياكى ئاش ئېتىپ نەزىر بېرىدۇ.

روزا ھېيت ــ ئىسلام دىنى بايرىمى. تار تاجىكلىرى روزا تۇتىدۇ، ئۆزئارا تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى داغدۇغىلىق بولمىسىمۇ، ھەممە ئائىلىلەر بىر ـ بىرىنى ھېيتلىشىدۇ.

بارات ھېيت ــ بۇ بايرام بارات ئېيىنىڭ دەسلەپكى ئىككى كۈنىنىڭ كېچىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ. قازا قىلغانلارنىڭ قەبرە بېشىغا بېرىپ، دۇئا ــ تەكبىر قىلىدۇ، قۇرئان ئوقۇلىدۇ، مال سويۇپ ياكى ئاش ئېتىپ نەزىر بېرىدۇ.

نەۋرۇز بايرىمى ــ بۇ ئۇلارنىڭ يېڭى يىل بايرىمى، باھار بايرىمى. بۇ بايرامدا ھېچقانداق دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىلمايدۇ، بايرام ئىنتايىن تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلىدۇ.

# تار تاجىكلىرىنىڭ خاسىيەتلىك ئەنئەنىلىرى

ئابدۇرەھىم نەۋرۇز

تاجىكلارنىڭ ئۆزگە خاس ئەنئەنىسى بار. ئۇ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىياتنىڭ يادنامىسى بولۇپ، تاجىكلارنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ ـ ئادىتى، مەدەنىيىتىگە مۇناسىپ تەسىر كۆرسىتىپ، شۇلاردا

چىلىقارلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنى قانداق تونۇش، قانداق داۋاملاشتۇرۇش، تەرەققىيات ئۈچۈن قانداق پايدىلىنىش ــ بىزگە ئەسىردىكى مىللىي مەۋجۇتلۇقنىڭ ئېھتىياجى.

▲ ئەخلاق ـ پەزىلەت ئەنئەنىسى

تاجىكلاردا ئەخلاق ـ پەزىلەت تەربىيىسى ئۇلارنىڭ كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا ئېلىپ بېرىلغانلىقتىن، مۇكەممەل ئەخلاق مىزانى ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ ھەربىر ھۇجەيرىلىرىگىچە سىڭىپ كەتكەن ھەمدە مۇپەسسەل ئەخلاق سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە شارائىت ھازىرلىغان. تاجىك جەمئىيىتىدە ھەربىر ئېغىز سۆز، ھەربىر ئىش ـ ھەرىكەت، ماقال ـ تەمسىللەر، چۆچەك، مەسەل، ناخشا ـ قوشاقلار، نەغمە ـ ئۇسسۇل، مەشرەپ، مۇقام ـ پەلەكلەردە ئەخلاقىي تەربىيە ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، ئىنسانپەرۋەرلىك، يۇرتىنى سۆيۈش، باراۋەرلىك، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، ياردەم بېرىش، مەنپەئەت يەتكۈزۈش، سەمىمىي، تىلى گۈزەل بولۇش، دىيانەتلىك، مېھرىبان بولۇش... تەشەببۇس قىلىنىپ كەلگەن. ئەزەلدىن ئاتا ـ ئانىلار چەكسىز ھۆرمەتلىنىدۇ، ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتۈش، ئۆزئارا كۆيۈنۈش، ياردەمدە بولۇش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، ئادەملەر ئارىسىدىن بۆلۈپ ماڭماسلىق، دوستانە، كەمتەر بولۇش ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. ئۇلار قانۇن ـ ئىنتىزامغا قەتئىي بويسۇنىدۇ، ھەرقانداق جىنايى قىلمىشلار سادىر بولغىنى يوق، كىچىلىرى ئىشىك تاقالمىسىمۇ، چارۋىلار قوتانغا كىرگۈزۈلمىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، قويۇپ قويغان نەرسە ھەرگىز يوقالمايدۇ...

▲ قىزغىن، مېھماندوستلۇق ئەنئەنىسى

تاجىكلار مېھماندوست خەلق. ئۆيگە كەلگەن مېھماننى ئۆز ـ يات، چوڭ ـ كىچىك، باي ـ نامرات دەپ ئايرىماستىن، ئوخشاش

كۆزدە قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. مېھمان تۆردىن ئورۇن ئېلىشقا مەرھەمەت قىلىنىدۇ، ھەممەيلەن قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن، ساھىبخان ئەنئەنە بويىچە «خوش ئامەدى»(خۇش كەپسىز) دەيدۇ، مېھمان «بارىكاللا»دەپ جاۋاب بېرىدۇ. مېھمانلارغا ئەڭ ئېسىل تائام تەييارلىنىدۇ، قوي كىرگۈزۈپ، دۇئا قىلدۇرۇپ، مېھمانغا ئىززەت كۆرسىتىلىدۇ، ئائىلە ئەزالىرى مېھمانلار ئالدىدا يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلىشمايدۇ، مېھمانلار ئالدىدىن توغرا كېسىپ ئۆتمەيدۇ، مەھەللىدىكىلەرمۇ قىزغىنلىق بىلەن مېھمانلارنى چاقىرىشىپ، ھۆرمىتىنى بىلدۈرىدۇ، مېھمانلاردىن ئاشقان تائاملارنى «رەھمەت»، «ھەشقاللا» بىلەن قولىغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىلا بىرەر قوشۇق، بىرەر كاپامدىن ئېغىز تەگكۈزۈپ قويىدۇ. ئەگەر مېھمانلار قونۇپ قالسا ئۇلارغا ئەڭ يېڭى يوتقان- كۆرپە تەييارلىنىدۇ. بىرەر ئادەمنىڭ باي - كەمبەغەللىكىنى ئايرىشتىمۇ كەلگەن مېھمانلارنى ياخشى كۈتكەن - كۈتمىگەنلىكى بىلەن ئۆلچەيدۇ... مېھمانلار ئۇزاپ ماڭغاندا ساھىبخان ئۇلارغا ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلايدۇ ۋە خېلى يەرگىچە ھەمراھ بولۇپ ئامانلىق تىلەپ ئۇزىتىپ قويىدۇ. «مېھماننىڭ كېلىشى ئۆيگە بەرىكەت» دېگەن ماقال كەڭ تارقالغان.

### ▲ ئاياللارنى ھۆرمەتلەش ئەنئەنىسى

تاجىكلار ئىچىدە «ئانىلار - ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئىجادچىسى، ئىنسانلار تارىخىنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەر» دەيدىغان قاراش بار. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئاياللارنى تولىمۇ ھۆرمەتلەيدۇ. «ئەرلەر ئەزىز، ئاياللار خار»، «چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا» دەيدىغان فېئوداللىق ئەنئەنىۋى قاراشلار مەۋجۇت ئەمەس. ئاياللارنىڭ ئىنسانىي ئىززەت - ھۆرمىتى ھىمايە قىلىنىدۇ، ھوقۇقتا باراۋەر، ئائىلە ئىشلىرىدا بەلگىلىك

ئىمتىيازلىق، ئائىلە ئىشلىرىغا باشچىلىق قىلالايدۇ، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشالايدۇ. ئاياللارنى خورلاش، بوزەك قىلىش، تاشلىۋېتىش قاتتىق ئەيىب ھېسابلىنىدۇ. ئۆيگە كىرگەندە ئالدى بىلەن ئاياللار كىرىدۇ ۋە قائىدە بويىچە تۆردىن ئورۇن ئالىدۇ. قولىغا سۇ بېرىش، داستىخان سېلىپ تاماق تارتىش قاتارلىقلار ئالدى بىلەن ئاياللاردىن باشلىنىدۇ. سەپەرگە چىقىشتا ئەڭ ياخشى ئات، ئەڭ ياخشى جاي ئاياللارغا بېرىلىدۇ. توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىدا ئاياللارنىڭ ئورنى ۋە رولى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ.

### ▲ سالاملىشىش، كۆرۈشۈش ئەنئەنىسى

تاجىكلارنىڭ ھېچقانداق دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىمىغان، ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى، مىللىي ساپلىقى ۋە ھېسسىيات ساپلىقىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان ئۆزئارا سالاملىشىش، كۆرۈشۈش ئادەتلىرى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئەرلەر ئۇچراشقاندا قىزغىن ھال ئەھۋال سورىشىپ، قول ئېلىشىپ سالاملىشىدۇ. يېقىن تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەر قۇچاقلىشىپ، بىر - بىرىنىڭ قوللىرىغا سۆيۈشۈپ مېھرىبانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ پېشانىسىگە، كۆزلىرىگە، مەڭزىگە سۆيۈپ، بالىلار ئاتا - ئانىسىنىڭ قولىغا سۆيۈپ كۆرۈشىدۇ. سىڭىللار ئاكىلىرىنىڭ قولىغا سۆيىدۇ. ئەرلەر بىلەن ئاياللار كۆرۈشكەندە، ئاياللار ئاۋۋال ئەرلەرگە سالام قىلىدۇ، ئەرلەر ئىلىك ئېلىپ جاۋاب قايتۇرىدۇ. ئاياللار ياشتا چوڭ، ئاقساقال ھەرقانداق كىشىنىڭ قولىغا سۆيۈپ كۆرۈشىدۇ، دىنىي مۆتىۋەرلەرنىڭ قولىغا ھەممە كىشى سۆيىدۇ. تەڭ ياشتىكى ئاياللار بىر- بىرىنىڭ لېۋىگە، قىز - جۇۋانلار ياشانغان ئاياللارنىڭ قولىغا، ياشانغان ئاياللار ياش ئاياللارنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويىدۇ.

▲ ئائىلە نەسەبنامىسى تۈرغۈزۈش ئەنئەنىسى

تاجىكلار جەمئىيەتىنىڭ ئەڭ كىچىك ھۈجەيرىسى بولغان ئائىلىنىڭ نەسەبنامىسى (ئائىلە شەجەرىسى) نى يېزىپ قالدۇرۇش، ئۆز يىلتىزىغا ئەھمىيەت بېرىشتەك قىممەتلىك ئەنئەنىگە ئىگە. ھەربىر ئائىلىنىڭ ئەر تەرەپىنى ئوق قىلىپ نىكاھ ئىشلىرىدىن شەكىللەنگەن قان - قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى خاتىرە قىلىپ يېزىپ قالدۇرۇش ۋە ياكى بىر جەمەتىنىڭ توغقاندارچىلىق دەرىجىسىنى خۇددى ئېقىننىڭ تارماقلىرىدەك، دەرەخنىڭ شاخلىرىدەك قىلىپ تەسۋىرلەش نەچچە يۈزيىلدىن بېرى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشقان مۇھىم ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى. ئۇلار بالىلىرىنى كەم بولغاندا يەتتە ئەجدادىنىڭ ئىسمىلىرى، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە پائالىيەتلىرى ھەققىدىكى ھېكايىلار بىلەن تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئائىلە نەسەبنامىسى ئائىلە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنىڭ قورالى دەپ قارايدۇ. كېلىپ چىقىش تارىخىنى بىلمەسلىكنى ئەيىب كۆرىدۇ، ھەممىز بىر تۇغقان – قېرىنداش دېگەن مەنىۋى ھېسسىياتنى ئويغىتىپ، پۈتۈن جەمئىيەت دائىرىسىدە ئۆزئارا كۆيۈنۈش، مېھرىبانلىق، ئىتتىپاقلىق، خالىس ياردەم، ئىنسانىي پەزىلەت ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئۈچۈن ئاساس يارىتىدۇ.

▲ سەممىي - راستچىللىق ئەنئەنىسى

تاجىكلار باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت - مۇئامىلىدە راستچىللىقى، ئاددىي - ساددىلىقى، سەممىي - كەمتەرلىكى بىلەن ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ، لەۋزىدە - گېپىدە تۇرىدۇ، پەرزەنتلىرىنى مېھرىبان، سەممىي - ساپ دىل، كەمتەر ۋە راستچىل بولۇش قاتارلىق مەزمۇنلار بىلەن تەربىيىلەيدۇ. بىر

نىيەت ـ بىر مەقسەتتە ئۆزئارا ياردەم، غەمخورلۇق قىلىدۇ، بىر ـ بىرىگە مەدەت ـ ئىلھام بېرىپ، قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەپ، ئۆزئارا يېتەكچىلىك قىلىپ ئورتاق گۈللىنىش ئۈچۈن ھەمكارلىشىدۇ، كەلگۈسى ئۈچۈن ئورتاق باش قاتۇرىدۇ. مىللەتلەر ئارا دوستانە، بېرىش ـ كېلىشتە سەممىي ـ سادىق بولۇپ، ئېسىل خىسلەتلىرى بىلەن ئىجابىي تەسىر قالدۇرۇپ، مەدەنىيەتنىڭ تەسىر كۆرسىتىشىدە پائال رول ئوينايدۇ.

▲ دوست تۇتۇش ئەنئەنىسى

تاجىكلاردا «مىڭ دوست كەملىك قىلىدۇ، بىر دۈشمەن ئازلىق قىلمايدۇ»، «دوست پىچاقتەك كېلۇر، دۈشمەن شېكەردەك» دېگەن ماقاللار كەڭ تارقالغان. دوست تۇتۇش مەرىكىسى (مۇراسىمى) ئۆتكۈزۈلۈشتىن ئاۋۋال، دوستلاشقۇچى ئىككى تەرەپنىڭ تۇغقانلىرى ۋە ئەل ـ جامائەت شۇ ئۆيگە توپلىشىپ كېلىپ قىزغىن كۆتۈۋېلىنىدۇ. قۇرئان تۇتۇپ قەسەم بېرىپ دوست بولۇش ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى قائىدە رەسمىيەت بولۇپ، دەبدەبىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈش يولى بىلەن ئەل ـ جامائەت ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

مەرىكە باشلانغاندا، ئىككى تەرەپ تەرەت بىلەن پىكى ـ پاكىز كىيىملىرىنى كىيىشىدۇ. مېھمانلار، ئەل ـ يۇرت ئىككى تەرەپنىڭ ئارتۇقچىلىق، كەمچىلىكى ئۈستىدە مۇتائىلە قىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا كۆيۈنۈپ، بىر ـ بىرىگە ئىشىنىپ، ياردەمدە بولۇپ، دوستلۇقنى قەدىرلەشنى، ئىززەتلەشنى، مەڭگۈگە داۋام ئەتكۈزۈشنى، دوستلاردىن بولۇشنى ئۈمىد قىلىپ، پەند ـ نەسىھەت قىلىدۇ، ئاندىن ئۇلارغا قۇرئان قۇچاقلىتىپ، ئىككىسىنىڭ مەيدىسىگە نۆۋەت بىلەن تۇتۇپ، ئۇلارغا ساداقەتمەنلىك تىلەپ دۇئا بېرىپ مەرىكىنى

ئاخىرلاشتۇرىدۇ. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە بىر تەرەپ جاۋابەن دوستلىشىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ.

ئىككى تەرەپ دوستلاشقاندىن كېيىن، بىر ـ بىرىگە زىيادە ئىززەت ـ ئىكرام بىلدۈرۈشىدۇ، قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش ئۈستىدە ئورتاقلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىمۇ يېقىن تۇغقاندەك بولۇپ كېتىدۇ، شۇ ئائىلىنىڭ پەرزەنتلىرى ئىككى تەرەپتىكى ئاتا ـ ئانىلارنى «ئايشىئاتا»، «ئايشىئانا» دەپ ئاتاپ، «ئاتا ـ ئانا» دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ئۇلۇغلاپ، ئۆز ھۆرمىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

▲ تەبىئەتنى سۆيۈش ئەنئەنىسى

تاجىكلار «تەبىئەت ـ ئىنسانلارنىڭ ئانىسى» دەپ قارايدۇ. تاجىكلار ياشاۋاتقان جايلاردا گۈزەل باغلارغا گىرەلەشكەن ئوت ـ چۆپ، رەڭگارەڭ گۈل ـ چېچەكلەر، زىلال سۇلار بار. يايلاقلىرى تېخىمۇ گۈزەل بولۇپ، تەبىئىي ئورمانلار بىلەن ئاجايىپ مەنزىرە ھاسىل قىلغان. ھاۋاسى ساپ، بۇلغىنىشتىن خالىي، مەدەنلەرگە باي، ياۋايى ھايۋانلار ۋە سەرخىل ئۇچار قۇشلىرى بىلەن ناھايىتى ياخشى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا ئىگە.

تاجىكلار ھەمىشە تەبىئەتنى ئاسراش، تەبىئەتنى سۆيۈش تەربىيىسى ئېلىپ بارىدۇ. تەبىئەتنى قوغدايدۇ، دەريا بويىدا كىرـ قات يۇمايدۇ، چېچىنى تارىمايدۇ، گۈل ـ چېچەكلەرنى خالىغانچە ئۈزمەيدۇ، قىر ـ يايلاقلارنى خالىغانچە بۇزمايدۇ، ئورمان كېسىپ بىنەم ئاچمايدۇ، ھايۋانلار، ئۇچار قۇشلارغا ئازار يەتكۈزمەيدۇ.

تاجىكلارنىڭ تەبىئەتنى سۆيۈش ئەنئەنىسى يەنە تەبىئىيلىكنى، تەبىئىي گۈزەللىكنى سۆيۈش قارىشىنىمۇ

تەۋەللۇت قىلغان، بولۇپمۇ قولى گۈل تاجىك خوتۇن - قىزلىرى نەپىس كەشتىلەنگەن «كۈلتا»، «شەيدايى»، «سەرشاھى» ( باش كىيىم) لىرىنىڭ بىر كۋادرات سانتىمېتىر كەلمەيدىغان جىيەكلىرىگە بىر پۈتۈن چىمەنزارلىقنىڭ مەنزىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشى بۇ نۇقتىنى دەلىللەيدۇ. ئۇندىن قالسا گۈل چېكىلگەن كىيىملەر، ئائىلە بۇيۇملىرى، ئات جابدۇقلىرى، ياغاچ نەققاشلىرى قاتارلىقلاردىكى كەشتە، ئويمىلار تەبىئەتتىن ئېلىنىپ ئاجايىپ زوق بەخش ئېتىدۇ.

▲ مۇبارەكلەش، بىر - بىرىگە بەخت تىلەش ئەنئەنىسى

تاجىكلار ئادەتتە ئاق رەڭنى ياخشى كۆرىدۇ، ئاق رەڭ پاكلىق ۋە ساپلىقنىڭ سىمۋولى دەپ قارايدۇ. ئۇلار تۇرمۇشتىكى بارلىق خۇشاللىقلار ئاق رەڭ ئۈستىگە مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، ئاق رەڭ ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىدا ئاق ئۇن ئەڭ پاك، ساپ ھېسابلىنىدۇ. ھېيت - ئايەملەردە ئاق رەڭنىڭ سىمۋولى بولغان ئاق ئۇن تاملارغا سېپىلىپ بەخت تىلىنىدۇ، بايرام مەرىكىلەردە مېھمانلارنىڭ مۈرىسىگە ئاق ئۇن سېپىپ مۇبارەكلەيدۇ، تويدا كۈيئوغۇل - كېلىننىڭ مۈرىسىگە ئاق ئۇن سېپىپ بەخت - ئامەت تىلىنىدۇ، ئاياللار بوۋاققا ئۇن سېپىپ، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن ئادەمزاتقا سالامەتلىك، ئاق كۆڭۈللۈك، ئاق يول تىلەيدۇ. دېمەك، ئاق ئۇن سېپىپ بىر - بىرىنى مۇبارەكلەش، بەخت تىلەش — تاجىكلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەنئەنىلىرىنىڭ بىرى.

▲ تەۋەككۈلچىلىك ئەنئەنىسى

تاجىكلار تەۋەككۈلچىلىك ۋە ھاياتىي كۈچكە تولغان شەكلى بىلەن ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە تەۋەككۈلچىلىك — ئىنسانلار ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك مەنىۋى كۈچ، ئۇلۇغ روھ

بولۇپ، ئۇ يېڭىچە كىشىلىك تۇرمۇش يولى ۋە ئۆزلۈك ئېڭىنى يارىتىشنىڭ ئۇل تېشى، مەدەنىيەتكە قەدەم قويۇشنىڭ بوسۇغىسى ھېسابلىنىدۇ. ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك مۇھىتتىكى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ھالاكەت كىرىزىسى، ئۇلارنى ھاياتلىق ئۈچۈن يېڭى يول، يېڭى تەدبىر تېپىشقا قىستىدى، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ياشاشقا، ھاياتلىق كۈرىشىگە بولغان ئىرادىسى كۈچىيىپ باردى. تاجىكلار ئۆزىگە ئۆزى ئىشىنىدۇ، يۈكسەك ئىرادىلىك بولۇپ، يىراقنى كۆرەلەيدۇ. ئۇلاردا تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت ياكى تاشقى سەۋەب كەلتۈرۈپ چىقارغان تۈرلۈك كەلگۈلۈكلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان چىدام ۋە تەڭداشسىز قەيسىرانە كۈچ بار. كەسكىن مۇھىت ۋە ئەجدادلاردىن مىراس قالغان جەڭگىۋارلىق ئۇدۇمى بۇ قەدىم مىللەتتە قەيسەرلىك، باتۇرلۇق، جەسۇرلۇق، سەزگۈرلۈك، ھوشيارلىق تەلەپ قىلىدىغان غالىبلارچە خاراكتېر، يۈكسەكلىك، بەردەملىك ۋە قەھرىمانلىق تۇيغۇسىنى يەنىمۇ يالقۇنلىتىپ، ئۆزىگە خاس بولغان تەۋەككۈلچىلىك ئەنئەنىسىنى ياراتتى. ئۇلاردا «تەۋەككۈلچىلىك — يېڭىلىق يارىتىش دېمەكتۇر» دەيدىغان ھېكمەتلەر ھازىرغىچە ساقلانماقتا.

# تار تاجىكلىرىدا ئائىلە

## ئەنۋەر قۇربان تەۋەررۇك، ئەزىمەت مۇھەممەدنىياز ئاتەش

ئېلىمىز تاجىكلىرى پامىر ئېگىزلىكىدە ياشاپ كېلىۋاتقان، ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزىگە خاس ئېسىل مەدەنىيەت دۇردانىلىرىنى ياراتقان قەدىمىي،

مەدەنىيەتلىك مىللەت.

تاجىكلاردا ئەرلەرنى ئاساس قىلغان ئاتا ئۇرۇقداشلىق ئائىلە تۈزۈمى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئائىلىنىڭ چوڭ ـ كىچىك پۈتكۈل ئىشلىرى بوۋا (بابا)نىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزى، ئىش ـ ھەرىكىتى شۇ ئائىلە كىشىلىرى ئۈچۈن ئەمەل قىلىنىسا بولمايدىغان ئائىلە مىزانى ۋە ئائىلە ئەخلاقىدىن ئىبارەت. بوۋا (بابا)ئائىلىدە ئۈلگىلىك رول ئوينىپلا قالماستىن، بەلكى شۇ يۇرت ئۈچۈنمۇ چوڭ تەسىرگە ئىگە بولغاچقا، بەلگىلىك دەرىجىدە ھۆرمەتكە نائىل بولىدۇ.

بوۋا (بابا) باشقا ئۆي چوڭلىرىغا قارىغاندا، تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ۋە ساۋاتىغا بىرقەدەر باي بولغانلىقتىن، باشتىن ـ ئاخىر ئائىلىگە ۋە پەرزەنت تەربىيىسىگە مەسئۇل بولىدۇ.

ئۇ بالىلارنى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىپ ئاخىرقى ئۆمرىنى كەنجى ئوغۇل بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا كەنجى ئوغۇلنىڭ ئۆيى «چوڭ ئۆي»، «بەرىكەتلىك ئۆي»، «جەننەت» دېگەندەك ناملار بىلەن سۈپەتلىنىدۇ. شۇڭا، تاجىكلاردىكى «قېرى كەلدى، خىزىر كەلدى» دېگەن ماقالنىڭ مەيدانغا چىقىشى ھەرگىز ئورۇنسىز ئەمەس.

تاجىكلارنىڭ ئائىلە مەدەنىيىتىدە سالاملىشىش ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ئائىلىدە بابا (بوۋا)، ماما (موما) يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يۇرت ئىچىدىمۇ ئالاھىدە ھۆرمەتلىنىدۇ. ھەر كۈنى بامدات نامىزىدىن كېيىن پەرزەنتلەر ئاتا ـ ئانىسىغا سالامغا كېلىدۇ. پەرزەنتلەر ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قولىغا سۆيىدۇ، ئاتا ـ ئانا پەرزەنتلەرنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ تىنچ ـ ئامانلىق سورىشىدۇ. بۇ خىل سالاملىشىش «مېنى بېقىپ چوڭ قىلغان مۇبارەك قوللىرىڭغا رەھمەت، پېشانەڭ

ئوچۇق، بەختىنىڭ يورۇق بولسۇن» دېگەندەك چوڭقۇر مەنىلەرگە ئىگە.

سالامىلىشىش ئادەتلىرى تاجىكلار جەمەتىدە ئومۇملۇق خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، تاجىكلارنىڭ ئائىلە مەدەنىيىتىدە خۇددى گۆھەردەك چاقناپ تۇرىدۇ.

پەرزەنت تەربىيىسىمۇ ئۇلارنىڭ ئائىلە مەدەنىيىتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان.

تاجىكلار ئەزەلدىن بالىلارنى تەربىيىلەشكە سەل قارىمايدۇ. ئۇلار بالىلارنىڭ ئەدەپلىك، ئەخلاقلىق، ئەقىللىق، تىرىشچان بولۇشىغا ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىدۇ. ئۇلارنى تەربىيىلەشتە ئىشنى كىچىكىدىن باشلايدۇ. شۇڭا، تاجىكلاردا: «بالا كىچىكىدىن، تىرىق قولقىدىن» دېگەن ماقال پەرزەنت تەربىيىسىنىڭ تاجىكلار جەمئىيىتىدىكى رولىنى شەرھلەيدۇ.

تاجىكلار بالىلارنى تەربىيىلەشتە ئاۋۋال مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىش، داستىخان سېلىش، كەچتە مېھمانلارنىڭ كەشىنى تارتىشتەك قائىدە - يوسۇنلارغا پىششىق بولۇشتىن باشلايدۇ. ئوغۇللار ئاتا بىلەن كۆپرەك بىرگە بولۇپ، ئوۋ ئوۋلاش، ئوقيا ئېتىش، تاققا چىقىش، مىلتىق ئېتىش، ئات مىنىش، قوتاز كۆندۈرۈش قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەردە كامالەتكە يەتكۈزۈلگەندىن سىرت، يەنە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ھۈنەر- كەسىپ ئىشلىرىدىمۇ زور دەرىجىدە ماھارەتكە ئىگە قىلىنىدۇ.

قىزلار كۆپىنچە ئانا بىلەن بىرگە بولۇپ ئائىلە ئىشلىرىغا پۇختا بولغان بولىدۇ. قىزلار 9 ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن، تاماق ئېتىش، كىر - قات يۇيۇش، سېغىن سېغىش، تىككۈچىلىك، زىبۇزىننەت ياساش قاتارلىق ئاياللار شۇغۇللىنىدىغان ھەرقانداق ئىشتا مۇكەممەللىككە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. بۇ

جەرياندا ئانا قىزلارغا نىسبەتەن قاتتىق تەلەپ قويۇپ ئەدەپ - ئەخلاق توغرىسىدا كۆپلەپ تەلىم بېرىدۇ. ئانىنىڭ قانداق بولۇشى شۇ قىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا، تاجىكلاردا «ئانا كۆرۈپ قىز ئال، قىرغاق كۆرۈپ بۆز ئال».

«راۋاب دېگەن بىر ياغاچ،
سۆزلەيدىغان تارىسى.
چوكان دېگەن بىر نادان،
باشلايدىغان ئانىسى.»

دېگەنگە ئوخشاش ماقال ۋە خەلق قوشاقلىرى مەيدانغا كەلگەن.

سىز ھەرقانداق بىر ئۆيگە كىرگەندە شۇ ئائىلىنىڭ قانچىلىك مەدەنىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايسىز! رەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇلغان، ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا بېزەلگەن ئازادە ئۆيلەر، چېۋەر كەشتىچى قىزلارنىڭ كەشتىلەپ چىققان چىرايلىق ئۆي سەرەمجانلىرى سىزنى خۇددى گۈلزارلىق ھويلىدا تۇرغاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرمەي قالمايدۇ. مانا بۇ پەرزەنت تەربىيىسى، ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغان ئائىلە مەدەنىيىتى.

تاجىكلاردا ئۇرۇق - توققانلارنى ئاتاش ئەنئەنىسىمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ، تاجىكلار ئائىلە مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى.

ئاتا - ئانىنىڭ ئاتا - ئانىسى(بابا - ماما)، ئاتا - ئانىنىڭ تاغىسى (بابا - ماما)، ئاتىنىڭ ئاكىسى (چوڭ دادا)، ئاتىنىڭ ئاپىسى (ئاقئانا)، ئانىنىڭ ئاكىسى (تاغا)، ئاتا - ئانىنىڭ سىڭلىسى (ئاپا)، تاغىنىڭ ئىنىسى (خارى)، بىر نەۋرە (جان پەتىش)، ئىككى نەۋرە (پەت پەتىش).

دېمەك، تاجىكلار قەدىمدىن تارتىپ رەڭگارەڭ ئەنئەنە،

ئادەتلىرى ئۆزگىچە مەدەنىيەتلىك مىللەت. ئائىلە مەدەنىيىتى ئۇلارنىڭ ئۇزاق تارىخىي جەرياندىكى تۇرمۇش، ھايات تەجرىبىلىرىنىڭ كارتىنىسى سۈپىتىدە بۇگۇنگىچە ئۆزىنىڭ خاسلىقى ۋە ئەنئەنىۋىلىكىنى قىلچە يوقاتماي ئەۋلادمۇئەۋلاد تاكامۇللىشىپ ۋە راۋاجلىنىپ كەلمەكتە.

# تاجىكلارنىڭ مىللىي كىيىم - كېچەكلىرى ۋە زىبۇزىنەت بۇيۇملىرى

## جاپپار ياۋاسار بازار بايىف

ئېلىمىز تاجىكلىرى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزىگە خاس مىللىي ئۆرپ - ئادەت ۋە قائىدە - يوسۇنلارنى شەكىللەندۇرگەن بولۇپ، ئەنئەنىۋى - مىللىي كىيىم - كېچەكلىرى ۋە تۇرلۇك زىبۇزىنەت بۇيۇملىرى بىلەن باشقا مىللەتلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. تاجىكلار قەدىمدىن تارتىپ كىيىم - كېچەك ۋە زىبۇزىنەت بۇيۇملىرىغا ناھايىتى ئېتىبار بېرىپ كەلگەن. تارىختىن بۇيان «تاجىكلارنىڭ سىمۋولى» دەپ قارالغان تاجىك ئەر- ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى باش كىيىمى - ئەرلەرنىڭ نەپىس تىكىلگەن تەلپىكى بىلەن ئاياللارنىڭ رەڭدار كۆركەم كەشتىلەنگەن «كۇلتا»لىرى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا ماس ھالدا ئېگىزلىك خاراكتېرىنى ئالغان، قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە باش كىيىم. ئۇ تاجىك مىللىتىنىڭ مىللەت نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تاجىك خەلقىنىڭ رىۋايەتلىرىدە «تاجىك» دېگەن بۇ مىللەت نامى «تاج» (پادىشاھلارنىڭ تاجى) دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان دېيىلىدۇ. ئالىملار ئۇنى ئەسلىدىكى

«تاجدار» (تاج كىيگۈچى، تاجدار شاھ، تاجلىق)، «تاجىيەك» (بىردىنبىر تاج) دېگەن سۆزلەرنىڭ تەدرىجىي بۇزۇلۇشى دەپ قارايدۇ ۋە «تاجىك» ئاتالغۇسىنى «خان تاجى» (شاھلىق تاجى) دەپ ئىزاھلايدۇ.

تاجىكلارنىڭ ئۆزگىچە كىيىم ـ كېچەكلىرى قويۇق ئەنئەنىۋى، مىللىي تۈسكە ئىگە. ئەرلەر ئادەتتە بېشىغا تېشى قارا مەخمەل، ئىچى قارا قوزا تېرىسىدىن تىكىلگەن «تەلپەك» (تۇماق)كىيىدۇ. بۇنداق تۇماق خېلى ئېگىز بولۇپ، ئۈستى قارا مەخمەلدە تاشلىنىپ، چۆرىسىگە قىزىل، كۆك مەخمەللەر ياكى بەقەسەم، ئەتلەسلەردىن جىيەك تۇتۇلىدۇ، ئاندىن يان تەرىپىگە بىرنەچچە رەت چەمبەرسىمان سىزىق ۋە ھەر خىل كەشتىلەر تىكىلىدۇ. ياشلار ۋە بالىلارمۇ مۇشۇ خىل نۇسخىدا تىكىلگەن، ئاق شايىدا تاشلانغان تۇماق كىيىدۇ. بۇنداق تۇماقنى ئىسسىقتا چۆرىسىنى قاتلاپ كىيىشكە، سوغۇقتا ئارقا تەرىپىنى گەدەنگە چۈشۈرۈپ كىيىشكە بولىدۇ. تاجىكلار يازدا ئاق رەخت ( ئاق شايى ياكى خەسە) گە ھەر خىل نۇسخىدا گۈل كەشتىلەپ تىكىلگەن ئۆزگىچە خاس «پەكول» دەپ ئاتىلىدىغان دوپپا كىيىدۇ. ئاياللار كۆلتا، شەيدايى دەپ ئاتىلىدىغان باش كىيىم كىيىشىدۇ. كۆلتىنىڭ ئاياللارنىڭ ياش پەرقى ۋە پەسلىگە قاراپ كىيىدىغان ئاساسلىق ئۈچ خىل ئومۇملاشقان نۇسخىسى بولۇپ، ھەممە يېرى رەڭدار كەشتىلەنگەن «چەكەن كۆلتا» ۋە يازلىق «شەيدايى كۆلتا» سى بار. بۇ خىلدىكى باش كىيىملەرنى قىزلار ۋە چوكانلار كىيىدۇ. ئالدى تەرىپىلا كەشتىلەنگەن «سىدام كۆلتا» نى ياشانغان ئاياللار كىيىدۇ. ھەرخىل، رەڭگارەڭ كۆلتا تىكىش تاجىك خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ بىر خىل ئەنئەنىۋى، نەپىس قول ھۈنەر ـ سەنئىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قىزلارنىڭ ھەممىسى كىچىكىدىنلا كۆلتا

تىكىشىنى ئۆگىنىدۇ، ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ ياش پەرقىگە قاراپ، كۆلتىسىنىڭ ئۇستىگە قىزىل، سېرىق، ئاق روماللارنى ئارتىدۇ.

تاجىك ئەرلىرى ئۇچىسىغا قىسقا ياقىلىق ئاق يەكتەك (كۆڭلەك) كىيىدۇ. بەزى يەكتەكلەرنىڭ، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ يەكتەكلىرىنىڭ ياقا ۋە مەيدىسىگە ھەر خىل پاسوندا كەشتە تىكىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە «ۋەسكەت» دەپ ئاتىلىدىغان يەڭسىز جىلىتكە بىلەن ئۇزۇن تون كىيىپ، بېلىنى پاختا، يىپەك ياكى يۇڭ يىپتىن گۈل چىقىرىپ توقۇلغان بەلۋاغ ياكى كەشتىلەنگەن چاسا ياغلىق بىلەن باغلايدۇ. قىش كۈنلىرى قوي، تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان چەكمەن ياكى قوي، كېيىك تېرىسىدىن تىكىلىپ، رەخت بىلەن تاشلانغان جۇۋا، تاشلانمىغان ئاق جۇۋا كىيىدۇ، تۇرلۇك رەختلەردىن شىم كىيىپ، شىمنى پاختا، يىپەك ياكى مەشۇت يىپ بىلەن گۈل چىقىرىپ توقۇلغان تەرۋىگە (ئىشتانباغ) بىلەن باغلايدۇ، شىمنىڭ پۇشقىقىنى چورۇق ياكى ئۆتۈكنىڭ ئىچىگە تىقىۋالىدۇ.

خوتۇن - قىزلار ھەر خىل گۈللۈك رەختلەردىن ئۇزۇن كۆڭلەك، ئۇستىگە ئالدى كەشتىلەنگەن ۋەسكەت (جىلىتكە)، ئۇزۇن چاپان ياكى ياقىسىز گۈللۈك تون كىيىدۇ. ياشلار بىلەن ياشانغانلارنىڭ كىيىملىرىنىڭ رەڭگى ۋە پاسونى پەرقلىنىدۇ. چوكانلار بىلەن قىزلار كۆپىنچە قىزىل، سېرىق، جىگەر رەڭلىك گۈللۈك رەختلەردىن كۆڭلەك كىيىدۇ، ياشانغان ئاياللار كۆپ ھاللاردا قارا، كۆك ياكى يېشىل گۈللۈك رەختلەردىن كۆڭلەك كىيىدۇ. تاجىك ئاياللىرىنىڭ كىيىم رەڭگىگە قاراپ ئۇلارنىڭ ياش-قېرىلىقىغا، توي قىلغان - قىلمىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە رەڭ قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

تاجىك ئەر - ئاياللىرىنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا پۇتىغا قوي

يۇڭىدىن ئىشلەنگەن كىگىز پايپاق ياكى رەڭلىك يۇڭ يىپتىن گۈل چىقىرىپ توقۇلغان جۇراپ كىيىدۇ. پايپاق ئۈستىگە قونجى كېيىك تېرىسىدىن تىكىلىپ، قىزىل رەڭدە بويالغان، چەمى كالا ياكى قوتاز تېرىسىدىن ئۆزۈن قونجلۇق چورۇق كىيىدۇ.

تاجىك خوتۇن ـ قىزلىرى چىرايلىق كىيىنىشتىن باشقا، ياسىنىش ۋە تۈرلۈك زىبۇزىنىنەت بۇيۇملىرىغا ئىنتايىن ئېتىبار بېرىدۇ. ئۇلار ئۆزىگە خاس زىبۇزىنىنەت بۇيۇملىرىنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇنى بىر خىل مىللىي ئەنئەنە دەپ قارايدۇ. يېڭى توي قىلغان كېلىنلەر كۆلتىسىنىڭ ئۈستىگە كۈمۈشتىن ياسالغان سىلسىلا دەپ ئاتىلىدىغان زەنجىر ئاسىدۇ، چېچىغا تۆت قۇر ئاق سەدەپ قادايدۇ، چېچىنىڭ ئۇچىغا مەشۇت ياكى يىپەك يىپتىن پۆپۈك چىقىرىپ ياسالغان چۇلۇك ئاسىدۇ، قۇلاقلىرىغا ھالقا، سىرغا، گۈشۋار قاتارلىق قىممەت باھالىق ئېسىل زىنىنەت بۇيۇملىرىنى سالىدۇ، بوينىغا ھەرخىل ئۈنچە ـ مارجان، مەرۋايىت، مونچاق، كۈمۈشتىن ياسالغان دىۋەرەك تاقايدۇ، ئۈزۈك ۋە بىلەزۈك سالىدۇ. ياشانغان ئاياللار ھەر خىل رەختت پارچىلىرىدىن قۇراشتۇ- رۇلغان «بەلدەمچى» (پەرتۇق) تاقىۋالىدۇ، ئۇندىن باشقا ياستۇق قېپى، قاچا ـ قۇچا قېپى، ئورۇن ـ كۆرپە ياپقۇچ، زەردىۋال قاتارلىقلارنى تىكىپ، ئۆيلىرىنى چىرايلىق زىنىنەتلەيدۇ، ھەتتا ئات جابدۇقلىرىنىمۇ چىرايلىق، كۆركەم گۈل نۇسخىلىرى بىلەن كەشتىلەيدۇ.

دېمەك، تەلپەك، كۆلتا، شەيدايى، پەكول، ۋەسكەت، جۇراپ، چورۇق قاتارلىقلار تاجىكلارنىڭ قەدىمدىن بۇيانقى ئەنئەنىۋى مىللىي كىيىم ـ كېچەكلىرى بولۇپ، ھازىرقى دەۋردە گەرچە ئۇلارنىڭ كىيىنىش ئادىتىگە زامانىۋىلىق سىڭىپ كىرگەن بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مىللىي كىيىم ـ كېچەك سەنئىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

# ئەنئەنىۋى ئاياغ كىيىمى – جۇراپ

## ۋاھاپجان قۇربان تەۋەررۈك

ئىلىمىز تاجىكلىرى تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا، ئۆزلىرىنىڭ ماددىي تۇرمۇش شارائىتىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان خاس مىللىي مەدەنىيىتىنى ياراتتى. تاجىكلارنىڭ ھۈنەر ـ سەنئىتى ئەنە شۇ مەدەنىيەتنىڭ بىر قىسمى.

تاجىكلارنىڭ ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى ناھايىتى نەپىس بولۇپ، تاجىكلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى نامايان قىلىدۇ. ئىلىمىز تاجىكلىرى قەدىمدىن تارتىپلا يۇڭ چەكمەن، پالاس توقۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. بۇ ھەقتە ئىلىمىزنىڭ قەدىمكى كىتابلىرىدىمۇ خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان.

تاجىك ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى سەھنىسىدە جۇلالىنىپ تۇرغان، تاجىك ئاياللىرىنىڭ چېۋەر قوللىرى ئارقىلىق كەشتىلىنىپ توقۇلغان رەڭدار بىر ئاياغ كىيىمى بار. ئۇ بولسىمۇ ـ جۇراپتۇر.

جۇراپ – تاجىكچە سۆز بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسى«پايپاق» دېگەنلىكتۇر. جۇراپنىڭ تاجىكلار كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىدىكى ئورنى بىرقەدەر يۇقىرى بولۇپ، تاجىكلارنىڭ باش كىيىملىرىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

جۇراپنىڭ توقۇلۇشى بىرقەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇنىڭ يىپلىرى قوي ياكى تۆگە يۇڭىدىن سىلىق، ئىنچىكە قىلىپ ئىگىرىلىدۇ، ئاندىن ھەرخىل رەڭلەردە بويىلىدۇ. رەڭ بېرىلىش

شەكلى كىيگۈچىنىڭ باش ئالاھىدىلىكى بويىچە تاللىنىدۇ. ياشانغان كىشىلەر ئۈچۈن يېشىل، قارا، كۆك رەڭ ۋە سارغۇچ رەڭلەر، ياشلار ئۈچۈن قىزىل، ئاق، قارا، قىزغۇچ رەڭلەر، بالىلار ئۈچۈن سۇسراق رەڭلەر ئارىلاش بېرىلىدۇ. يىپلار بويىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۈچ تال چىغ ياكى سىم چىۋىق ئارقىلىق ھەرخىل رەڭلەر گىرەلەشتۈرۈلۈپ سىپتا قىلىپ توقۇلىدۇ.

جۈراپ تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنى تولۇق نامايان قىلىدۇ. پايپاقنى ھەرخىل يىپلاردىن توقۇپ كىيىش باشقا مىللەت كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىدە بار بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال ئەمەس. ئەمما، تاجىكلار جەمئىيىتىدە چوڭلاردىن تارتىپ كىچىكلەرگىچە، ئەر - ئاياللار ھەممىسى سىپتا توقۇلغان گۈللۈك جۈراپ كىيىشكە ئادەتلەنگەن. ئىلگىرى جۈراپنىڭ ئۈستى تەرىپىنى چىقىرىپ چورۇق كىيىدىغان ئادەت تاجىك جەمئىيىتىدە ئومۇمىيلىققا ئايلانغان. ئەمدىلىكتە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، شەھەر تاجىكلىرى ئارىسىدا بۇخىل ئادەت يوقىلىپ، جۈراپنىڭ ئورنىنى بازاردىكى ھەرخىل رەڭلىك پايپاقلار، چورۇقنىڭ ئورنىنى ھەرخىل خۇرۇم بەتىنكىلەر ئىگىلىدى. لېكىن، يەنىلا يايلاق ھاياتىنى ئۆزلىرىگە چىقىش يولى قىلغان بۇ مىللەتتە ئەنئەنىنى ساقلاش ئىزچىل ھالدا ساقلىنىپ كەلمەكتە. جۈراپنىڭ يەنە تاجىك تېبابەتچىلىكىدە بىرقانچە تۈرلۈك رولى بار. جۈراپ ئادەتتە قوي (كۆپىنچە تۆگە) يۇڭلىرىدىن توقۇلغاچقا، ئۇلارنىڭ سوغۇققا قارشىلىق ئىقتىدارى كۈچلۈك، پۇتنى ئىسسىق ساقلايدۇ. ئادەملەردىكى پۇت ئاغرىقى، بوغۇم ياللۇغى، رېماتىزم قاتارلىق كېسەللىكلەرگە قارشى تۇرۇش ئۈنۈمى ئالاھىدە كۈچلۈك. شۇڭلاشقىمۇ ئەل ئارىسىدىكى «پۇتۇڭ ئوت بولسا، كېسىلىڭ يوق

بولىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش ھېكمەتلەرنىڭ تارقىلىشى ھەرگىز مۇبالىغە ئەمەس.

## تاجىكلارنىڭ نەۋرۇز بايرىمى توغرىسىدا

### شجائەتخان ۋەزىرى، رىسالەت ئەيسا

نەۋرۇز ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى بىر خىل تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ بايرىمى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىككى خىل تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭمۇ ئورتاق بايرىمىدۇر. تەكشۈرۈشكە ئەرزىيدىغىنى تاجىكلار نەۋرۇز بايرىمىغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، داغدۇغىلىق ئۆتكۈزىدۇ. جۇڭگو تاجىكلىرى بۇ بايرامنى «شاۋگۇن باھار» دەپ ئاتىشىدۇ.

مىلادىيەدىن بىرقانچە ئون ئەسىر ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشايدىغان شەرقىي ئىران قەبىلىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى كۆچمەن ۋە يېرىم كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. يايلاقلارنىڭ پەسىل خاراكتېرىگە ئاساسەن، ئۇلار بىر يىلنى كۆكلەم پەسلى ۋە زىمىستان پەسلى دەپ ئىككىگە ئايرىغان. ئۇلار كۆكلەم پەسلىنى يېڭى ھاياتنىڭ، ياخشى كۈننىڭ، بەخت ـ سائادەتنىڭ باشلىنىشى دەپ قاراپ، ئۇنى «نەۋرۇز» يەنى يېڭى كۈن دەپ ئاتىغان. ئۇلار ھەرقېتىم ئەتىياز پەسلىدە كۆكلەم تەرەپلەرگە كۆچۈشتىن بۇرۇن، توپلىشىپ ئويناپ ـ كۈلۈشۈپ، بايرام قىلىپ نەۋرۇز تەنتەنىسى ئۆتكۈزگەن، ئاندىن يايلاقمۇيايلاق كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋا مال باققان. قىشلاقلىرى مۇقىم بولغاچقا، ھەرقايسى قەبىلىلەر كۆكلەم پەسلىدىن كېيىن قىشلاقلارغا كۆچۈپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن

قەدىمكى ئىران قەبىلىلىرى ئارىسىدا كۆكلەم مەۋسۇمى ئۆتكۈزىدىغان نەۋرۇز بايرىمى شەكىللەنگەن.

ئېلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىدا نەۋرۇز (شاۋگۇن باھار) ـ بەخت بايرىمى دېگەن مەنىدە بولۇپ، قىش ئۆتۈپ باھار كەلگەن، ھاياتلىقنىڭ يېڭى پائالىيىتى باشلىنىدىغان، گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مۇقەددىمىسى ھېسابلىنىپ، مىلادىيە ھىسابى بويىچە 3- ئاينىڭ 21- كۈنى كۈن - تۈن تەڭلەشكەن كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ بايرام يەنە «چېد - چېدىر» (ئۆي سۈپۈرۈش، ئۆي تازىلىقى ) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. نەۋرۇز بايرىمىنىڭ ماھىيىتىدىن قارىغاندا، ئۇ تەبىئەت بايرىمىدۇر. نەۋرۇز بايرىمى ھارپا كۈنى ھەممە ئائىلە ئۆي ئىچى ۋە سىرتىنى پاكىز تازىلاپ، قىشچە يىغىلغان ئەخلەت - چاۋارلارنى، ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەرنى بىرتەرەپ قىلىدۇ، ئاندىن ئۆينىڭ تاملىرىغا ھەر خىل شەكىلدە گۈل چىقىرىپ ئۇن سېپىپ، ئۆزلىرىگە بەخت - ئامەت ۋە غەلىبە - نۇسرەت تىلەيدۇ. ھېيتلىققا ھەر خىل تائاملار تەييار- لىنىدۇ، ھەربىر ئائىلە سېرىقماي ياكى قايماقتىن چوقۇم بىردىن چوڭ كۆمەچ نان، توقاچ نان ۋە شورپا ھازىرلايدۇ. بايرام كۈنى كىشىلەر بىردەك ئېتىراپ قىلغان «شاۋگۇنى» (ھېيت باشلىغۇچى) نىڭ باشلامچىلىقىدا ئۆيمۇئۆي كىرىپ، «مۇبارەك شاۋگۇن باھار» دەپ يېڭى باھارنى تەبرىكلەيدۇ. ئۆي ئىگىسى «بەرۇيى شۇما» ( دېگىنىڭىزدەك بولغاي) دەپ جاۋاب بېرىپ، بايرام ئەھلىنىڭ ئوڭ مۈرىسىگە ئۇن سېپىپ، ئۇلارغا بەخت - ئامەت تىلەيدۇ ھەمدە قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. بۇ بايرامدا باي - نامرات، ياخشى - يامان، دوست - دۈشمەن، يات - تۇغقان، يىراق - يېقىن، چوڭ - كىچىك دەپ ئايرىماستىن، بىر - بىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۆزئارا پەتىلەيدۇ. باللار، كېلىنلەر شۇ كۈنى ئاتا - ئانىسى ياكى يېقىن

ئوغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە ھېيتلىق توقاچ ئاپىرىپ مۇبارەكلەيدۇ. ئاتا - ئانىسى ئۇلارغا نەۋرۇزلۇق ئۇچۇن ئەتىۋارلىق نەرسە - كېرەكلەرنى سوۋغات قىلىدۇ. بايرام ئۇچ كۇن داۋاملىشىدۇ، نەۋرۇزنىڭ ئالدى - كەينىدە مۇشائىرە، قوشاق ئېيتىش، «مەشرەپ، ئوغلاق تارتىش قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

## تاجىكلارنىڭ توي - تۆكۈن ئادەتلىرىدىكى سىمۋوللۇق بەلگىلەر توغرىسىدا

### ئابدۇرەھىم نەۋرۇز، ۋاھابجان قۇربان تەۋەررۇك

تاجىكلارنىڭ توي - تۆكۈن ئادەتلىرى ئۆزىنىڭ رەڭدارلىقى، تەرتىپ - قائىدىلىكلىكى ۋە ئۆزگىچىلىكى بىلەن بىرقەدەر مۇرەككەپ مەزمۇن قاتلىمىغا ئىگە بولۇپ، تاجىكلار يىرىك مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ ئىجتىمائىي پائالىيەت. ئۇلارنىڭ توي - تۆكۈنىدە سىمۋوللۇق بەلگىلەر نىسبەتەن كۆپ ئۇچرايدۇ ھەمدە مەزمۇن، شەكىل، خاراكتېر جەھەتتىن ئىجتىمائىي روھقا تويۇنغان بولۇپ، تاجىكلار روھىي دۇنياسىدىكى مۇرەككەپ، نازۇك مەنىلەرنى دىنىي ئېتىقاد، ئەپسانە، قىممەت قاراشلىرى ئارقىلىق يورۇتۇپ تۇرىدۇ. دېمەككى، سىمۋوللۇق بەلگىلەر تاجىكلار يوشۇرۇن ئاڭ پائالىيىتىنىڭ يارقىن ئىپادىسى.

▲ ياغلىق چىگىش – ئاتا- ئانىلارنىڭ رازىلىقى ۋە قىز - يىگىتنىڭ بىر - بىرىنى ياقتۇرۇشىغا ئاساسەن ئالدى بىلەن قۇدا چۇشۇش( تاجىك تىلىدا ياغلىق چىگىش دەپ ئاتىلىدۇ) مۇراسىمى ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئوغۇل تەرەپنىڭ ئارزۇسى قوبۇل قىلىنغان بولسا، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئايال توغقانلىرىدىن بىرى قىزنىڭ مەخسۇس خانىسىگە كىرىپ، قىزنىڭ قولىقىغا سىرغا، قولىغا ئۈزۈك، بېشىغا

قىزىل ياغلىق سالىدۇ. بۇ ئىككى تەرەپنىڭ نىكاھ ئىشىدا رەسمىي پۈتۈشكەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولۇپ «قىزنىڭ ئىگىسى بار»، «بېشى ياغلاقلىق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

▲ داپ چېكىش — توي مۇراسىمى باشلىنىشتىن بىر-ئىككى كۈن بۇرۇن، ئىككى تەرەپ يۇرت ئىچىدە بىر يىل مابەينىدە قازا قىلغان كىشىلەرنىڭ بىۋاستە تۇغقانلىرىنى ئۆيلىرىگە چاقىرىپ، قوي سويۇپ مېھمان قىلىدۇ، ئۇلارغا تەسەللى بېرىدۇ. ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ ئالدىغا داپ قويۇپ، توي قىلىشقا ئىجازەت سورايدۇ. ھازىدارلار داپقا چېكىپ قويۇپ ئىجازەت بەرگەنلىكىنى بىلدۈرۈشىدۇ.

▲ پۈتۈك سېلىش — ئوغۇل تەرەپ نىكاھقا بېرىپ بولغۇسى قېينانا-قېيناتىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ساقلاپ تۇرغاندا ھەمدە قىزنى كۆچۈرۈپ ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە، سېرىقماي قۇيۇلغان سۈت بىلەن ئۇلاردىن ھاردۇق سورىلىدۇ، بىرلا ۋاقىتتا ئوڭ مۈرىسىگە ئاق ئۇن سېپىپ مۇبارەكلەيدۇ. تاجىكلارنىڭ قارىشىدا ئاق ئۇن ئەڭ پاك، ئەڭ ساپ ھېسابلىنىدۇ. ئوڭ مۈرىسىگە پۈتۈك سېلىشنىڭ مەنىسى «مەڭگۈ پاك بولغايسەن» دېگەن تىلەكنى بىلدۈرىدۇ.

▲ بەل باغلىق باغلاش — پۈتۈك چېچىلىپ بولغاندىن كېيىن، قېينانا قىز كەشتىلەپ تىككەن بەل باغلىقنى ئوغۇلنىڭ بېلىگە چىڭ باغلاپ قويىدۇ. بۇ «مەڭگۈ سۇنمىسۇن» دېگەنلىك بولىدۇ.

▲ پەدەرخان — تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە قىز تەرەپنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن نىكاھ گۇۋاھچىسى كۆرسىتىلىدۇ. بۇ تاجىك تىلىدا پەدەرخان دېيىلىدۇ. پەدەرخان — ۋەكىل ئاتا بولۇپ، قىز-يىگىتنىڭ ئاتا-ئانىسىدەك مەڭگۈلۈك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ.

▲ تۇزغا چىلانغان گۆش بىلەن نان ـ نىكاھ مۇراسىمىنى دىنىي زاتلاردىن خەلىپە باشقۇرىدۇ. دەبدەبىلىك ۋە سۇرلۇك نىكاھتىن كېيىن پەدەرخان خەلىپىنىڭ قولىدىكى تۇزغا چىلانغان گۆش بىلەن ناننى ئېلىپ، قولىنى گىرەلەشتۇرۇپ، نىكاھ سورۇنىدا بىللە تۇرغان قىز ـ يىگىتنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويىدۇ، تاجىكلارنىڭ نەزىرىدە تۇزمۇ ئەڭ پاك ھەم ساپ بولۇپ گۇۋاھلىقنىڭ سىمۋولى. تۇزغا چىلانغان گۆش بىلەن ناننى كىم بۇرۇن يېۋالسا شۇ تەرەپ كېيىنچە ئائىلىدە خوجايىن بولىدۇ دەيدىغان قاراش بار.

▲ ئوڭ مۇرىسىدىن بېسىپ، ئوڭ پۇتىنى دەسسەش ـ نىكاھ قىلىنىپ تۇزغا چىلانغان گۆش ۋە ناننى يېگەندىن كېيىن، پەگاھتا تۇرغان يىگىت تۆردىكى قىزنىڭ يېنىغا چىقىپ، ئۇنىڭ ئوڭ مۇرىسىدىن يېنىك بېسىپ، ئوڭ پۇتى بىلەن قىزنىڭ ئوڭ پۇتىنى ئاستا دەسسەپ قويىدۇ. بۇ «باسقان قەدىمىمىز مەڭگۈ بىر بولغاي»، «بېشىمىز باش، ئايىغىمىز تاش بولغاي» دېگەن تىلەكنى بىلدۈرىدۇ.

▲ ئۈزۈك ئالماشتۇرۇش ـ يىگىت قىزنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، يىگىت ئوڭ قولىدىكى ئۈزۈكنى قىزنىڭ سول قولىغا، قىز سول قولىدىكى ئۈزۈكنى ئوغۇلنىڭ ئوڭ قولىغا سېلىپ، ئۆزئارا ئۈزۈك ئالماشتۇرىدۇ. بۇ «بىر ئائىلە بولدۇق، بىگچە تۇرمۇشىمىزدا ھەرگىز سىنىڭ ـ مېنىڭ دېيىشمەي، نېمە كۆرسەك، نېمە تاپساق تەڭ بولسۇن» دېگەن مەنىدە.

▲ چاچقۇ چېچىش ـ نىكاھ ئاخىرلاشقاندا، شۇنداقلا قىز كۆچۈرۈلۈپ يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىلغاندا قىز (يىگىت) تەرەپنىڭ ئاساسلىق ئايال تۇغقانلىرى قىز بىلەن يىگىت ئۈستىدىن قەنت ـ گېزەك ۋە قۇرۇق يېمىشلەرنى چاچىدۇ. چاچقۇ چېچىش ـ ئۇلارنىڭ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى، بالا ـ

چاقىلىق بولۇپ، ئۆمۈرۋايەت بىللە ئىناق ئۆتۈشنى بىلدۈرىدىغان تىلەكتۇر.

▲ پايانداز سېلىش — قىز كۆچۈرۈلۈپ ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ ماڭغاندا يول بويى ئات چېپىش، ئوغلاق تارتىش، نەغمە - ناۋا پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ توي تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىدۇ. ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە ئىشىك ئالدىدا تەنتەنىلىك قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇلارغا قىزىل پايانداز سېلىنىدۇ. تاجىكلاردا قىزىل رەڭ ھاياتلىقنىڭ بەلگىسى بولۇپ، يېڭى ئائىلىگە يېڭىچە ھاياتي كۈچ، خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ دەيدىغان قاراشلار مەۋجۇت.

▲ قىز - يىگىت قولداشلىرى — تويى بولۇۋاتقان قىز - يىگىتنىڭ ھەربىرىنىڭ بىردىن - ئىككىدىن قولدىشى بولىدۇ. قولداشلار بىرلا قېتىم توي قىلغان، مەلۇم تۇرمۇش تەجرىبىسى بولغان ئەخلاق - پەزىلەتلىك ياشلاردىن تاللىنىدۇ. توي جەريانىدا ئۇلارنىڭ ھۆرمىتى چوڭ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتى ئېغىر بولىدۇ. قولداشلار تويغا كەلگەن مېھمانلارنىڭ قىز - يىگىت بىلەن خالىغانچە كۆرۈشۈشىگە، ئارىلاپ مېڭىشىغا، يالغۇز ئېلىپ چىقىپ كېتىشىگە، پاسكىنا - مەينەت دەپ قارالغان جايلاردا تۇرغۇزۇشىغا قەتئىي يول قويمايدۇ. تاكى توي مۇراسىمى رەسمىي ئاخىرلاشقانغا قەدەر، قىز بىلەن يىگىتنى ياتلاردىن قوغدايدۇ، مەينەتچىلىكتىن ساقلايدۇ. بۇ نىكاھنىڭ ئۇلۇغلۇقى، پاكلىقىنى قوغداش، «شەيتان» ئارىلىشىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىقلاردا ئىجابىي مەنىلەرگە ئىگە.

▲ سوغۇق سۇ ئىچمەسلىك — توي بولۇپ ئۈچ كۈنگىچە قىز - يىگىت سوغۇق سۇدىن پەرھىز قىلىدۇ. سوغۇق سۇ ئىچىش، سوغۇق سۇغا پۇت - قولىنى تەگكۈزۈش، سوغۇق سۇدا يۇيۇنۇشتىن ساقلىنىدۇ. چۈنكى، سۇ — سوغۇق تەبىئەتلىك بولغاچقا روھنى

سوۋۇتىدۇ دەپ قارايدۇ. كىمكى سوغۇق سۇ بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا، كېيىن ئىككى تەرەپنىڭ تۇرمۇش رىتىمى بۇزۇلىدۇ دەيدىغان قاراشلارمۇ بار.

▲ ئوچاق بېشىغا چىقىرىش ـ كېلىن ئۆيگە كېلىپ ئۇچىنچى كۈنى قىز تەرەپنىڭ ئايال تۇغقانلىرى «ناۋرى» (ناشتىلىق) ئېلىپ كېلىپ قىزنى يوقلايدۇ. پەدەرخان قىزنىڭ يۈزىدىكى چۈمبەلنى ئېلىپ قىزنىڭ يۈزىنى ئاچىدۇ. قېيىنانا كېلىنىنىڭ يېڭىنى تۇرۇپ ئۇنىڭ ئاستىنقى بىلىكىدىن سېرىقماي ئاققۇزىدۇ، ئاندىن ئۇن، ياغ، سۈت ئېلىپ كېلىپ خېمىر يۇغۇرتقۇزۇپ نان ياقتۇرىدۇ، تاماق تەييارلاتقۇزىدۇ. بۇ «ئوچاق بېشىغا چىقىرىش» دېيىلىدۇ. بۇ، كېلىنىنىڭ يېڭى ئۆيدە يېڭى ھاياتىنىڭ باشلىنىدىغانلىقىنىڭ سىمۋولى ھېسابلىنىدۇ.

▲ سالامغا بېرىش ـ توي بولۇپ يەتتىنچى كۈنى قىز ـ يىگىت بىرلىكتە قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيگە سالامغا بارىدۇ. قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، تۇغقانلار ھەربىر ئائىلە ئۆز ئالدىغا قوي سويۇپ ئۇلارنى مېھمان قىلىدۇ. تاجىكلاردا ئاتا ـ ئانا قىزنى ئەخلاقلىق، نومۇسچان، ئىپپەتلىك تەربىيىلىگەن بىرىنچى ئۇستاز دەيدىغان قاراش بولۇپ، تويدىن كېيىن سالامغا بېرىش ئاتا ـ ئانىلارغا ئۆز تەشەككۈرىنى، يۈكسەك ئېھتىرامىنى بىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

## تاجىكلاردا توي ئالدىدىكى يۈيۈندۈرۈش ۋە تەرلەندۈرۈش

**ئابدۇرەھىم نەۋرۇز**

تاجىكلارنىڭ يىرىك مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ

ئۆزگىچە ھەم رەڭدار توي ئادەتلىرى، ئۇلارنىڭ پىسخىك ساپاسىنىڭ بىر تۈرلۈك ئىنكاسى بولۇپ، پۈتكۈل تاجىك جەمئىيىتىدە ئومۇملىققا ۋە خاسلىققا ئىگە.

تاجىكلارنىڭ توي ـ تۆكۈن ئادەتلىرى قائىدىلىك، مەزمۇنلۇق ۋە نىسبەتەن مۇرەككەپ بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ رازىلىقى ۋە قىز ـ يىگىتلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى ياقتۇرۇشىغا ئاساسەن ئالدى بىلەن «قۇدا چۈشۈش» (ياغلىق چىگىش) رەسمىيىتى ئۆتىلىدۇ. بولغۇسى كۈيئوغۇلدىن باشقا ئوغۇل تەرەپنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ھەمدە باشقا ئاساسلىق تۇغقانلىرى قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە بېرىپ «ياغلىق چىگىش» مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ. مۇراسىمدا ئىككى تەرەپ توي ۋاقتى، تويلۇق (قەلىن)، سۈت ھەققى (مېھىر ھەققى) قاتارلىقلارنى مەسلىھەتلىشىپ بولغاندىن كېيىن، بىر ـ بىرىنى مۇبارەكباد ئېيتىشىپ، ئوغۇل تەرەپ ئېلىپ بارغان قوينى سويۇپ، مەززىلىك ئەتكەن چايلىرى، سۆڭەك نەي، داپ، راۋاب، كۈيلىرى ئىچىدە ئۇسسۇل ئويناپ،ناخشا ياڭرىتىپ مېھمان بولۇشىدۇ، مۇراسىمدىن كېيىن ئىككى تەرەپ رەسمىي توي تەييارلىقىغا جىددىي كىرىشىپ كېتىدۇ.

توي رەسمىي باشلىنىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى ئىككى تەرەپ تويى بولىدىغان قىز ۋە ئوغۇلنى ئۆز ئۆيلىرىدە يۇيۇندۇرۇش، تەرلەندۇرۇش تەييارلىقلىرىنى ئىشلەيدۇ.

توي كۈنى قاق سەھەردە بولغۇسى ئىككى قۇدا ئالدى بىلەن قىز ۋە ئوغۇلنى يۇيۇندۇرىدۇ: دورىلىق ياۋا گۈل بەرگى، ئەنبەر، مەرۋۇي، ئارتۇچ ياغىچى، ئادراسمان قاتارلىق خۇش پۇراق ئۆسۈملۈكلەرگە ناۋات قوشۇپ قاينىتىلىپ، يۇيۇنۇش سۈيى تەييارلىنىدۇ. قىز (يىگىت) ھامىمىسى (تاغىسى)نىڭ ھەمراھلىقىدا قولىغا پىچاق تۇتقۇزۇلغان ھالدا ئۆگزىگە ئېلىپ چىقىلىدۇ ھەمدە

ئىشلىتىلىدىگەن سۇپۇرگە ئۇستىدە ئولتۇرغۇزۇپ ياكى ئۆرە تۇرغۇزۇلۇپ، باش قىسمىدىن ئالدىن تەييارلانغان يۇيۇنۇش سۈيى ئاستا - ئاستا قۇيۇلىدۇ. خۇش پۇراق ھىدلىق ناۋات سۈيى — تاتلىق، شېرىنلىكنىڭ، پىچاق — قەيسەرلىك، باتۇرلۇقنىڭ، يېڭى سۇپۇرگە — پاكلىق، پاكىزلىقنىڭ سىمۋولى ھېسابلىنىدۇ. پاكىز لۆڭگە بىلەن قىزنىڭ (يىگىت) نىڭ بەدەنلىرى سۈرتۈلىدۇ، بەدەندىكى مويلار تازىلىنىپ، تىرناقلار ياسىلىدۇ. راسا قاينىتىلغان سۈت ھىدى ياكى خۇش ھىدلىق دورىلىق ياۋا ئۆسۈملۈكلەر قاينىتىلغان سۇ ھورىدا قىز ( يىگىتنىڭ) نىڭ يۈزى ھوردىلىنىدۇ. بۇ «قىز - يىگىتنىڭ مېھرى ئىسسىق بولسۇن» دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

تاجىكلار توي ئالدىدىكى يۇيۇنۇشنى پېشكەللىكلەرنى يوقىتىدۇ، يېڭى ئائىلىگە بەخت - سائادەت ۋە شاد - خۇراملىق بەخش ئېتىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تاجىك تېبابىتىدىكى تەجرىبىدىن ئۆتكەن «يۇيۇنۇش سۈيى» تەييارلاش رېتسېپى ئارقىلىق جاھىل خاراكتېرلىك بەل - پۇت ئاغرىقىنى داۋالاش، يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مىكروب ئۆلتۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

تاجىكلاردا «ئىسسىق نان، سېرىقماي، سېمىز گۆش — بىرى ئەقىل، بىرى ھوش» دەيدىغان گەپ بار. تەرلەندۈرۈش دېگەندە ئالدى بىلەن پاكىز يۇيۇندۇرۇلغان قىز (يىگىت) ئۇچۇن ئۆز ئۆيلىرىدە يېڭى، يۇمشاق يوتقان - كۆرپىلەر تەييارلىنىدۇ. ھەمراھ بولۇۋاتقان ئاتا (ئانا)، تۇغقانلار تەڭتۇش، قۇرداش، ئورتاقلار ئۆزلىرى تەييارلىغان سېرىقماي بۇلىمىقى، قورۇما، شورپا، قاتلىما، كاۋاپ، شىرگۈرۈنچ (سۈتتە پىشۇرۇلغان گۈرۈچ) ، خەكس (ئۇن ۋە مايدىنلا تەركىب تاپقان ئاش) قاتارلىق ئوزۇقلۇق قىممىتى مول،

ئېنېرگىيىسى يۇقىرى تائاملارنى يېگۈزىدۇ. بولغۇسى ئىككى قۇدا
ئارىلىقىنىڭ يىراق ـ يېقىنلىقىدىن قەتئىينەزەر، تەرلىنىۋاتقان
كېلىن (كۈيئوغۇل) غا ئېسىل تائاملارنى يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزئارا
مېھرىبانلىق، كۆيۈنۈش ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. تائاملار يېگۈزۈلۈپ
بولغاندىن كېيىن، يەنە باشقا يوتقان، يۈڭ ئەدىيال، جۇۋا
قاتارلىقلار بىلەن ئۇلارنى «چۈملەپ» قويىدۇ. بىرنەچچە ئون
مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن قىز (يىگىت) راسا تەرلەيدۇ. مانا بۇ
«تەرلەندۈرۈش» دەپ ئاتىلىدۇ.

تاجىكلارنىڭ نەزىرىدە تەرلەندۈرۈش قىز ـ يىگىتلەردىكى
جىسمانىي ۋە روھىي ھالەتنى تەڭشەپ، ئېزىلەڭگۈلۈك،
چېچىلاڭغۇلۇق، سەزگۈرلۈكنى يوقىتىش، تىت ـ تىت بولۇش،
زېھنىنى يىغالماسلىق، بىكەسكىن، لەقۋالىق قاتارلىق زەئىپ
روھنى بەدەن سىرتىغا چىقىرىپ تاشلايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن
ئېيتقاندا بۇ خىل ئادەت شامان دىنىنىڭ تاجىكلار جەمئىيىدىكى
قالدۇق تەسىرى بولۇپ، ئىسسىقلىق ئارقىلىق روھنى ئىللىتىشقا
قارىتىلىدۇ، يەنى قىز ـ يىگىتنىڭ روھىنى ئىللىتىپ، بىر ـ
بىرىگە مايىل قىلىشنى كۆزدە تۇتىدۇ.

قىز(يىگىت) تەرلەندۈرۈلۈۋاتقان مەزگىلدە، ئۇلارنىڭ سىرتقا
چىقىشى قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ. يەنى ئۇلار ئۆيدىن سىرتلارغا
چىقمايدۇ، سوغۇق سۇدىن پەرھىز قىلىدۇ، سوغۇق سۇ ئىچىش،
سوغۇق سۇغا پۇت ـ قولىنى تەگكۈزۈش، يۇيۇنۇش، يەللىك
نەرسىلەرنى يېيىشتىن ساقلىنىدۇ. چۈنكى، «سۇ ـ سوغۇق
تەبىئەتلىك بولغاچقا روھنى سوۋۇتىدۇ» دەپ قارايدۇ.

تەرلەندۈرۈلگەندىن كېيىن قىز ـ يىگىت ئاجايىپ
نازاكەتلىك، جەلپكار، ئوچۇق ـ يورۇق، بەرنا، جەسۇر، ساغلام،
بەردەم، كۆتۈرەڭگۈ ـ روھلۇق ھەم جۇشقۇن كۆرۈنىدۇ.

تەرلەندۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن قىز - يىگىت قايتىدىن پاكىز يۇيۇندۇرۇلۇپ، باش - كۆزى يۇيۇپ، تارىلىپ، كۆز - قاشلىرىغا سۈرمە تارتىلىدۇ، ئاق ئۇن بىلەن كۆزى ئەتراپىغا چەكمەن چېكىلىپ، مۇھەببەت ئايەتلىرى ئوقۇلغان چىرايلىق توي كىيىملىرىنى كېيىشىپ، پاكىز هالدا تەرەت بىلەن نىكاھ مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ.

دىمەك، تاجىكلارنىڭ رەڭدار هەم خاسلىققا ئىگە توي ئالدىدىكى يۇيۇندۇرۇش ۋە تەرلەندۈرۈش ئادىتى ئىلمىيلىققا ۋە ئىجابىيلىققا ئىگە بولۇپ، ئۆزگىچە تۇرمۇش شەكلى، مەدەنىيەت تىپىنى روياپقا چىقارغان.

# IV باب مىللىي كىملىك ۋە مىللىي مەدەنىيەت

## ئات ۋە تاجىكلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى

**جاپپار ياۋاسار بازار بايېۋ**

### 1. ئات ۋە ئىنسانىيەت

ئات — ئىنسانلار جەمئىيىتى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تۆھپىكارى، سۈرئەت ۋە كۈچ قۇۋۋەتىنىڭ سىمۋولى. ئالىملار ئاتنىڭ قولغا ئۆگىتىلگەن ۋاقتىنى تارىخىي مەنبەلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 6000 — 3500 - يىللار ئارىلىقىدا دەپ قاراشماقتا. قولغا ئۆگىتىلگەن قەدىمىي ھايۋانلار ئىچىدە ئات ئۆزىنىڭ ئەقىللىقلىقى ۋە كۈچلۈكلۈكى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە زور ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلگەن، بولۇپمۇ ئاتقا مىنىشنىڭ بارلىققا كېلىشى كۆچمەنلەر ھاياتىدا زور بىر بۇرۇلۇش ياسىغان. قەدىمكى زاماندىكى قەبىلىلەر ئوت - چۆپ ۋە سۇ قوغلىشىپ كۆچۈش، ئاتلىق جەڭ قىلىش جەريانىدا تارىخ سەھنىسىدە باش كۆتۈرگەچكە ئۆز ئىگىلىكىدە ئاتچىلىقنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئات يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن. قەدىمكى زاماندا ئات — ھەربىي ئىشلار، قاتناش، سودا، پوچتا - ئالاقە، ساياھەتچىلىك ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش (ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق،

كۆكۆل ئېچىش) قاتارلىق پائالىيەتلەردە كەم بولسا بولمايدىغان ۋاستە بولۇپ كەلگەن. ئات ئارقىلىق ئىنسانلار قەدىمكى مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت تارىخىغا قەدەم قويۇپ، پارلاق مەدەنىيەت بەرپا قىلغان. مەسىلەن، قەدىمكى ئاتلىقلار مەدەنىيىتى (برونزا مەدەنىيىتى)، ئوتتۇرا ئاسىيا ئېللىنىزم مەدەنىيىتى (ماكېدونىسكى ئاتلىقلىرى) ۋە يېقىنقى زامان مەدەنىيىتى قاتارلىقلار.

ئات — يىراق قەدىمدىن تارتىپ ئىنسانلار جەمئىيىتى ۋە مەدەنىيىتى تەرەققىياتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن ھەم سىڭگەن. بۇ ئەھۋال دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرگە ئوخشاش، تاجىكلارنىڭمۇ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

## 2. ئات ۋە قەدىمكى شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى

ئات — قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر تەرىپىدىن ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىپ كېلىنگەن. ئۇلار ئات ۋاستىسى بىلەن ھەرقايسى مەدەنىيەت چەمبىرىكىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ، تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇلار قالدۇرغان شانلىق ئىزلاردىن قىيا تاش سۈرەتلىرى، ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار ۋە تارىخىي خاتىرىلەردىن باشقا يەنە قەدىمكى فولكلور ئەنئەنىلىرىمۇ ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ھازىرقى كۆپلىگەن مىللەتلەرنىڭ تەركىبىنى تەشكىل قىلغان قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى ئارىيان قەبىلىلىرىدىن بىرى — شەرقىي ئىران قەبىلىلىرىدۇر. ئىلىم ئەھلىلىرى ئادەتتە ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئەسلىي بولغان قەدىمكى ئارىيان قەبىلىسىنى

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى XX ئەسىرلەردە كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى XX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئۇلاردا چوڭ كۆچۈش باشلىنىپ، بىر قىسمى ئىران ئېگىزلىكىگە، ھىندىستانغا، يەنە بىر قىسمى ياۋروپاغا، تارىم ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا كۆچكەن دەپ قارايدۇ. ئاتىنىڭ قەدىمكى كۆچمەن قەبىلىلەر تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرغانلىقىغا قارىغاندا، ئارىيانلارنىڭ بۇ چوڭ كۆلەملىك كۆچۈشىدە ئات كەم بولسا بولمايدىغان ۋاستە دېيىشكە بولىدۇ.

تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇمكى، ئەڭ قەدىمكى شەرقىي ئىران قەبىلىسى بىپايان ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ساكلارغا بېرىپ تاقىلىدۇ. قەدىمكى يۇنان ۋە رىم يازغۇچىلىرى كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي ۋە ئورال ئەتراپلىرىدا ياشىغان ماسساگىتلار قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئىسكىف — ساكلار ئاھالىسىنىڭ بىر قىسمى دېگەن. سىنوفىن (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 430 — 355- يىللار) : ماسساگىتلارنى بىۋاستە ساكلار دەپ ئاتىغان. قەدىمكى جۇڭگو ۋە پارس (ئىران) يازما خاتىرىلىرىدىمۇ ساكلار توغرۇلۇق نۇرغۇن مەلۇماتلار بار. ماسساگىتلار قەبىلىلىرىدىكى ئاساسلىق خەلق چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى، جۈملىدىن ئات كۆپەيتىشنى بۇرۇنلا بىلگەن. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي تاغلىق رايونلىرىدىكى ساكلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى قەبرىستانلىقى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 7-، 5- ئەسىرلەر) دىكى جەسەت يانلىرىدىن تۆچ پىچاق ۋە تۆمۈر پارچىلىرى، خەنجەر، يا ئوقى،

نەيزە... قاتارلىق جەڭ قوراللىرى ۋە ئات جابدۇقلىرى قاتارلىق كۆپلىگەن بۇيۇملار تېپىلغان.

دۇنيادىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك تارىخى ۋە مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدىكى ئىلمىي تەكشۈرۈشلەرنىڭ ئىشەنچلىك يەكۈنىدىن قارىغاندا، يېگانە ھالدىكى مۇتلەق ساپ مىللەت ۋە ئالىمىنىش خاراكتېرىدىكى سىرتقى تەسىردىن خالىي نوقۇل مەدەنىيەت ھادىسىسى مەۋجۇت ئەمەسلىكىدەك ئىلمىي يەكۈن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كەڭ رايونلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان قەدىمكى شەرقىي ئىران قەبىلىلىرىدىن ساكلار (ئىسكىفلەر، ماسساگېتلار)، سوغدىلار، باكتىرىيىلەر، خارەزملەر قاتارلىق قەبىلە قوۋملارنىڭ كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ تەركىبىگە سىڭىپ كەتكەنلىكىدەك ئەھۋالغا تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. پامىر تاجىكلىرى قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئېگىزلىكىدە ناھايىتى ئۇزاق زامان ياشىغان ئارىيانلارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، جۇڭگو يازما خاتىرىلىرىدە قالدۇرۇلغان غەربىي خەن سۇلالىسى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 202- يىلىدىن مىلادىيە 8- يىلىغىچە) دەۋرىدىكى غەربىي دىياردىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى بولغان پولى (تاشقورغان) بەگلىكى، مىلادىيە II ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن VIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان «قىرپانە بەگلىكى» (تاغ يولى بەگلىكى) ئارىيانلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى تاشقورغان رايونىدا قۇرغان بەگلىكلىرىدىن ئىدى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى شەرقىي ئىران قەبىلىلىرىدىن تارىم ئويمانلىقىدا ئولتۇراقلاشقانلىرى كېيىنكى دەۋرلەردە ئاساسەن ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتتى. پامىر ئېگىزلىكى، جۈملىدىن تاشقورغان رايونىدا ئولتۇراقلاشقانلىرى

ئەسلىدىكى شەرقىي ئىران تەركىبىنى ۋە تىلىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، بۈگۈنكى جۇڭگو تاجىكلىرىنى شەكىللەندۈردى.

دېمەك، ئات قەدىمكى شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى تاجىك ئەجدادلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن.

## 3. ئات ۋە تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى «ئارغىماق ئۇسسۇلى»

تاجىك خەلقى جۇڭگودىكى ئازسانلىق مىللەتلەر ئىچىدە ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر خەلقلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۆز ھاياتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى، بولۇپمۇ ئەركىن ۋە بەختلىك ھاياتقا بولغان تەلپۈنۈش، باتۇرلۇق، قەھرىمانلىقنى مەدھىيىلەش، تەبىئەتنى سۆيۈش ئىستىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۆزىگە خاس ھەرىكەت گۈزەللىكىگە ئىگە خەلق ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا سەنئىتىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە تاجىك خەلق ئۇسسۇلى ئادەتتە تاجىكلارنىڭ تۇتېمى بۈركۈت بىلەن زىچ باغلانغان بولغاچقا، «بۈركۈت ئۇسسۇلى» دەپ ئاتالغان.

تاجىكلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى ئۇسسۇللىرىدىن بۈركۈت ئۇسسۇلى، قىلىچ ئۇسسۇلى ۋە ئات ئۈستى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئاساس قىلغان ئارغىماق ئۇسسۇلى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقان نەۋقىران بۈركۈتنىڭ ھەرىكىتىگە تەقلىد قىلىنغان.

تەتقىقاتچىلارنىڭ ئۇسسۇلنى ئەڭ دەسلەپكى شامان دىنىي مۇراسىملىرىنى ئۆتكۈزۈش، تۇتېمغا ۋە تەڭرىگە سېغىنىش،

ساداقەت بىلدۈرۈش، ئۆز خۇشاللىقىنى ئىپادىلەش شەكلىدىن تەدرىجىي ئۆزگىرىپ بارلىققا كەلگەن دەپ يەكۈن چىقارغانلىقىغا قارىغاندا، بۈركۈت ھەرىكىتىگە تەقلىد قىلىنغان ئەنئەنىۋى ئارغىماق ئۇسسۇلى تاجىكلارنىڭ تۆتېم ئېتىقادى بىلەن زىچ باغلانغان ھالدا ئۇلارنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

تاجىك خەلق سەنئىتىنىڭ تەنتەربىيە تۈرىگە، تەنتەربىيىنىڭ تاجىك خەلق سەنئىتىگە سىڭىشى تاجىكلار ھاياتىدىكى ئومۇملاشقان ئەھۋال. ئوغلاق تارتىشىش پائالىيىتىدىن باشقا يەنە ئەسلىي تەنتەربىيە ھەرىكىتى بولغان ئارغىماق ئۇسسۇلى — توي - تۆكۈنلەردە پەگاھتا ۋە سەھنىلەردە ئوينىلىدىغان، مۇزىكا بىلەن ئۇسسۇل بىرلەشكەن دائىملىق سەنئەت ئويۇنىغا ئايلانغان. مۇشۇ نوقتىدىن ئېيتقاندىمۇ ئاتنىڭ تاجىكلارنىڭ تۆتېم ئېتىقادى بىلەن باغلىنىشى بار دېيىشكە بولىدۇ. «ئارغىماق ئۇسسۇلى» تاجىكلاردىكى ياغاچ ئويمىچىلىق سەنئىتىنىڭ مەلۇم دەرىجىدىكى تەرەققىياتىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئارغىماق مودېلى ياسىلىپ، شوخ، لەرزان ئۇسسۇل ھەرىكىتىگە ماسلاشتۇرۇلۇپ چەۋەندازلارنىڭ ئات ئۈستىدىكى تۈرلۈك چەبدەس ھەرىكەتلىرى نامايان قىلىنىپ، ئويۇننىڭ قىزىقارلىقى ئاشۇرۇلۇپ كىشىلەر جەلپ قىلىنىدۇ. «ئارغىماق ئۇسسۇلى» ئادەتتىكى توي - مەرىكە، ھېيت - بايرام، خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى ۋە سەھنىلەردە سەنئەت نومۇرى قاتارىدا ئوينىلىپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلمەكتە.

تاجىك خەلق ئۇسسۇل سەنئىتى ئىچىدە «ئارغىماق ئۇسسۇلى» بىلەن بىر قاتاردا يەنە «سودىگەر بىلەن ئات»

قاتارلىق كومپدىيىلىك ئۇسسۇللۇق ئويۇنلار ۋە قورچاق ئۇسسۇللۇق ئويۇنلارمۇ بار.

## 4. ئات ۋە تاجىكلاردىكى «ئات توپى» ئويۇنى

«ئات توپى» — قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ئارىسىدىكى قەيسەرلىك ۋە ماھارەتنى ئاشۇرىدىغان بىرخىل ئات ئۈستى تەنھەرىكەت تۈرى بولۇپ، جۇڭگو تاجىكلىرى ئارىسىدىمۇ ئۇزاق يىللىق تارىخقا ئىگە. ئۇلارنىڭ يىراق ئەجدادى بولغان شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى ئارىسىدا ئاتنىڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەنلىكىگە قارىغاندا ئات توپى ئويۇنى تاجىكلار ئارىسىدا خېلى ئىلگىرىكى دەۋرلەردىلا شەكىللەنگەن بولۇشى مۇمكىن. تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە قەدىمكى ئات توپى مەيدانىنىڭ خارابىسىنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەنلىكى بۇ نۇقتىنى دەلىللەيدۇ. تاڭ گاۋزۇڭنىڭ ئوغلى لى شيەننىڭ قەبرە تېمىدا غەربىي رايونلۇقلارنىڭ رەسمى ۋە غەربىيرايوندىن كەلگەنلەرنىڭ ئات توپى (چەۋگەن) ئويناۋاتقانلىقىغا دائىر رەسىملەر بار. بۇنىڭدىن تاڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرىلا غەربىي رايوندا، جۈملىدىن تاشقورغان رايونىدىمۇ ئات توپى ئويناشنىڭ كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشقانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. تارىخىي رىۋايەتلەردىن قارىغاندىمۇ ئات توپى ئويۇنى ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىشتىن كۆپ ئىلگىرىلا مەۋجۇت بولغان.

ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىپ، ھەرقايسى جايلارغا كېڭىيىش داۋامىدا ئەرەب خەلىپىلىكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر ئۆتكۈرلىشىدۇ، بولۇپمۇ ھەزرىتى ئەلى (656-يىلىدىن 661- يىلىغىچە خەلىپە بولغان) سۈيىقەستكە ئۇچراپ

ۋاپات بولغاندىن كېيىن زىددىيەت تېخىمۇ ئۆلغىيىپ، ھەزرىتى ئەلىنىڭ پەرزەنتلىرىدىن ئىمام ھەسەن ۋە ئىمام ھۈسەيىنلەر مۇئاۋىيەنىڭ ئوغلى يەزىد ( 680 — 683- يىللىرىغىچە خەلىپە بولغان) تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ باشلىرى كېسىلىپ، ئات توپى قىلىپ ئوينالغان. جۇڭگو تاجىكلىرى ئىسلام دىنى تەرەققىياتىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلىرىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن قالسىلا، ھەزرىتى ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى قانۇنلۇق خەلىپە دەپ قارايدىغان شىئە ئىسمائىلىيە مەزھىپى (ئەلىپەرەسلەر) گە كىرگەچكە، يۇقىرىقى سىياسىي پاجىئە ۋە كۈچلۈك دىنىي ئېتىقاد تۈپەيلىدىن ئات توپى ئويناشنى قاتتىق مەنئى قىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تاشقورغاندىكى ئات توپى مەيدانى خارابىلىككە ئايلانغان. كېيىنكى زامانلاردا ئات توپى ئويۇنى قىسمەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئات ئۈستىدىكى باشقا پائالىيەتلەرگە ئوخشاش كەڭ ئومۇملىشىپ كېتەلمىگەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ھازىرقى كۈندىمۇ تاجىك خەلقى چوڭ ـ چوڭ خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىدە بۇ ئويۇننى ئەنئەنىۋى ئادەت، تەنھەرىكەت تۈرى ۋە كۆڭۈل ئېچىش يۈزىسىدىن ئويناپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.

## 5. ئات ۋە تاجىكلارنىڭ ئات ئۈستى ئەنئەنىۋى پائالىيەتلىرى

ئات ئۈستى تەنتەربىيە پائالىيىتى — نۇرغۇن مىللەتلەرگە ئورتاق بولۇپ، ئادەملەرنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى، غەيرەت شىجائىتى، قەيسەر — چەۋەندازلىقى، چاققان — ماھىرلىقىنى يېتىلدۈرىدىغان، ئاتلارنىڭ يۈگۈرەكلىكى، چىدامچانلىقى ۋە ۋايىغا يەتكەنلىكىنى سىنايدىغان، بۇ ئارقىلىق ئۆزئارا دوستلۇق،

ھەمكارلىق ۋە ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىر خىل ئاممىۋى پائالىيەت.

تاجىكلار ئۆزگە خاس ئەنئەنىۋى تەبىئەت بايراملىرىدا، خاتىرە كۈنلەردە، تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە كىشىلىك ھايات قاراشلىرىنى ئات ئۈستىدىكى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەپ كەلمەكتە.

تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئاممىۋىلىققا ئىگە، ھەرىكەتچانلىقى كۈچلۈك، قەيسەرلىك ۋە بەدەن ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇش ئالاھىدىلىكىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن كۆزگە چېلىقىدۇ. تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئىچىدە ئات ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدىغانلىرى بىرقەدەر كۆپرەك بولۇپ، ئارغىماق ئۇسسۇلى، ئات تويى، ئوغلاق تارتىشىش، پويگا (ئات بەيگىسى)، توۋج (ئات ئۈستىدە قارىغا ئېتىش) ۋە ئات چاپتۇرۇپ تەڭگە ئېلىش قاتارلىقلار بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئوغلاق تارتىشىش بىلەن ئات بەيگىسى كۈندىلىك تۇرمۇش خۇشاللىقىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، توي ـ مەرىكىلەر، تەبىئەت بايراملىرى ۋە تارىخىي خاتىرە كۈنلەردە كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

تاجىكلار ئارىسىدا ئوغلاق تارتىشىش ئۆزگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ھەرىكەت ۋە سەنئەت تۈسىنى ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا قەيسەرلىك ئۇرغۇپ تۇرغان جىسمانىي ماھارەت بىلەن جۇشقۇن سەنئەت ئۆزئارا بىرلىشىپ كەتكەن. ئوغلاق تارتىشىش باشلانغان ھەرقانداق مەيداندا كىشىلەر ياش قورامى بويىچە سورۇن تۈزۈشۈپ، داپ، نەي چېلىپ، ناخشا ـ ئۇسسۇل ئويناپ، چەۋەندازلارغا كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ. ئوغلاق تارتىشىش ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىش، يۇقىرى پەللىگە چىقىش ۋە

ئاخىرلىشىشىغىچە بولغان ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا «تىمباك ساز»، «ۋەلۋەلەكىلىك»، «جان جىگەر» قاتارلىق ئوغلاق تارتىشىش مۇزىكىلىرىنى ئورۇنداپ، سورۇننى ئەۋجىگە كۆتۈرىدۇ.

تاجىك مۇزىكىچىلىقىدا «بۇركۇت نەي» كەم بولسا بولمايدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ئوغلاق تارتىشىش مەيدانىدىكى مۇزىكا بىلەن بۇ مۇزىكىغا تەقلىد قىلىپ ئوينالغان ئۇسسۇل بىلەن ماسلىشىپ كەيپىياتنى كۆتۈرسە، خەلق شوخ مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل بىلەن چەۋەندازلارغا غەلىبە تىلەشنى ئاتا قىلىدۇ.

ئوغلاق تارتىشىشتىن ئىبارەت تەنتەربىيە پائالىيىتى بىلەن سەنئەتنىڭ بىرلىشىشىدەك بۇ خىل ئالاھىدىلىك باشقا مىللەتلەردە ئاز ئۇچرايدىغان، تاجىك خەلقىنىڭ ئات ئۈستى پائالىيەتلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر تەرىپى. بۇ خىل ئەھۋال ئۇلارنىڭ ھاياتىدا ئىجتىمائىي ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان.

## 6. ئات ۋە تاجىكلارنىڭ ئىسلام دىنى ئېتىقادى

تاجىكلار — جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئىچىدە ئىسلام دىنىغا ئەڭ بۇرۇن ئېتىقاد قىلغان مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، كۆپ قىسمى ئىسلام دىنىدىكى ئىككى چوڭ مەزھەپنىڭ بىرى بولغان شىئە مەزھىپىنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى ئىسمائىلىيە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈيئوغلى ھەزرىتى ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى ھەقىقىي قانۇنلۇق خەلىپە ۋە ئىمام دەپ قارايدۇ.شۇنداق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەزرىتى ئەلىنىڭ شەخسىيىتى، جەڭ پائالىيەتلىرى، دۇلدۇل ناملىق ئېتى، زۇلپىقار ئىسىملىك قىلىچى، قەمەر ئاتلىق غۇلامى ھەققىدىكى ئۇلۇغلاش خاراكتېرىدىكى يازما ۋە ئاغزاكى ھېكايە، رىۋايەتلەر ئەۋلادمۇئەۋلاد ساقلىنىپ، بىر كۇللىيات

بولۇپ شەكىللەنگەن.

تاجىكلار ئاتنى «ئىنسانلارنىڭ قانىتى، جەڭلەردىكى ۋاپادار ھەمراھى، ھەزرىتى ئەلىنىڭ دۇلدۇلى» دەپ قاراپ، بۇ ئەقىدىنى مۇستەھكەم دىنىي ئېتىقاد سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ئاتنىڭ ئوبرازى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھەرقانداق ئېتىقاد ئىزنالىرىدىنمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. تاجىك جەمئىيىتىدە، ئۇلارنىڭ قەدىمكى تەبىئەت ئېتىقادى، تۇتېم ئېتىقادى ۋە ئىسلام دىنى ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان مۇقەددەس جايلار، تارىخىي ئىزلار، مەقبەرە گۈمبەزلەر تاۋاپ قىلىنىپ كېلىنمەكتە.

تاجىك خەلق ھۈنەر ـ سەنئىتى ئىچىدە رەسساملىق مەلۇم دەرىجىدە ساقلانغان بولۇپ، ئۇ مەقبەرە، گۈمبەز تاملىرى ۋە خانە — پېشايۋان قاتارلىقلاردا ئۇچرايدۇ. ئاتنىڭ تاجىكلار نەزىرىدىكى مۇھىم ئورنى ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىقادلىرىدىن بىرى — مەقبەرە گۈمبەز تاملىرىغا كۆپرەك ئات، ئېگەر، مىلتىق، كېيىك، ئوۋ ئىتى قاتارلىقلارنىڭ رەسىمىنى سىزىش ۋە قەبرە ئۈستىنىڭ باش تەرىپىگە ئۈچ ياكى تۆت پۇتلۇق جازا ئۈستىگە ئېگەر شەكلىنى چىقىرىش ئادىتىنىڭ ساقلىنىپ كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت. بۇ رەسىملەر ئادەتتە ئۆلگۈچىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى قىزىقىشلىرى ۋە ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان باشقا مىللەتلەردە كۆرۈلمەيدۇ.

تاجىكلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن يەكۈنلەنگەن بەزى خەلق ماقاللىرىدا «ئاتنىڭ كۈچى ھالال، گۆشى ھارامدۇر»، «ئات ئۆلۈمى — ئىت بەزمىسى» دېگەن گەپ بار. ئەمەلىيەتتىمۇ تاجىكلار ئات گۆشى

بېمەيدۇ، ئات بېشىنى مازارلارغا ياكى ئېگىز تاغ چوققىسى قاتارلىق پاكىز يەرلەردە قويىدۇ. تاجىكلار ئاتنى تىرىك ۋاقتىدىن تارتىپ ئۆلگەنگە قەدەر ئەزىزلەپ ئۇنىڭغا ئالاھىدە نەزەر بىلەن قارايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا دىنىي بايراملاردىمۇ ئوغلاق تارتىش، ئات بەيگىسى ئويۇشتۇرۇشتەك مىللىي ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىنىمۇ ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.

## 7. ئات ۋە تاجىك خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى

تاجىكلاردا ئات ئوبرازى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى (مىف — ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەك، داستان، ناخشا ـ قوشاق ۋە ماقال ـ تەمسىل) ۋە يازما ئەدەبىياتتىمۇ كەڭ ئورۇن ئالغان، بولۇپمۇ تاجىك خەلقىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى ۋە بىۋاسىتە ئىنكاسى بولغان ماقال ـ تەمسىللىرى ئىچىدە، ئات بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىرى بىرقەدەر كۆپ ھەم ئىجابىي مەنىدە كېلىدۇ.

تاجىك خەلق ـ ماقال تەمسىللىرى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ كىچىك قامۇسى. ئات بىلەن مۇناسىۋەتلىك تۆۋەندىكى ماقال ـ تەمسىللەرگە قاراپ باقايلى:

ئەر قانىتى ئات، ئېتىڭ بولمىسا يات.
قۇش قانىتى بىلەن، ئەر ئېتى بىلەن.
كىشىنىڭ نامى ئىلىم بىلەن، ئاتنىڭ داڭقى بوغۇزى بىلەن.
ئىگىسىز مال يوق، يۈگەنسىز ئات.
ئات مەيداندا سىنىلار، ئايال تۆشۈكتە.
ئات چاپساڭ ئالدىڭغا قارا، گەپ قىلساڭ ئەتراپقا.
ئاتنىڭ تەپكىنىگە ئات چىدايدۇ.
ئېشەك كۆۋرۈتىن ئۆتۈۋېلىپ، مەن «تۇلپار» دەپتۇ.

ئاتنى تاقىلىغۇچە ئېشەك پۇتىنى كۆتۈرۈپتۇ.
ئات ئۆلۈم ئالدىدا تاش چىشلەيدۇ.
ئاتنىڭ كۆچى ھالال، گۆشى ھارام.
ئات ئۆلۈمى ــ ئەت بەزمىسى.

## 8. ئات ۋە تاجىكلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى

ئات ــ تەنھەرىكەت پائالىيىتىدىن باشقا يەنە ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىش، دەريا ـ ئېقىنلاردىن بىمالال ئۆتۈش، چارۋا بېقىش، يايلاق پەسىللىرى بويىچە دائىم كۆچۈپ تۇرۇشتەك قاتناش ۋە تۇرمۇش ئىشلىرىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ، تاجىكلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش ۋە قاتناش قورالى بولۇپ قالغان. تاجىك ئائىلىلىرىنىڭ ھەربىرىدە بىر ـ ئىككىدىن ئات بولىدۇ. ئاتلار ئادەتتە ئوغلاق ئېتى، بەيگە ئېتى، مىنىك ئات، ئىشلەپچىقىرىش (چارۋىچىلىق) ئېتى دەپ بىرقانچە تۈرگە ئايرىلىپ ئايرىم ـ ئايرىم بېقىلىدۇ. بۇلار ئىچىدە بەيگە ئېتى (گۈللۈك ئات ياكى تۇلپار) نى بېقىش ۋە يېتىشتۈرۈشنىڭ تېخنىكىلىق تەلىپى يۇقىرى بولۇپ، تاجىكلار ئارىسىدا مەخسۇس بەيگە ئېتى يېتىشتۈرىدىغان «ئات پىرلىرى» بارلىققا كەلگەن ھەمدە ئات بەيگىسى مۇكاپاتى (ئات، تۆگە، كالا، قوي مۇكاپات بېرىلىدۇ) بىلەن باي بولۇپ، شۆھرەت قازانغانلارمۇ بولغان. تارىختا تاشقورغان ئەتراپلىرىدا بەدەخشان ئېتى دەپ ئاتالغان نەسىللىك كۈللۈك ئاتلار (تۇلپارلار) بولغان (قەدىمكى زاماندا تاشقورغان يىپەك يولىنىڭ بىر ئۆتكىلى بولغاچقا ئافغانىستاننىڭ بەدەخشان رايونى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن).

تاجىكلار ئاتقا ناھايىتى ئامراق كېلىدۇ. شۇڭا، ئاتنىڭ ھەر

خىل سەرەمجانلىرنى چىرايلىق بېزەشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇلار قول سەنئىتىگە باي بولۇپ، ئاياللار ئات جابدۇقلىرىدىن توقۇم، شالچە قاتارلىقلارنى رەڭگارەڭ مەشۇت ۋە يۇڭ يىپلار بىلەن چىرايلىق گۇل چىقىرىپ كەشتىلەيدۇ؛ ئەرلەر ئاتنىڭ ئېگەر، قامچا، يۈگەن، نوختا، بەل تاسما قاتارلىق جابدۇقلىرىنى كۆركەم گۇل چىقىرىپ بېزەيدۇ، تاجىكلار ئارىسىدا مەخسۇس ئات جابدۇقلىرى ياسايدىغان ئۇستىلارمۇ ئاز ئەمەس.

تاشقورغان يايلاقلىرى ئات يېتىشتۈرۈش ۋە بېقىشنىڭ ئوبدان ماكانى، خونجىراپ يايلىقىدا دورا ئۆسۈملۈكلىرى ۋە باشقا ئېسىل ئوت - چۆپلەر مول بولۇپ، زىۋۆچ قاتارلىق قۇۋۋەت تەركىبى يۇقىرى ئوت - چۆپلەر ئاتنىڭ يېتىلىشى ۋە سەمرىشى ئۈچۈن پايدىلىق.

دېمەك، تاجىكلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ئاتنى ئۇلۇغلاش، ئاتقا چوقۇنۇش، ئات گۆشى يېمەسلىك، ئات ئۆلسە بېشىنى پاكىز يەرگە قويۇش، قەبرە تاملىرىغا ئات قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ رەسىمىنى سىزىش ۋە ئات ئېگىرى شەكلىنى ياساش (بۇلار ئىسلام دىنىدىكى باشقا مىللەتلەردە كۆرۈلمىگەن ئەھۋال) تەك ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىنى ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكىگە قارىغاندا، بۇ ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنى ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك كۆرۈنسىمۇ، يەنە بىر جەھەتتىن ئاتنىڭ مەلۇم قەبىلە تەرىپىدىن تۇتېم قىلىنغان بولۇشى ئېھتىمالغىمۇ ناھايىتى يېقىن. تاجىكلاردىكى ئات ۋە ئات ئوبرازلىرىنىڭ نەقەدەر يۇقىرى ئورۇندا تۇرۇشى ئاشۇ ۋاقىتتىكى تۇتېم ئېتىقادىنىڭ ساقىندىلىرى بولسا كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ ئىزدىنىشكە، تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

# تاجىكلارنىڭ بۈركۈت تۇتېمى مەدەنىيىتى توغرىسىدا

ئابدۇرەھىم نەۋرۇز

نۇرلۇق يۇلتۇزىمىز ئىدىڭسەن ئاتا،
بىزنىڭ يىلتىزىمىز ئىدىڭسەن ئاتا.
بۈركۈت قۇشىمىز ئىدىڭسەن ئاتا،
ئەقىل ھوشىمىز ئىدىڭسەن ئاتا.
—— تاجىك خەلق مەرسىيە قوشاقلىرىدىن

تاجىك مىللىتى بۈركۈتنى ئۇچار قاناتلارنىڭ سەرخىلى، سادىقلىق، مېھرىبانلىق، باتۇرلۇق، قەيسەرلىك ۋە ھەققانىيەتنىڭ سىمۋولى دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا تىۋىنىپ، ئۇنى ئەڭ سۆيۈملۈك قۇش قاتارىدا كۆرىدۇ.

ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدە تاجىك خەلقى «بۈركۈت مىللىتى»، «بۈركۈت كەبى خەلق» دېگەن نام بىلەن ئېلىمىز، شۇنداقلا دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن ئورۇن ئالغان. ئۇلار ئىزچىل تۈردە كۆچمەن چارۋىچىلىق (قىسمەن ئوۋچىلىق) بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئات ئۈستىدە چەۋەندازلارچە ياشاپ، بىپايان يايلاق، ئېگىز چوققىلاردىكى ئۇزاق، جەڭگىۋار ھاياتىدا ئۆزىگە خاس يايلاق مەدەنىيىتى تارىخىنى ياراتقان. بۇ جەرياندا ئۇلار بۈركۈت بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ، تىركىشىپ ياشىغان. جۇغراپىيىلىك مۇھىتىنىڭ تەسىرىدە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولغان.

تاجىكلارنىڭ بۈركۈتكە بولغان ئالاھىدە ھېسسىياتى ۋە مۇھەببىتى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن. بۈركۈت — شۇڭقار ئائىلىسىدىكى ۋەھشىي قۇش ئىدى، دەل ئۇنىڭ ۋەھشىيلىكى تاجىكلاردا قورقۇش ۋە ۋەھىمە تۇيغۇسى پەيدا قىلغان ئىدى، يايلاق - داللاردا ئوتلاۋاتقان چارۋىلارغا ئېغىر زىيان سالاتتى. ئۆتكۈر تۇمشۇق، پىچاقتەك ئىتتىك تىرناقلىرى بىلەن شۇنچە يىراقتىن كۆزگە ئىلغا بولغان ئادەتتىكى كىچىك ھايۋانلارنىلا ئەمەس، ھەتتا بىر قىسىم گۆشخور ھايۋانلارنىمۇ قامالالاپ، يەر يۈزىدىن يۇلۇپلا كۆككە كۆتۈرۈشى، بۇلۇتلارنى يېرىپ كۆك قەرىدە ئەركىن پەرۋاز قىلىشى، ئۇنىڭ كۆك قەرىدىن يەرگە شۇڭغۇغان چاغدىكى ھەيۋەتلىك، جەسۇر قىياپىتى، چاقناپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزى، قاناتلىرىنى زەرب بىلەن ئۇرۇشى، ھوشيارلىقى، تېزلىكى، ئۇلاردا چەكسىز ھەيرانلىق تۇيغۇسى قوزغىغان ئىدى. بۈركۈتنىكى ئادەملەردىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغان بۇ خىل ئىقتىدار ئۇلارنى ھەيران قالدۇرغان. نەتىجىدە ئەينى چاغدىكى يايلاق خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا بۈركۈتنىمۇ سىرلىق، قورقۇنچلۇق، ۋەھشىي كۈچ يوق، بۈركۈتتە ئىلاھىي سۈپەتلەر بار، كۆپكە قادىر ئىلاھىي كۈچ، سىرلىق كارامىتىنى باشقا ھېچقانداق نەرسىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ دېگەن قاراشلار شەكىللىنىپ، تەدرىجىي ھالدا بۈركۈتكە چوقۇنۇشقا باشلىغان. مانا مۇشۇنداق ئېغىر ۋەھىمە، كۈچلۈك تەھدىت، تىنچسىز مۇھىت ئاخىرقى ھېسابتا بۈركۈتنى ئىلاھلاشتۇرۇشقا ئېلىپ بارغان ھەمدە ئۇنىڭغا ئىلاھىي تون كىيدۈرگەن.

دېمەك، بۈركۈتتىكى بۇ خىل «تەبىئەتتىن تاشقىرى زور ئىلاھىي ئىقتىدار» تاجىكلاردا گۇمان پەيدا قىلىپ، «ئىلاھلىق»

سۇپىتىگە ئورۇن راسلىغان. نەتىجىدە ئۇلار ئۆزلىرى ئۇچۇن روھىي قالقان ئىزدەشكە، مەنىۋى پاناھ تېپىشقا مەجبۇر بولغان ھەمدە بۇركۇت ۋۇجۇدىدىكى ياۋۇزلۇق، بەردەم كۈچ - قۇۋۋەت، ئاجايىپ قەيسەرلىك قاتارلىق خاراكتېرىدىن ھەۋەسلىنىشكە باشلىغان ۋە ئۆزلىرىنىڭمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش چەكسىز كۈچكە ئىگە بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان.

ئات ئۇستىدىكى بۇ قەدىم مىللەتتە غالىبلارچە خاراكتېر، يۈكسەكلىك، قەھرىمانلىق ۋە جاسارەت تۇيغۇسى بار ئىدى. ئارقىدىنلا بۇ خىل خاراكتېر بۇركۇتكە مۇجەسسەملەشتۈرۈلدى ھەمدە تەدرىجىي ھالدا بۇركۇتنى قەدىرلەيدىغان، ئۇلۇغلايدىغان، ئۆزلىرىنى بۇركۇت بىلەن تەقدىرداش دەپ قارايدىغان بىر خىل تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى شەكىللەندى. نەتىجىدە بۇركۇت كۈچ - قۇدرەتنىڭ، باتۇرلۇقنىڭ سىمۋولى دەپ قارىلىپ، ئۇنىڭ يىرتقۇچلۇق ئوبيېكتى گۈزەللىك ئوبيېكتىغا — كۈچ - قۇۋۋەت، جاسارەت ۋە غەلىبە ئاتا قىلىدىغان سىرلىق ئىلاھقا، روھىي تۈۋرۈككە ئايلاندى. شۇ خىل تىۋىنىش، چوقۇنۇش، ئېتىقاد ئارقىلىقلا ئۆز - ئۆزىنى بايقاشقا، ئۆز - ئۆزىنى ئىپادە قىلىشقا ۋە ئۆز - ئۆزىنى راۋاجلاندۇرۇشقا مۇيەسسەر بولالىدى. ئۇلار تۇتېم ئوبيېكتىدا گەۋدىلەنگەن يۈكسەكلىك، سىرلىقلىق ۋە تەبىئەتتىن تاشقىرى ئالاھىدە ئىقتىدار ئارقىلىق ئۆزلىرىدىكى ئادەم ماھىيەتلىك كۈچنى ئىپادىلىدى، ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىي روھىي ماھىيىتىنى تۇتېمغا بېغىشلىدى.

شۇنى كېيىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، تاجىكلار بىلەن بۇركۇت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندە، بۇركۇتنىڭ تاجىك مەدەنىيىتىدە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقارلىق ئورۇننى ئىگىلەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، بۇركۇتنىڭ تاجىكلار

تۆتېمى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق دەلىللىگىلى بولىدۇ. بۇ تاجىكلار مەدەنىيىتى تەدرىجىي تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى...

## 1. بۈركۈت تۆتېمى بىلەن باغلانغان ئەدەبىيات - سەنئەت

تاجىكلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر، شەكلى خىلمۇخىل بولۇپ، ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە بۈگۈنكى دەۋرگىچە يېتىپ كېلىشى — تاجىك خەلقىنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنىڭ مېۋىسى، بولۇپمۇ بۈركۈت ئوبرازى يارىتىلغان ئۆزگىچە خاس ئەدەبىيات - سەنئىتى، ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ ساغلاملىقى، قۇرۇلمىسىنىڭ مەنتىقىلىقى، خەلقچىللىق روھىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، تىلىنىڭ جانلىق، تەسىرلىكلىكى قاتارلىق ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن كۆزگە چېلىقارلىق ئورۇننى ئىگىلەپ، تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

مەلۇمكى، تۆتېم ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان بىر خىل ئىپتىدائىي ئېتىقاد شەكلى، شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئالاھىدە بولغان مەدەنىيەت ھادىسىسى ھەمدە ئەڭ دەسلەپكى ئەدەبىياتنىڭ — تۆتېم ئەپسانىلىرىنىڭ باشلىنىشى. بۈركۈت ئەپسانىلىرىمۇ ئەڭ قەدىمكى ئەپسانىلەرنىڭ بىر تۈركۈمى ھېسابلىنىدۇ. بۈركۈت ھەققىدىكى كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ئاجايىپ - غارايىپ ئەپسانە - رىۋايەتلەر ئىچىدىن بىرقەدەر تىپىك بولغانلىرىنى مىسالغا ئالىمىز:

1) ۋافا ئىسىملىك بىر ئوۋچى بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى سابىر ئىسىملىك بىر بايغا قۇل بولۇپ ئىشلىگەن ئىكەن، رەھىمسىز باينىڭ ئېغىر جەبىر - زۇلمى بىلەن ۋافانىڭ

ئاتا - بوۋىلىرى پاجىئەلىك ھالدا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئەجەل قىسمىتى ۋافانىڭ بېشىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ بىردىنبىر ئاتا مىراسى، بىردىنبىر ئوۋچىلىق قورالى، بىردىنبىر تىرىكچىلىك ۋاستىسى بولغان بۈركۈت ئاچقۇچلۇق پەيتتە ئىگىسىدىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈپ، قانات سۆڭىكىدىن نەي ياساشنى تەلەپ قىپتۇ. بۈركۈتنىڭ قايتا - قايتا سۈيلىشى بىلەن ۋافا ئۆزىنىڭ خاسىيەتلىك بۈركۈتىنى يىغلاپ تۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قانات ئۇستىخىنىدىن نەي ياساپ پۈۋلەپ چالغان ئىكەن، ئالەمدىكى جىمى بۈركۈت بىردەمدىلا تەرەپ - تەرەپتىن ئۇچۇپ كېلىپ قانخور سابىر باينىڭ باش - كۆزىنى چوقۇلاپ، ۋافا ۋە ئۇنىڭ سۆيۈملۈك بۈركۈتى ئۈچۈن ئىنتىقام ئاپتۇ. سابىر باي بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپ، بارلىق مال - مۈلكىنى نامراتلارغا بۆلۈپ بېرىپتۇ، خەلق خاتىرجەملىك ۋە ئاسايىشلىققا ئېرىشىپتۇ.

2) بىر زومىگەر باينىڭ قۇللىرى ئىچىدىن بىر يىگىت بىلەن بىر قىز بىر - بىرىگە كۆيۈپ قاپتۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان باي ئۇلارنى ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ. باينىڭ سۇيىقەستىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يىگىت بىلەن قىز تۈن يېرىمىدا قېچىپ كېتىپتۇ. باي ئۇلارنى قوغلاپ، ئوقيا بىلەن قىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. قىز بۈركۈتكە ئايلىنىپتۇ. كېيىن بۈركۈت بايدىن ئىنتىقام ئېلىش جەريانىدا قاتتىق زەخىملىنىپتۇ. جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۇ مېھرىبان ئاشىقىغا قانات سۆڭىكىدىن بىر نەي ياساشنى ۋەسىيەت قىپتۇ ھەمدە «نەي ساداسى مەڭگۈلۈك مۇھەببىتىمىزنىڭ گۇۋاھچىسى بولسۇن» دەپتۇ.

3) بىر قېتىم چەت ئەل باسمىچىلىرى تاجىكلارنىڭ بىر تاغلىق يۇرتىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپتۇ، چارۋىچىلار باسمىچىلار بىلەن قاتتىق ئېلىشىپتۇ. لېكىن، دۈشمەن كۈچلۈك،

چارۋىچىلار ئاجىز بولغاچقا، چارۋىچىلار ناھايىتى مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ. دۈشمەنگە ئورۇنسىز يەم بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئەقىللىق بۈركۈت ئۆزىنى ئۆلتۈرۈپ قانات ئۇستىخىنىدىن نەي ياساشنى قايتا - قايتا تەلەپ قىپتۇ. چارۋىچىلار كۆزى قىيمىغان ھالدا ئۆزىنىڭ ئوۋ بۈركۈتىنى ئۆلتۈرۈپ، قانات سۆڭىكىدىن ئىككى تال نەي ياساپتۇ. ئۇلار نەي بىلەن قايغۇ - ھەسرەتلىك مۇزىكىلارنى چاپتۇ، مۇزىكا ئاۋازى تاغدىن چىققان ئەكس سادا بىلەن بىرلىشىپ، يېقىن - يىراق يۇرتلارغا ئاڭلىنىپتۇ. كىشىلەر بۇنى قېرىنداش يۇرتنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەت دەپ بىلىپ، تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ باسمىچىلار بىلەن ئېلىشىپتۇ. سان - ساناقسىز بۈركۈتلەرمۇ ئېلىششقا ياردەمدە بوپتۇ. باسمىچىلار تەل - تۆكۈس يوقىتىلىپ، تاجىكلار تاجاۋۇزچىلار ئۇستىدىن غەلىبە قىپتۇ.

4) بىر كۈنى يىرتقۇچ قۇشلار بىر تاجىك چوپاننى مال بېقىۋاتقان يېرىدىن تۇتۇپ كېتىپ، قۇشلار شاھلىقىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇلار ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش ئۈچۈن، بۇ ئىنسانىنىڭ گۆشىنى يېيىشنى كېڭەش قىپتۇ. بۈركۈت چوپاننىڭ قېشىغا كىرىپ ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا چوپان بۈركۈتنى مىنىپ، ئامان - ئېسەن يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ. بۈركۈت «خائىن» دەپ قارىلىپ، قۇشلار ئىچىدىن قوغلاندى بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۈركۈت تاجىكلار بىلەن بىللە ياشايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

يۇقىرىقى بۈركۈت ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ گەرچە ۋەقەلىكى ئوخشاش بولمىسىمۇ، بۇ رىۋايەتلەرنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا بىر ئورتاق تېما — بۈركۈت بىلەن تاجىكلار ئوتتۇرىسىدىكى قويۇق مۇناسىۋەتلەرنىڭ يورۇتۇلۇۋاتقانلىقىنى

كۆرەلەيمىز. دېمەك، يۇقىرىقى رىۋايەتلەرنىڭ مەنبەسى بىر، ئۇلار ئوخشاش بىر بۇركۇت ئەپسانىسىنىڭ ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى ۋارىيانتى. خاسىيەتلىك بۇركۇت تاجىك ئەپسانىلىرىدە تاجىكلار ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ھەقىقىي ئوبرازى قىلىپ مۇجەسسەملەنگەن، بۇركۇت قوغدىغۇچى، ئاسرىغۇچى، شەپقەتچى بىر كۈچ سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن، سىرلىقلاشتۇرۇلغان ۋە ئۇنىڭغا ئىلاھىي تون كىيدۈرۈلگەن. بۇ خىل مۇقەددەسلىك ئاخىرقى ھېسابتا بۇركۇتكە چوقۇنۇشنى پەيدا قىلىپ، تاجىكلارنىڭ بۇركۇت تۇتېمىنى شەكىللەندۈرگەن.

تاجىكلار بۇركۇت تۇتېمى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سەنئەت ئېڭىنى ئىپادىلىدى ھەمدە سەنئەت ھاياتىنى باشلىدى. رومىنىيە ئالىمى V. تەيناشمۇ «تۇتېمغا تىۋىنىش ئىپتىدائىي سەنئەتنى، بولۇپمۇ تۇتېم ئوبيېكتىنىڭ ئوبرازىنى ياراتتى» دەيدۇ. بۇركۇت تۇتېمى ۋە بۇركۇت سەنئىتىمۇ دەل تاجىكلارنىڭ مىللىي تامغىسى بېسىلغان روھىي مىراستۇر.

بۇركۇت ئوبرازى قەدىمكى شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلەشكۈچى ساك قەبىلىسىدىمۇ چېلىقارلىق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ، بولۇپمۇ ساكلارنىڭ نەقىش سەنئىتىدىكى ھايۋان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىدىن شىر تەنلىك، بۇركۇت باشلىق سۈرەت، كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىدۇ. ئىككى خىل ھايۋان ئوبرازى بىر گەۋدە قىلىنغان نەقىش سەنئىتى قەدىمكى زامانلاردا كەمدىن - كەم ئۇچرايدۇ. قىزىقارلىقى شۇكى، بۇ خىل نەقىش سەنئىتىدە بۇركۇت ئوبرازى باش ئوبراز بولغان. قارىغاندا، بۇركۇت ساكلارنىڭ نەزىرىدىمۇ تۇتېم خاراكتېرلىك خاسىيەتلىك قۇشتەك قىلىدۇ.

تاجىكلارنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرى ئىچىدە نەي «بۇركۇت نەي»

دەپ ئاتىلىپ، تاجىك سەنئىتىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. بۇ خىل ئۈچ تۆشۈكلۈك سۆڭەك نەي توغرىسىدا ئىلىمىزنىڭ خەن سۇلالىسىدىن بۇيانقى تارىخىي كىتابلىرىدا ھەم مۇزىكا تەزكىرىلىرىدە نۇرغۇن خاتىرىلەر بار. تاجىكلار بۈگۈنكى كۈندىمۇ نەيىنى بۈركۈت قانات سۆڭىكىدىن ياسايدۇ ۋە شوخ، يۇرەكنى لەرزىگە سالىدىغان مۇڭلۇق كۈيلىرى ئارقىلىق ئۆز ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. تاجىكلاردىكى «بۈركۈت نەي» رىۋايىتى بۇنىڭ ئەڭ يارقىن كارتىنىسى، تاجىك راۋابىنىڭ باش قىسمىدىن سەل يۇقىرىراق ئورۇنغا جايلاشقان مۈڭگۈزىنىڭ بەئەينى بۈركۈتنىڭ پەرۋاز قىلىۋاتقان قانىتىغا ئوخشىتىلىپ ياسىلىشى، تاجىك بۈركۈت مەدەنىيىتى شەكىللىنىشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تاجىك خەلق ئۇسسۇلىمۇ ناھايىتى قەدىمكى دەۋردە بارلىققا كەلگەن، «بۈركۈت ئۇسسۇلى»نىڭ قانداق شەكىللەنگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن رىۋايەتلەردە، تاجىك خەلق ئۇسسۇلى — بۈركۈت ئۇسسۇلىنىڭ بۈركۈتنىڭ پەرۋاز ھەرىكىتىگە تەقلىد قىلىپ بارلىققا كەلگەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. بىزنىڭچە، تاجىك خەلق ئۇسسۇلىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئەڭ مۇھىمى تاجىك مەدەنىيىتى ئەنئەنىسىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى. مەخسۇس ئۇسسۇلنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىملارنىڭ تەتقىقات يەكۈنىدىن قارىغاندا، ئۇسسۇل ئەڭ دەسلەپتە تەگرىگە ساداقەت بىلدۈرۈش ۋە دىنىي مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈشنىڭ بىر خىل شەكلى ئىكەن، شۇنداق بولغاندا ئۇ، ئەمەلىيەتتە قەدىمكى تۇتېم بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ قالىدۇ. ئىپتىدائىي دەۋر ۋە كېيىنكى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردە ئۇسسۇلنىڭ تۇتېم چوقۇنۇشىغا بېغىشلانغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلار بىرقەدەر كۆپ. مەسىلەن، ئاۋسترالىيە

قىتئەسىدىكىلەرنىڭ ئۇسسۇللىرى تۆگىقۇش، كىنگورولارنىڭ ھەرىكىتىگە تەقلىد قىلىنغان. سەۋەب ئېنىق، ئۇ بولسىمۇ ئۇيەردىكىلەر تۆگىقۇش بىلەن كىنگورونى تۇتېم قىلغان. شىمالىي ئافرىقىلىقلاردا تىمساھ ئۇسسۇلى ئويناش ئومۇملاشقان، شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىندىئانلارنىڭ ئۇسسۇللىرى ئېيىق، ياۋا كالا، ئىت قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ھەرىكىتىگە تەقلىد قىلىنغان. دېمەك، تۇتېم دەۋرىدىكى ئادەملەر ئۆزى چوقۇنىدىغان ھايۋانلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى دوراپ ئۇسسۇل ئويناش ئارقىلىق ئۆز تۇتېمىغا بولغان ئىخلاس - ھۆرمىتىنى بىلدۈرگەن. بىزنىڭچە، تاجىكلارنىڭ بۈركۈت ئۇسسۇلىمۇ ئوخشاشلا مۇشۇنداق چوڭقۇر تارىخىي مەزمۇنلاردىن مۇستەسنا ئەمەس.

تاجىك خەلق ناخشا - قوشاقلىرىدىمۇ بۈركۈت ئوبرازى خېلى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. بەزى ناخشا - قوشاقلاردا بۈركۈت قۇشلارنىڭ سەركەردىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىپ،ئۇنىڭ بىر قاتار ئىجابىي خىسلەتلىرى مەدھىيىلىنىدۇ؛ بەزىلىرىدە بۈركۈت ئوبرازى ئارقىلىق تاجىكلار تارىخىدىكى مەشھۇر قەھرىمانلار، ۋەتەنپەرۋەرلەر، مەرد - پالۋانلار يۈكسەك دەرىجىدە ئۇلۇغلىنىدۇ؛ يەنە بەزى ناخشا - قوشاقلاردا بۈركۈت ئوبرازى ئارقىلىق ئىنسانلار ئارىسىدىكى پاك مۇھەببەت، مېھىر - شەپقەت، خەير - ئېھسان قاتارلىق ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەت مەدھىيىلىنىدۇ. جاھالەت، زالىملىق، ئاچ كۆزلۈك، ئالدامچىلىق، ھەسەتخور- لۇق قاتارلىق يامان ئىللەتلەر ھەجۋىي قىلىنىدۇ. بۇ خىل ناخشا - قوشاقلاردىن «كاشكى بولسام مەن بۈركۈت»، «ئاق بۈركۈت»، «تەيغۇن»(دېداكتىك ئېپىك داستان) قاتارلىقلار بار. تاجىك خەلق ناخشا - قوشاقلىرىدىكى بىردىنبىر ئىجابىيلىققا

ئىگە بۈركۈت ئوبرازىنىڭ كەڭ ئورۇن ئىگىلىشى ئادەتتىكى ئوخشىتىش، تەقلىد قىلىش، مۇبالىغىلەشتۈرۈش ھادىسىسى بولماستىن، بەلكى ئىنتايىن قەدىمكى دەۋرلەردە بۈركۈتنىڭ تاجىك ئەجدادلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىدا يۈكسەك ئورۇن تۇتقانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

تاجىك خەلق ماقال - تەمسىللىرى ـ تاجىك خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، تاجىكلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى، پەلسەپىۋى پىكىرلەر چاقناپ تۇرغان تاجىك خەلق ماقال - تەمسىللىرىدە بۈركۈت ھەققىدىكى ماقال - تەمسىللەرمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ: «ئەقىل شەرەپ، لېكىن ھەممە ئادەم ئەقىللىق بولۇۋەرمەيدۇ؛ توز ھەممىدىن چىرايلىق، لېكىن بۈركۈتتەك پەرۋاز قىلالمايدۇ»، «ئەقىللىق بۈركۈت قېرى تۈلكە بىلەن ئېلىشمايدۇ»، «بۈركۈت قىياپىتىگە كىرگەن قۇش بۈركۈتتىن ئەڭ قورقىدۇ»، «ياشىساڭ بۈركۈتتەك ياشا، بولمىسا ياشىما» ۋە باشقىلار.

بۈركۈت تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيىتىدە يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، تاجىكلارنىڭ ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىدىمۇ ئوخشاشلا ئالىي ئىمتىيازغا ئىگە. بۇ نۇقتا ھازىرقى زامان تاجىك ئەدەبىياتىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن بارلىققا كەلگەن تاجىك ئەدەبىيات قوشۇنىنىڭ ھەرقايسى ژانىردىكى ئىجادىيەتلىرىدە، بۈركۈت ئوبرازى ۋە بۈركۈت سۈپىتى، جۈملىدىن بۈركۈت روھى، بۈركۈت جاسارىتى ۋە بۈركۈت غايىسى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرماقتا. زامانىۋى تۇرمۇش مۇھىتىدا تاجىك جەمئىيىتىدە، تاجىك مىللىي ئۇسسۇلىدىكى ئارتىسلارنىڭ بۈركۈتكە ئوخشاش گىرىم قىلىندۇرۇشى، «ئارغىماق ئۇسسۇلى»، بۈركۈت رەسىملىرى،

بۇركۇت ئويما نەققاشلىرى، بۇركۇت سۇرىتى چۈشۈرۈلگەن نەپىس بۇيۇملارنىڭ تاجىك ئۆيلىرىگە زىننەت ئاتا قىلىشى قاتارلىقلار بىر تەرەپتىن، تاجىكلارنىڭ بۇركۇتكە بولغان تونۇشىنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، تۇتېمغا چوقۇنۇشنىڭ قالدۇقى ۋە بۇركۇتنىڭ كىشىلەرگە بەرگەن ئېستېتىك سېزىمىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

يەنە بىر نۇقتىنى شەرھلەپ ئۆتۈشنى لازىم تاپتۇق، ئۇ بولسىمۇ تاجىكلارنىڭ مۇزىكا ـ كۈيلىرى. تاجىكلار ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخي تەرەققىيات جەريانىدا شوخ، مۇڭلۇق، ئاھاڭدار، كەيپىياتنى جانلاندۇرىدىغان، جاراڭلىق ۋە يېقىملىق بولغان ئۆزگىچە مۇزىكا كۈيلەرنى ئىجاد قىلدى. بۇمۇ بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا بۇركۇت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى، تاجىكلار پەلەك (تاجىك مۇقامى) ئېيتقان ۋاقتىدا، ئازراق مۇزىكا سېزىمى بار ئادەملەرگە بېرىدىغان بىرىنچى تەسىرى، خۇددى ئۆزىنى نەۋقىران بۇركۇتتەك كۆك ئاسمان قەرىدە لەرزان پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. مانا بۇ بىز تەكىتلىمەكچى بولغان تاجىك تۇتېم مۇزىكىسىدىن ئىبارەت.

ئۇنىڭدىن باشقا تاجىكلار قول ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ سەردارى بولغان تەلپەك، شەيدايى، كۆلتا قاتارلىق باش كىيىم ۋە باشقا بۇيۇملاردا بۇركۇتنىڭ پەرۋاز شەكلىنىڭ ئىپادىلىنىشى يەنە بىر ئاجايىپ نازۇك نۇقتا.

## 2. بۇركۇت تۇتېمى بىلەن باغلانغان تىل ئادەتلىرى

دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرى تۇتېم قىلىپ قىلىپ چوقۇنغان مۇقەددەس ھايۋان ۋە نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى ئۆز تىللىرىدىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرگە (ئوخشىتىش،

جانلاندۇرۇش، مۇبالىغە، كىنايە...)، ماقال - تەمسىللەرگە، ئىدىئوملارغا، ئەقلىيە سۆزلەرگە چوڭقۇر سىڭدۇرۇۋەتكەن. گەرچە تاجىكلار بۇركۈتنى ئەمەل - مەنسەپ سۈپىتىدە كۆرسەتمىگىنى بىلەن، لېكىن ئۇلارنىڭ تىل ئادەتلىرىدە، تارىختىكى مەشھۇر قەھرىمانلار، ۋەتەنپەرۋەرلەر، مەرد - پالۋان، باتۇرلار بۇركۈت ئوبرازى ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن، «شاھنامە» ئېپوسىدا رۇستەم قاتارلىق باتۇرلار بۇركۈتكە ئوخشىتىلغان. «تەيغۇن» داستانىدىمۇ تاجىك خەلقىنىڭ باتۇر ئوغلانى، مەشھۇر قەھرىمان قۇلچاق بۇركۈتكە ئوخشىتىلىپ تەسۋىرلەنگەن.

تاجىك خەلقى بۈگۈنكى كۈندىمۇ، بۇركۈتكە بولغان تونۇشىنىڭ يۈكسەكلىكىدە، ئۇنىڭغا ئالاھىدە نەزىرى بىلەن قارايدۇ. كۆكسى قارنى كەڭ، ئاق كۆڭۈل، چىقىشقاق، مۇلايىم، باشقىلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشنى شەرەپ دەپ بىلىدىغان كىشىلەر بۇركۈتكە ئوخشىتىلىدۇ. ئوغلاق تارتىش مەيدانلىرىدا ئات بىلەن توپ ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ، ئوغلاقنى ئېلىپ چىققان چەۋەندازلارمۇ كىشىلەر تەرىپىدىن «بەئەينى بۇركۈت ئىكەن!» دەپ تەرىپلىنىدۇ.

تاجىكلاردا بۇركۈت ئىلاھ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ ئۇلۇغلانغاچقا، ئۇنىڭغا شەك كەلتۈرۈش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ.

يۇقىرىقى تىپىك تۇتېم مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي شەكىللىرى قەدىمكى ئىران مەنبەلىرىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

### 3. بۇركۈت تۇتېمى بىلەن باغلانغان ئۆرپ - ئادەتلەر

تاجىكلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ئۆزگىچە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، بۇركۈت تۇتېم ئېتىقادى بىلەن

چەمبەرچاس باغلانغان. فرىئود : «قەدىمكى ۋە ھازىرقى دەۋرلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان جەمئىيەتلىرىدە ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىدە، مەلۇم دەرىجىدە تۇتېم دەۋرىنىڭ قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان» دەيدۇ.

تاجىكلاردا يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر، بۈركۈت تۇتېمى بىلەن باغلانغان ئۆرپ - ئادەتلەر ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلمەكتە. گەرچە ئۇلارنىڭ ھاياتىدا قانچىلىغان دىنىي ئېتىقادلار ئالماشقان بولسىمۇ، لېكىن بۈركۈت تۇتېم ئېتىقادى گويا سېھىرلىك كۆلەڭگىدەك ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھەمراھ بولدى: بۈركۈتنىڭ مەلۇم ئەزاسى (تىرنىقى، تۇمشۇقى) ئارقىلىق يامان روھلارنى جىن - ئەرۋاھلارنى قوغلاش، خېيىمخەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە پالاكەتلەردىن ساقلاش قارىشى ساقلاندى. بوۋاقلارنىڭ باش كىيىملىرىگە، بۆشۈكىگە بۈركۈت تىرنىقى، تۇمشۇقىنى كۆز تۇمارى قىلىپ ئېسىپ قويۇشى – كىچىك باللارغا يامان كۆز تېگىشتىن ساقلاش، قارا بېسىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، خاتىرجەم ئۇخلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئۇلارنىڭ جىگەرلىك، ساغلام ۋە قەيسەر بولۇشىنى مەقسەت قىلدى. چوڭلارنىڭ كۆزگە ئانچە چېلىقمايدىغان جايلىرىغا بۈركۈت تىرنىقىنى تۇمار قىلىپ ئېسىۋېلىشىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ بالايىئاپەتلەردىن يىراق تۇرۇپ، پالاكەتتىن ساقلايدۇ، ئامەت ئېلىپ كېلىدۇ دەپ قارىغانلىقىدا.

ناھايىتى ئېنىقكى، كېيىنكى مەزگىللەردە جۇغراپىيىلىك مۇھىت ۋە مەدەنىيەت قاتلىمىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بۈركۈت تۇتېم ئېتىقادى ئازراق سۇسلاشقان بولسىمۇ، يۇقىرىقى جانلىق ئادەتلەردىن باشقا يەنە ئۇنىڭ تەسىرىنى تاجىكلارنىڭ ئۆلۈم - يېتىم ئادەتلىرىدە ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

تاجىكلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئۇلارنىڭ ئۆلۈم - يېتىم ئادەتلىرى بىرقەدەر ھەيۋەتلىك ۋە سۈرلۈك بولىدۇ. ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئىسمائىلىيە مەزھىپى تەلىماتلىرى، قەدىمكى زەردۇشت دىنىنىڭ پەلسەپىۋى قاراش ساقىندىلىرى ۋە مەزكۇر مىللەتنىڭ قەدىمدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنۋى-مىللىي تۇرمۇش ئادەتلىرى ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ، مەزمۇن ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، بىر تەرەپلىمىلىكتىن كۆپ تەرەپلىمىلىككە قاراپ تەرەققىي قىلىپ، تەدرىجىي شەكىللىنىپ، مۇكەممەللەشكەن بىر ئېتنوگرافىيىلىك ھادىسە.

... مېيىت يۇيۇلغاندىن كېيىن، ئۆلگۈچىنىڭ ئەر تۇغقانلىرى قارىلىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ، پەگاھتا قاتار تۇرۇپ يىغلايدۇ. ئاياللارمۇ شۇ ئۆينىڭ تۆرىدە چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ يىغلايدۇ. سىرتتىن كەلگەن جامائەت نۆۋەت بىلەن كىرىدۇ، ئەرلەر ئەرلەرنىڭ بوينىدىن، مۇرىسىدىن تۇتۇپ يىغلاپ ئۇلارغا تەسەللى بېرىدۇ. ئاياللار ئاياللارنىڭ قولىنى تۇتۇپ يىغلايدۇ. ئۆلگۈچىنىڭ ھايات چېغىدىكى ئېسىل ئەخلاق - پەزىلىتى ياخشى خۇي - خىسلەتلىرى ۋە تۆھپىلىرىنى «تەلقىن» (ھازىدارنىڭ ئۆز قايغۇ - ھەسرىتىنى ئىپادىلىشىنى كۆرسىتىدۇ) ئېيتىپ يىغلايدۇ، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ تەلقىنلىرى مۇڭلۇق ۋە ھېسسىياتلىق بولۇپ، يۈرەك تارىنى تىترىتىدۇ. بىز ئۇنى تاجىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى مەرسىيە ناخشىلىرىنىڭ ئالاھىدە بىر خىل شەكلى دەپ قارايمىز.

نۇرلۇق يۇلتۇزىمىز ئىدىڭسەن ئاتا
بىزنىڭ يىلتىزىمىز ئىدىڭسەن ئاتا
بۈركۈت قۇشىمىز ئىدىڭسەن ئاتا

ئەقىل ھوشىمىز ئىدىڭسەن ئاتا

ئەگەر ئۆلگۈچى تەرەپ ھازىدارنىڭ بوۋىسى، دادىسى ياكى ئاتا يوللۇق تۇغقىنى بولسا، تەلقىنلەردە ئۇلار بۈركۈتكە ئوخشىتىلىپ، يىلتىز، ئەجداد، ئاتا دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ.

تەھقىقكى، ئىلاھىي بۈركۈت تاجىك مىللىتىنىڭ بىردىنبىر تۇتېمى بولغان. ئۇلار ئورتاق تېررىتورىيە، ئورتاق تىل بىرلىكى، ئورتاق تۇرمۇش شەكلىنىڭ تەسىرىدە ئۆزلىرىنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيىتى، ئېتىقادى ۋە سەنئىتىگە ياندىشىپ بۈركۈت تۇتېم مەدەنىيىتىنى ياراتقان. مانا بۇ ئەڭ ئاخىرقى يەكۈن.

# قوتاز ۋە تاجىكلارنىڭ يايلاق مەدەنىيىتى

## ۋاھابجان قۇربان تەۋەررۇك

دۆلىتىمىزنىڭ تاشقورغان رايونىدا ئىشلەنگەن «ئاق بۈركۈت» ناملىق ھېكايە فىلىمدە مۇنداق بىر كۆرۈنۈش يۈرەكنى لەرزىگە سالىدۇ:

«كەڭرى كەتكەن ياپيېشىل يايلاق، دۈپۈرلىشىپ چېپىپ كېتىۋاتقان قوتازلار، يوغان — يوغان مۈڭگۈزلەر، قوتازلارغا مىنىپ ئوغلاق تارتىشىۋاتقان، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن جاسارەت ۋە قەيسەرلىك تېپىپ تۇرغان ئادەملەر توپى...» قىسقىغىنە بۇ كۆرۈنۈش گەرچە ئادەتتىكىچە كۆرۈنگىنى بىلەن، ئۇ قوتازنىڭ تاجىك مىللىتىگە نىسبەتەن مەدەنىيەت تۇسىدە ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى دەلىللەيدۇ.

يايلاقتا مەدەنىيەت يارىتىش يايلاق كىشىلىرىنىڭ جەسۇرلۇقى ۋە ئىجادچانلىقى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغان

ئىزچىل داۋاملىشىش خاراكتېرىدىكى پائالىيەتتىن ئىبارەت. ھەممىگە مەلۇم، تاجىكلار ئاساسەن «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» دەپ ئاتالغان قىرپانە ئېگىزلىكىدە ياشاپ، بۇ ئەزىم تۇپراقتا چارۋىچىلىقتىن ئىبارەت ئىگىلىك شەكلىنى ئاساس قىلىپ ھاياتلىق پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئېلىمىز تاجىكلىرى قەدىمدىن تارتىپلا تاشقورغان دەرياسى ۋە زەرەپشان دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرىغا جايلاشقان بىپايان يايلاقلاردا ئات ۋە قوتازدىن ئىبارەت «تۇلپار»لار ئارقىلىق ئۆزلىرىگە خاس مىللىي مەدەنىيەت ۋە خاسلىق يارىتىپ، ئۇنى ئۆدۇم شەكلىدە داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا تەبىئىي تۇس بېرىپ كەلگەن قەدىمىي مىللەتتۇر.

ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا ئاتقا ئوخشاشلا ھەم ئاتتىنمۇ ئۇنۇملۇك رول ئوينايدىغان بىر ئەتىۋارلىق ھايۋان بار، ئۇ بولسىمۇ قوتازدۇر.

پامىر قوتازلىرى ئادەتتە دېڭىز يۈزىدىن 4 – 5 مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتىكى ھاۋاسى سوغۇق ھەم شالاڭ بولغان ئوتلاقلاردا توپ - توپ ياشايدۇ. ئۇ ئېگىز تاغلاردىكى مۇھىم قاتناش قوراللى بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر ئارىسىدا «ئېگىزلىكتىكى كېمە» دېگەن گۈزەل نام بىلەن سۈپەتلىنىپ كەلمەكتە.

تاجىك قوتازلىرى قارا، كۈل رەڭ، بوز، سېرىق ۋە ئاقۇچ كېلىدۇ، ئۇنىڭ گەۋدىسى چوڭ، بويى ئېگىز، كۆز ۋە پۇتلىرى يوغان، چۇپۇرلۇق، گۆشلۈك، تېرىسى قېلىن، پۇراش سېزىمى ئىنتايىن كۈچلۈك، سوغۇققا چىدامىلىق ھايۋان بولۇپ، بىر قوتازنىڭ تىرىك ئېغىرلىقى 200 كىلوگرامدىن 400 كىلوگرامغىچە كېلىدۇ.

قوتاز بىر پۈتۈن گۆھەر. ئۇنىڭ گۆشى مۆتىدىل ۋە

بېيىشلىك. سوتى، سۆگىكى، تېرىسى، چوپورى — بىباھا ئوزۇقلۇق ۋە خام ئەشيا بويۇملىرى بولۇپ، يۇقىرى ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە. ئۇ ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، كىشىلەرنىڭ جېنىغا ئەسقاتىدۇ. ئەڭ مۇھىمى قوتاز «ئۆز جېنىنى ئۆزى بېقىش» ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئارتۇقچە تەر ئاققۇزمايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا قوتاز ئىنسانلارنىڭ خالىس شەپقەتچىسى.

قوتاز ئېگىز تاغ يوللىرىغا تولىمۇ ماس، مىنىشكە باب ئۇلاغ. ئۇ ناھايىتى سىلىق ماڭىدۇ، ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى ئۇنىڭ ئېگىزگە چىقىش سۈرئىتى تۆۋەنگە چۈشۈش سۈرئىتىدىن ناھايىتى تېز. ھەرقانداق تىك ـ يانتۇلۇقلارغا ناھايىتى ئاسانلا چىقالايدۇ. قوتاز قەدىمىي زامانلاردا «يىپەك يولى»نىڭ پامىردىن ئۆتىدىغان خەتەرلىك، ئېگىز تاغ يوللىرىدا كىشىلەرگە ناھايىتى ئەسقاتقان. ئۇنىڭ «ئېگىزلىكتىكى كېمە»دېگەن سۆيەت نامىمۇ شۇ چاغلاردا بارلىققا كەلگەن ھەم تارالغان. بۇ ھەقتە مەشھۇر سەيياھلارنىڭ ساياھەت خاتىرىلىرىدە ناھايىتى كۆپ دەلىللەر بار.

ئۇنداقتا يايلاقنى ئۆزلىرىگە چىقىش يولى قىلغان بۇ مىللەت «ئېگىزلىكتىكى كېمە»نى قاچاندىن باشلاپ ئۆز تۇرمۇشىغا ئېلىپ كىرگەن؟ بۇ خىل مىللەت كىشىلىرىنىڭ خاراكتېرى قانداق؟ بۇ ھال نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟

تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا «قوتازنىڭ بۇنىڭدىن 7000 يىللار ئىلگىرى كۆندۈرۈلگەن» لىكىنى بىلەلەيمىز. تاجىكلارنىڭ قوتازنى ئىشلىتىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش تارىخى بىرقەدەر ئۇزاق بولۇپ، مەدەنىيەت تۈسىنى ئالغان، قوتازغا باغلانغان بىر قاتار ئۆرپ ـ ئادەتلەر بۇنىڭ دەلىلى.

تاجىكلار قوتازنىڭ قۇيرۇقىنى قەبرە تۇغلىرىغا ئېسىپ قويىدۇ، بۇ خىل ئەھۋال ئۆرپ - ئادەت سۈپىتىدە پۈتكۈل تاجىكلار ئارىسىغا تارقالغان. ئۇنىڭدىن باشقا قوتازنىڭ مۈڭگۈزلۈك باش سۆڭىكى زىنىنەت بۇيۇمى سۈپىتىدە ئۆيلەرنىڭ تاملىرىغا قاداپ قويۇلىدۇ. بۇلار قوتاز ھەققىدىكى تۇتېمىزملىق ئەقىدىنىڭ تاجىكلار جەمئىيىتىدىكى تەسىرى بولۇپ، تاجىك ئەجدادلىرىنىڭ قوتاز ھەققىدىكى ئىپتىدائىي ئىلاھىيەتچىلىك كۆز قاراشلىرىنى مۇئەييەن ئاساسقا ئىگە قىلىدۇ.تاجىك چارۋىچىلىرى قوتازنىڭ مۈڭگۈزىنى ئۇچى ( قوتاز مۈڭگۈزىنىڭ ئۇچىنى تېشىپ، تېرە ئوراپ، قوزا - ئوغلاقلارغا ئاش ۋە سۈت ئىچۈزىدىغان نەرسە) ياساپ، قوزا- ئوغلاقلارغا ئاش ۋە سۈت ئىچۈرۈپ باقىدۇ.

قوتاز سۆڭىكىنىڭ تاجىك مىللىي تېبابەتچىلىكىدىكى ئىشلىتىلىش قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز بۇرۇندىنلا قوتاز سۆڭىكىنى سوقۇپ، يانجىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا ئۇزاق قاينىتىپ، يېغىنى سۈزۈۋېلىپ بىمارلار ئۇچۇن ئىشلەتكەن.

تاجىكلاردا كۈچتۈڭگۈر، قاۋۇل ئەرلەر «قوتازدەك بار ئىكەن»، «قوتاز كەبى»دەپ سۈپەتلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆيلەردە ئوغۇل بوۋاقلار دۇنياغا كەلسە، بوۋايلار ۋە يۇرت چوڭلىرى «قوتازدەك بالا بولارسەن» دەپ دۇئا بېرىپ، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن بوۋاقلارغا ئاجايىپ كۈچ - قۇۋۋەت ۋە مۇستەقىللىق تىلىشىدۇ، يەنە تاجىك ئەدەبىياتىدا «قوتازغا ئېگىز ياخشى، موزدۇزغا بىگىز ياخشى»، «باي بولاي دېسەڭ قوتاز باق» دېگەنگە ئوخشاش ماقال - تەمسىللەر ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

قوتاز ئارقىلىق ئوغلاق تارتىشىش — تاجىك تەنتەربىيە پائالىيىتىدىكى مۇھىم تۈرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ خىل پائالىيەت بىر تەرەپتىن سۈرلۈك، ھەيۋەتلىك كۆرۈنسە، يەنە بىر تەرەپتىن كىشى يۈرىكىنى ھاياجانغا سېلىپ، ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. بۇ خىل پائالىيەتنىڭ تارىخى بىرقەدەر ئۇزاق بولۇپ، ئۇ تاجىكلارنىڭ ھەقىقىي روھىنى نامايان قىلىدۇ.

تاجىكلار ئەنە شۇنداق يايلاق مۇھىتىدا ياشاپ كەلگەچكە، ئۆزلىرىدە يايلاق كىشىلىرىگە خاس خاراكتېرنى ياراتقان. تېتىكلىك، جەسۇرلۇق، ياۋايىلىق، قىزىققانلىق ۋە تەۋەككۈلچىلىك تاجىكلارنىڭ ئاساسلىق خاراكتېر ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالغان. تاجىكلار پسىخىكىسىدىكى بۇ ئالاھىدىلىكلەر تاجىكلارنىڭ يايلاق مۇھىتىدىكى ھەقىقىي ئوبرازىنى تىكلىگەن.

دېمەك، قوتاز — تاجىكلار تۇرمۇشى بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، تاجىكلار يايلاق مەدەنىيىتى تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر.

# تاجىكلارنىڭ رەڭ قارىشى

## ئابدۇرەھىم نەۋرۇز

تاجىكلار ئېتنوگرافىيىسىدە رەڭ قاراشلىرى بىرقەدەر ئومۇمىيلىق مەزمۇننى ئىپادىلەپ، ئۇلارنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرىنى دەلىللەپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ رەڭ تۇيغۇسى پەقەت گۈزەللىك تۇيغۇسىلا بولماستىن، بەلكى ئۇزاق ئەسىرلىك مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ داۋامى، شۇنداقلا ئۇزاق مۇددەتلىك

ياشاش ئادىتى ۋە دىنىي ئەقىدىلىرىنىڭ راۋاجى ھېسابلىنىدۇ.

تاجىك جەمئىيىتىدە مەدەنىيەت قاتلىمىنىڭ ھەربىر بۇرجەكلىرىدىن ئۇلارنىڭ رەڭ، بوياقتا بولغان قارىشىنىڭ ئىنتايىن چوڭقۇر ھەم مۇرەككەپ ئىزنالىرى ئۇچرايدۇ. تاجىكلار ئادەتتە ئاق رەڭ بىلەن قىزىل رەڭنى ئالاھىدە ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئاق رەڭ ــ پاكلىقنىڭ، ساپلىقنىڭ، بەخت ـ سائادەتنىڭ، قىزىل رەڭ ــ خۇشاللىق ۋە بەختنىڭ بەلگىسى، ياشلىق ۋە ھاياتلىقنىڭ سىمۋولى. تۇرمۇشتىكى جىمى خۇشاللىقلار مۇشۇ ئىككى خىل رەڭ بىلەن ئىپىپ بېرىلىدۇ ياكى ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك، بۇ رەڭلەر بىلەن تاجىكلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاھىدە مۇناسىۋەت تاجىكلار تۇرمۇشىنى رەڭگارەڭ مەزمۇندا بېزەپ، بېيىتىپ، ئاۋۇتۇپ كەلمەكتە. بۇ خىل باغلانما مۇناسىۋەت ھاياتلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىلىپ، سىرلىق ئىلاھىي كۈچكە ئىگە قىلىنغان. تاجىكلارنىڭ نەزىرىدە ئاق ئۇن، سۈت ۋە تۇز ئۇلۇغ نەرسە، پاك ـ ساپلىقنىڭ، بەخت ـ سائادەتنىڭ سىمۋولى. قىزىل ئەتىن ئاپئاق سۈتنىڭ چىقىشى ــ بۈيۈك مۆجىزە، ئاللانىڭ كارامىتى. شۇڭا، سۈتنى خارلاشقا، دەسسەشكە، خالىغان جايغا تۆكۈشكە، سېتىشقا بولمايدۇ، تۇزنى دەسسىگەن، سۈتنى خارلىغان كىشى قارىغۇ بولۇپ قالىدۇ دەيدىغان قاراشلار بار.

ئومۇمىي مەزمۇن جەھەتتىن ئالغاندا، تاجىكلاردىكى رەڭ ـ بوياق قارىشىدا دىنىي تۇس خېلىلا قويۇق ۋە روشەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ، تاجىكلارنىڭ مەشھۇر «چاھار ئاناسىر» قاراشلىرىنىڭ يەكۈنى بولغان زەردۇشت دىنى بىلەن باغلىنىشلىق. زەردۇشت (ئاتەشپەرەسلىك) دىنىدا نۇر ۋە ئوت گەرچە ساپ قىزىل بولمىسىمۇ، لېكىن قىزىل رەڭگە سىمۋول

قىلىنغان. نەتىجىدە ئوت (نۇر) يورۇقلۇق، ياخشىلىق، خاتىرجەملىك، پاكلىقنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئۇلۇغلانغان. تاھازىرغىچە ئوتنى ئۇلۇغلاش، ئوتقا چوقۇنۇش، ئوت ئارقىلىق دۇئا - تىلاۋەت قىلىش بىرقەدەر كەڭ ئۇچرايدۇ. مەنىسى پېشكەللىكلەرنى يوقىتىش، جىن - ئالۋاستىلارنى قوغلاپ، خاتىرجەملىك، بەخت - سائادەت بەخش ئېتىدۇ دېگەنلىك. ئاي ۋە كۈن تۇتۇلغاندا گۈلخان يېقىش، بالا ئەمدىلا تۇغۇلغاندا بوسۇغىدا ئىسرىق سېلىش، چارۋىلار يايلاققا كۆچكەندە ئېغىل - قوتان ئەتراپىغا ئىسرىق سېلىش، ئاغرىق - بىمارلارغا ئوت ئارقىلىق دۇئا - تىلاۋەت قىلىش، ئۆلگەن كىشىنى يەرلىككە قويغان ئاخشىمى قەبرىسى ئەتراپىغا چىراغ يېقىش ،بارات ئېيىدا تۇپراق بېشىغا پىلىك يېقىش، قۇربانلىق قىلىنغان قوي قېنىنى باللار- نىڭ پېشانە - مەڭزلىرىگە سۈۋاپ قويۇش، جىنازا - تاۋۇت ئۈستىگە قىزىل رەڭلىك يوپۇق يېپىش قاتارلىق ئادەتلەر مەۋجۇت.

تاجىكلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ،ئاق رەڭ ۋە قىزىل رەڭدىن باشقا يەنە قارا رەڭ، سېرىق رەڭ، يېشىل،ھال، شاپتۇل چېچىكى، كۆك، خورما رەڭ قاتارلىق خىلمۇخىل رەڭلەر ئۇچرايدۇ .بۇخىل رەڭلەر ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت توغرىسىدىكى قاراشلىرى، ئىجتىمائىي ۋە پەلسە- پىۋى ئىدىيىلىرى، ئىستىلىستىكىلىق قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ .

شۇ ئارقىلىق تۇرمۇش ئادەتلىرى، ئەخلاق - پەزىلىتى، مۇھەببەت - نەپرىتى، ياشلىق، مېھرىبانلىق، ساددىلىق، باتۇرلۇق خاھىشىنى ئىپادىلەيدۇ .تاجىكلارنىڭ قارىشىدا قارا ۋەكۆك رەڭ خاپىلىق ۋە قايغۇنىڭ سىمۋولى، سۇرلۇك ۋە

جىمجىتلىقىنىڭ بەلگىسى؛ يېشىل رەڭ ئاۋاتلىقىنىڭ، ئىشەنچ، مۇھەببەتنىڭ، يېڭىلىقىنىڭ، جۇشقۇنلۇقىنىڭ سىمۋولى؛ سېرىق رەڭ ئاجىزلىق، پۇشايمان، كۆڭۈلسىزلىك ۋە بالايىئاپەتنىڭ سىمۋولى...

تاجىكلار مەدەنىيىتىدە رەڭ قاراشلىرى ھەم ئۇنىڭدىكى نازۇك مەنە پەرقلىرى، زامان ۋە ماكان تۈسلىرى، يالقۇنجاپ تۇرغان مىللىي ئۆزگىچىلىك ـ تاجىكلار ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جىلۋىسى.

قۇدا چۇشۇش رەسمىيىتى تاجىك تىلىدا «ياغلىق چىگىش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئوغۇل تەرەپنىڭ ئارزۇ تەلىپى قوبۇل قىلىنغان بولسا، بىر قاتار قائىدە ـ رەسمىيەتلەردىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپنىڭ ئاساسلىق ئايال تۇغقانلىرىدىن بىرى قىزنىڭ مەخسۇس خانىسىغا كىرىپ، ئۇنىڭ قولىقىغا سىرغا، قولىغا ئۈزۈك، بېشىغا قىزىل ياغلىق سالىدۇ.

توي كۈز پەسلىدە ناھايىتى داغدۇغىلىق، دەبدەبىلىك ئېلىپ بېرىلىدۇ. قىز بىلەن يىگىت راۋۇرۇس ياساندۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ قوللىرىدىكى ئۈزۈكلەرگە ئاق ۋە قىزىل شايىدىن ياغلىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. يىگىتنىڭ بېشىغا ئاق شايىدىن تاشلانغان (كۆپ ھاللاردا قارا مەخمەلدىن تاشلىنىپ، رەڭگارەڭ مەشۇت يىپلار بىلەن كەشتىلىنىدۇ) تەلپەك كىيدۈرۈلۈپ، ئاق شايى ۋە قىزىل تاۋاردىن سەللە يۆگىلىدۇ. قىز بېشىغا رەڭگارەڭ مەشۇت يىپلار بىلەن كەشتىلەنگەن «شەيدايى» كىيىپ، ئۈستىگە چوڭ ئاق ياكى قىزىل شايى رومالدىن چۈمبەل ئارتىۋالىدۇ، كۈمۈشتىن ياسالغان «سىلسىلا» ئاسىدۇ. چېچىغا باشتىن ـ ئايىغىچە تۆت قاتار سەدەپ، چېكىسىگە گۈللۈك «چولىك»، «گوشۋار» لارنى تاقاپ بەئەينى پەرىزاتتەك ياساندۇرۇلىدۇ. ئاپئاق

رەختىلەردىن قىزغۇچ كېيىك تېرىسىدە تاشلانغان «تۇمار» ئېسىۋالىدۇ. ھاياتلىقنىڭ بەلگىسى بولغان «قىزىللىق تويى» مەرىكىسى تولىمۇ قىزىپ كېتىدۇ. ياشلار قىزىل، يېشىل، ھال، شاپتۇل چېچەكى رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىپ، ئۆزلىرىنىڭ ياشلىقىنى، ئەركىنلىك، شادىيانلىقىنى نامايان قىلسا، ياشانغانلار سۇرلۇك كۆرسىتىدىغان قارا ياكى كۆك رەڭلىك كىيىملىرىنى، كېيىك تېرىسىدىن تىكىلگەن قىزىل چورۇقلىرىنى كىيىشىپ، قىزىل پۆپۈكلۈك رەڭدار قۇر، بەلۋاغلىرىنى باغلاپ، ئۆزلىرىنىڭ توختالغان، سالاپەتلىك خاراكتېرىنى ئىپادىلەيدۇ.

تويغا كەلگەنلەرنىڭ ئاتلىرىمۇ ناھايىتى بېزىلىدۇ، بولۇپمۇ قىزنى كۆچۈرۈشكە كەلگەن ئاتنىڭ ئېگەر - سەرەمجانلىرى يېڭىدىن جابدۇلۇپ، قىزىلغا مايىل يۇڭ يىپەك رەختىلەردىن كەشتىلەنگەن شالچا سېلىنىدۇ. ئاتقا قىزىل گۈللۈك، قىزىل پۆپۈكلۈك كۈمۈش زەنجىرلىك نوختا - يۈگەن، قىزىل بويالغان تېرە تاسما ئىشلىتىلىدۇ. ئات يايلىسى چىرايلىق ئۆرۈلۈپ، قىزىل لېنتىلىق پۆپۈكلەر بىلەن بېزىلىدۇ. يىگىت قامچىسىنىڭ دەستىسى كۈمۈش سىم بىلەن ئورىلىپ، چىرايلىق گۈللەر چېقىرىلىدۇ، داپ ۋە «بۇركۇت نەي» ساداسى ئىچىدە ھەممە قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە ئۆزگىچە خۇشاللىقلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. داپ زەنجىرىگە قىزىل لېنتىلار باغلىنىدۇ. «بۇركۇت نەي» گە قىزىل مارجانلىق لېنتا ئېسىلىدۇ. ساھىبخان ئۇسسۇلچىلار ۋە نەغمىچىلەرگە قىزىل، يېشىل، ھال رەڭ، شاپتۇل چېچەكى قاتارلىق رەختىلەردىن «راۋادار» (سوۋغا) لىق تەييارلايدۇ. قىز كۆچۈرۈلۈپ ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە، ئىشىك ئالدىغا قىزىل پاياندار سېلىنىپ،

قىزغا بەخت ـ ئامەت، يېڭىدىن قۇرۇلغان ئائىلىگە پاكلىق، خاتىرجەملىك تىلىنىدۇ. سېرىقماي بىلەن سۈت ئىچىلىپ، قىز-يىگىتتىن ھاردۇق سورىلىدۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ شېرىن، تاتلىق بولۇشىنى تىلەيدۇ. يىگىت بىلەن كېلىننىڭ مۇرىلىرىگە ئاق ئۇن سېپىلىپ مۇبارەكلىنىدۇ. تويىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى كېلىننىڭ قىزىل چۈمبىلى «پەدەرخان» (ۋەكىل ئاتا) تەرىپىدىن ئېچىۋېتىلىدۇ، كېلىننىڭ ئالدىغا ئۇن، سۈت، سېرىقماي ئېلىپ چىقىلىپ، ئاش ـ تاماق تەييارلاتقۇزىدۇ. بۇ «ئوچاق بېشىغا چىقىرىش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ چاغدا قېينانا كېلىنگە قىزىل، شاپتۇل چېچەكى رەڭلىك ئېسىل رەختلەردىن سوۋغاتلىق تەييارلايدۇ. بۇ، كېلىننىڭ يېڭى ئۆيدە يېڭى ھايات باشلىغانلىقىنىڭ سىمۋولى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ھېيت ـ ئايەملەردە ئاق ئۇننىڭ تاملارغا سېپىلىپ بەخت ـ ئامەت تىلىنىشى، «نەۋرۇز» بايرىمى ۋە باشقا مۇراسىم، بەزمە ــ مەشرەپلەردە مېھمانلارنىڭ، ئۆز ھەمراھلىرىنىڭ مۇرىلىرىگە ئاق ئۇن سېپىلىپ، خۇشاللىق، شادىيانىلىق، ئازادىلىك تىلىنىشى، قارا كۆزلۈك ئاق قوزىنىڭ قۇربانلىق قوي قىلىپ تاللىنىشى تاجىكلارنىڭ قەدىمدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىدۇر.

تاجىكلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرى مەزكۇر مىللەتنىڭ قەدىمدىن بۇيانقى مىللىي تۇرمۇش ئادەتلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، بىرقەدەر سۈرلۈك تۈس ئالغان بولىدۇ ھەم رەڭ قارىشى ناھايىتى گەۋدىلىك ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. مۇسىبەت-ماتەم كۈنلىرىدە كىشىلەر قارا، كۆك رەڭلىك كىيىملىرىنى كىيىشىپ ئۆزلىرىنىڭ ھازىدار ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ، قايغۇ ـ ھەسرىتىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەرلەر قارا رەڭلىك

كىيىملەرنى، ئاياللار قارا، كۆك رەڭلىك كۆڭلەك، چاپانلارنى، «قارىلىق» كۆلتا، شەيدايى كىيىدۇ، قارا ۋە كۆك رەڭلىك ياغلىق ئارتىدۇ. ئۆلگۈچىنىڭ ئۆيىدە بىر يىلدىن ئۈچ يىلغىچە توي ۋە باشقا خۇشاللىق مۇراسىملار ئېلىپ بېرىلمايدۇ. ياشانغانلار ئۈچۈن بىر يىل، قارارسىز، ياش كەتكەنلەر ئۈچۈن ئۈچ يىلغىچە قارىلىق تۇتۇلىدۇ. بۇ جەرياندا خۇشاللىق بەلگىسى بولغان قىزىل ۋە باشقا كۆركەم گۈللۈك كىيىملەر كىيىلمەيدۇ، ياش ئاياللار زىبۇزىنىنەت تاقىمايدۇ. يۇرت ئىچىدە ئۆلۈم - يېتىم بولۇپ، ئەگەر بىرەرسى تويغا جابدۇنغان بولسا، هازىدارنىڭ رازىلىقىنى ئالمىسا بولمايدۇ. ئۆلگۈچى يېقىن تۇغقانلىرىدىن بولسا، بىر يىل قارىلىق تۇتۇپ، ئاندىن تويغا تۇتۇش قىلىدۇ. ئەمما، بۇ چاغدىكى توي نەغمە - ناۋاسىز، كۆلكە - چاقچاقسىز، شاۋقۇن - سۈرەنسىز، جىمجىتلا ئۆتكۈزۈلىدۇ. تويدا هېچكىم خۇشاللىقنىڭ، شادلىقنىڭ سىمۋولى بولغان قىزىلغا مايىل كىيىم كىيمەيدۇ. مانا بۇ بىز تەكىتلىمەكچى بولغان تاجىكلارنىڭ «قارىلىق توي» مەرىكىسى. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، ياش ھەم قارارسىز ئالەمدىن ئۆتكەنلەرنىڭ قەبرىسى ئاق بوردا سۇۋىلىپ، باش تەرىپى قىزىل رەڭدە بوياپ قويۇلىدۇ.

تاجىكلارنىڭ تىل ئادىتىدىمۇ رەڭ سۈپەتلىرى ناھايىتى كۆپ. گۈزەل، نازىنىن قىزلار ئاق لالە، قارلەيلىسىگە ۋە قىزىل گۈلگە ئوخشىتىلىپ مەدھىيىلىنىدۇ؛ مۇلايىم، مەمىمىي، پاك، مېھرىبان كىشىلەر ئاق كۆڭۈل، پاك نىيەت دەپ سۈپەتلىنىدۇ؛ يامان نىيەتلىك كىشىلەر قارا يۈز، قارانىيەت ۋە قارا يۈرەك دەپ ئەيىبلىنىدۇ. ئوت (ئىسسىق) مىجەز كىشىلەر مېھرى ئىسسىق كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ؛ ئوتنىڭ يەنە كۆيدۈرۈش، ۋەيران قىلىش خۇسۇسىيىتى بولغاچقا، بەزىدە بىرقىسىم كۆيدۈرگە كىشىلەر،

بەتنىيەت، سۈيىقەستچىلەر ــ ئوت قۇيرۇق، بەئەينى ئوت ئىكەن دەپ مەسخىرە، كىنايە قىلىنىدۇ؛ مال ـ دۇنياغا تويمايدىغان ئابرۇيپەرەس كىشىلەر ــ قىزىل كۆز دەپ؛ كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلايدىغان، ھەسەتخور كىشىلەر ــ كۆڭلى قارا دەپ ئوخشىتىلىدۇ. تەبىئەتتىكى ھەرخىل ئۆزگىرىش ھالەتلىرىگە قارىتا باھارنى «يېشىل»، يازنى «رەڭگارەڭ»، كۈزنى «سېرىق»، زىمىستاننى «كۆك» دەپ سۈپەتلەيدۇ.

تاجىكلار ئەدەبىيات ـ سەنئىتىدە رەڭ قاراشلىرى ــ رەڭ-بوياق ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى، ئىجتىمائىي، پەلسەپۋى ئىدىيىلىرى، ئەخلاق، مۇھەببەت قاراشلىرىنى ئىپادىلەشنى روياپقا چىقارغان؛ «نۇر ۋە شەيتان» ئەپسانىسى، «دۇختەرى زەرىن» داستانى، «داپ رىۋايىتى»، «گۈل تازە»، «تەيغۇن»، «شاھمۇبارەك» ناخشىسى قاتارلىقلار ئەڭ تىپىكلىرىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا تاجىك خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىگە قارايدىغان بولساق «قارا كىگىز يۇغان بىلەن ئاقارماس»، «قىزىل تىل قارا باشقا چىقىپتۇ»، «چوڭ قازان كىچىك قازانغا تېگىڭ قارا دەپتۇ»، «قارا قويىنىڭ گۆشى ئىمانغا پايدا»، «سېرىق سۆيدۇرەر، قارا كۆيدۇرەر»، «قارا يەر ئالەمنى يەر»، «قارىسى قەن، ئېقى پەن» قاتارلىقلار بۇ نۇقتىنى دەلىللەپ تۇرىدۇ.

تاجىكلارنىڭ ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى كۆركەم، نەپىس ۋە چىرايلىق بولۇپ، تاجىك ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى بىلەن گۈزەللىك قارىشىنى نامايان قىلىدۇ. تۇرمۇش بۇيۇملىرى، كىيىم ـ كېچەكلەر، ئات سەرەمجانلىرى، ئاشخانا لازىمەتلىكلىرى قاتارلىقلار رەڭگارەڭ يىپەك ـ مەشۈت يىپلار بىلەن ھەرخىل گۈل-گىياھ، ئۇچار ـ قاناتلارنىڭ نۇسخىلىرى

چېكىلىدۇ، جۈملىدىن ئۆي ئىچىنى بېزەش، زىننەتلەش ياكى سىرلاشتا بولسۇن، ھەمىشە قۇت نىشانى بولغان رەڭلەرنى ئىشلىتىدۇ .

ئات — تاجىكلارنىڭ ئەڭ يېقىن ھەمراھى. ئۇلار ئادەتتە ئاتتىن ئايرىلالمايدۇ، ئاتنى ئەرنىڭ قانىتى ھېسابلايدۇ. ئات رەڭگىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. چىلانتورۇق يورغا ئاتلارنى، جەردە ھەم تۇم ئاق ئاتلارنى ئارمان قىلىدۇ، ئالاتاغىل ئاتلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئات بەيگىلىرىدە، ئوغلاق تارتىشىش مۇسابىقىلىرىدە ئاتلارنىڭ كوكۇلىسى ۋە قۇيرۇقلىرى قىزىل لېنتىلار بىلەن بېزىلىدۇ. چەۋەندازلارنىڭ بېشىغا قىزىل ياغلىق، بېلىگە قىزىل بەلۋاغ باغلاپ قويۇلىدۇ. ئوغلاق تارتىشتا ئاق رەڭلىك ئوغلاق تەييارلىنىدۇ، مۇكاپاتلانغۇچىلارغا قىزىل رەختتىن تارتۇق بېرىلىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، تاجىك خەلقى سۇ بىلەن يايلاق قوغلىشىپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق، قىسمەن ئوۋچىلىق تۇرمۇش شەكلىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن خەلق. تارقاق ياشاپ، ئورتاق مەدەنىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۆزگىچە تۇرمۇش شەكلى بىلەن مىللىي ئەنئەنىلىرىنى بېيىتىش جەريانىدا، ئۇلار تىرىكلىكنىڭ نىشانى سۈپىتىدە بىر - بىرىگە خالتا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىكى رەڭلەر ئارقىلىق ئۆز ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. «رەڭ تىلى» ئارقىلىق ئالاقە قىلىشتى، بىر-بىرىنى چۈشەندى، دەردىگە دەرمان بولدى، سېغىنىشنى ئىپادىلەپ، بىر - بىرىگە تەسەللى بەردى. رەڭ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئالاقە قورالىغا ئايلىنىپ قالدى: خالتا ئەۋەتكەندە خالتىنىڭ رەڭگى ئاساسەن ئاق ۋە قىزىل بولىدۇ. خالتا ئاغزى ئاق يىپ بىلەن تىكىلگەندە ئاق

كۆڭۈللۈكنى، دۇرۇسلۇقنى، دوستانىلىقنى؛ قىزىل يىپ بىلەن تىكىلگەندە مەلۇم خۇشاللىقنى؛ يېشىل يىپ بىلەن تىكىلگەندە ئۆزئارا كۆيۈنۈشنى؛ سېرىق يىپ بىلەن تىكىلگەندە سېغىنىشنى، دەردىڭدە سارغىيىپ سامان بولدۇم دېگەننى؛ كۆك يىپ بىلەن تىكىلگەندە كۆڭۈل قويۇش، تەسەللى بېرىش ۋە كۆرۈشۈشكە تەشنالىقنى، مۇھەببەتنى بىلدۈرىدۇ. خالتا ئاغزىنى تىككەن يىپ بىلەن خالتىنىڭ بېلى باغلانغان بولسا هازىدارلارغا نىسبەتەن، بېلىڭنى چىڭ باغلاپ، رىئاللىققا يۈزلەن، ئۆلگەننىڭ ئارقىسىدىن ئۆلگىلى بولمايدۇ دېگەن مەنىنى؛ خالتا ئاغزىنى تىككەن يىپ بىلەن خالتىنىڭ بىر بۇرجىكى قاتلىنىپ تىكىلگەن بولسا، سەن يوق بويىنىمىز قىسىلدى، كۆڭلىمىز يېرىم بولدى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مانا بۇ بىز تەكىتلىمەكچى بولغان تاجىكلارنىڭ رەڭ تىلى ۋارىيانتلىرىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا يەنە قىزلارنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرگەن يىگىتىگە ئاق شايىدىن چۆرىسىگە قىزىل رەڭلىك مەشۈت يىپلار بىلەن كۆركەم كەشتىلەنگەن، قىزىل گۈل نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن قولياغلىق سوۋغا قىلىشى — ئۆزىنىڭ يالقۇنلاپ تۇرغان ياشلىقى، پاك - غۇبارسىز هېسسىياتىنى ئىپادىلەش بولسا، ئوۋچى مەرگەنلەرنىڭ كېيىك تېكىسىنىڭ گىرەلىشىپ كەتكەن هەيۋەتلىك مۈڭگۈزلىرىنى قىزىل رەڭدە بوياپ، ئىشىك بېشىغا ئېسىپ قويۇشى ئۆزلىرىنىڭ باتۇر، مەرد، پالۋانلىقىنى نامايان قىلغانلىقى بولىدۇ. ئۇلار تا هازىرغىچە بۇ پەۋقۇلاددە ئادەتنى ساقلاپ كەلمەكتە.

تاجىك تېبابەتچىلىكىدە رەڭ ئارقىلىق داۋالاش، رەڭ ئارقىلىق ئاگاھلاندۇرۇشمۇ بىرقەدەر ئومۇملاشقان. نېرۋىسى ئاجىز، كۆز بېسىمى يۇقىرىلارنىڭ مەنزىرىسى گۈزەل، ياپيېشىل

يايلاقلاردا سەيلە قىلىندۇرۇلۇشى، بالىغا قىزىل چىقىپ قالغاندا ئىشىك بېشىغا قىزىل لېنتا ئېسىپ، باشقىلارنىڭ كىرىشىنى چەكلەپ، يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشى، ئىسرىقنىڭ نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش رولىدىن پايدىلىنىپ كېسەل داۋالاش، سۈرمە ئارقىلىق كۆز ئاغرىقلىرىنى داۋالاش قاتارلىقلار.

## تاجىكلارنىڭ چاي مەدەنىيىتى

### زۇنۇن ياقۇپ، ئابدۇرەھىم نەۋرۇز

تاجىكلار قەدىمدىن تارتىپلا يېمەك - ئىچمەك ئادەتلىرىدە چاي ئىستېمال قىلىشقا، بولۇپمۇ «ئەتكەن چاي» (قەتىغىن چاي دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئىستېمال قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى.«ئەتكەن چاي» — ھازىرغىچە ئىشلىتىلىۋاتقان پەمىل چاي، گۈلچاي، تاشچاي قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق بىرىنى تاللاپ، ئاچچىق ھەم قېنىق دەملەپ سۈت، قايماق ئارىلاشتۇرۇلىدۇ ۋە ياكى ئۆرۈك، ياڭاق، شاپتۇل، توغاچ مېغىزلىرى، تۇخۇم سېرىقى قاتارلىقلار خۇرۇچ قىلىنىپ مۇۋاپىق تۇز بىلەن تەم تەڭشەش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. ئادەتتە مىس قازان، مىس چەينەكلەردە قىزىتىپ قاينىتىلىدۇ. ئالدى بىلەن مېغىزلار ئېزىلىپ مەلھەم ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ، سىرتقى پوست - تىرىپلىرى سۈزۈۋېتىلىدۇ. ئاچچىق مېغىزلار مەلھەم ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ، سىرتقى پوست - تىرىپلىرى سۈزۈۋېتىلىدۇ. ئاچچىق مېغىزلار مەلھەم ھالەتكە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن مۇۋاپىق سۇ ئارىلاشتۇرۇپ قىزدۇرۇپ، سورۇلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، مېغىزلار زەھەرسىزلەندۇرۇلۇپ

تاتلىققا ئايلاندۇرۇلىدۇ. دورا ـ دەرمەك ئارىلاشتۇرۇلمايدۇ.

چوڭلارنىڭ ھېكايە قىلىپ بېرىشىچە، قەدىمدە تاجىكلار ئالما بوپۇرماقلىرىنى يىغىپ قۇرۇتۇپ چاي ئورنىدا ئىشلەتكەن. تاجىك يىگىتلىرى 4000 – 5000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى مۇزلۇق چوققىلاردىن قار لەيلىسى، ياۋا زىرە (ئارپىبەدىيان)، زىرىق، ۋادار، بىنەفشە، زىۋۇش، گۇلاف، مامۇرى، قورۇمئوتى قاتارلىق دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى يىغىپ چاي ئورنىدا ئىستېمال قىلغان. ئۇلارنى مۇۋاپىق نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىپ باش ئاغرىقى، قورساق ئاغرىقى، زۇكام، جىگەر كېسىلى ۋە ھەر خىل يارا، ياللۇغلىنىش ئازابلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ تاجىك تېبابەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس ياراتقان. شۇ ۋەجدىن «چاي بىلەن مەڭزىم ئانار، چاي بىلەن يۈرەك قانار»غا ئوخشاش ئىلمىيلىقى يۇقىرى ئىدىئوملار كەڭ تارقالغان. تاجىكلارنىڭ چاي ئىستېمال ئادىتى تارىختىن بۇيان مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت شەكلىدە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. تاجىك ئائىلىرى «ئەتكەن چاي» غا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ، كۆڭۈل قويۇپ تەييارلايدۇ، ئەتىگەنلىك ناشتىدا كەم قىلمايدۇ، مېھماندارچىلىقتا قوي سويۇپ ئىززەت ـ ئېكرام بىلدۈرگەندىن باشقا، ئوخشىتىپ ئېتىلگەن مەززىلىك «ئەتكەن چاي» بىلەن مېھمان قىلىنسا مېھمانلار زىيادە خۇشال بولىدۇ. ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىدا، ھازىدار ئۆيىدە ئۈچ كۈنگىچە تاماق ئېتىلمەيدۇ. يۇرتتىكىلەر بۇ جەرياندا «ئەتكەن چاي» تەييارلاپ، ھازىدارلاردىن ئەھۋال سورايدۇ، ھەممە ئائىلە خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ھالەت شەكىللىنىپ، ئۆزگىچە چاي ـ تائاملىرى ئارقىلىق ھازىدارلارغا مەدەتكار بولىدۇ، ئۇلارنىڭ روھىي كەيپىياتىنى كۆتۈرۈپ تەسەللى بېرىدۇ.

«ئەتكەن چاي» تاجىكلار توي - تۆكۈن ئىشلىرىدىمۇ ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. قۇدا چۈشۈش رەسمىيىتى تاجىك تىلىدا «ياغلىق چىگىش» (چاي ئىچۈرۈش) دېيىلىدۇ. ئوغۇل تەرەپنىڭ ئارزۇسى قوبۇل قىلىنغان بولسا، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئايال تۇغقانلىرى قىزنىڭ مەخسۇس خانىسىغا كىرىپ، قىزنىڭ قۇلىقىغا سىرغا، قولىغا ئۈزۈك، بېشىغا قىزىل ياغلىق سېلىپ، تاتلىق «ئەتكەن چاي»لىرى بىلەن مۇبارەكباد ئېيتىدۇ. توي كۈنى قىز تەرەپتىن ئىككى ئايال تەملىك «ئەتكەن چاي» تەييارلاپ نەغمە - ناۋا، ئۇسسۇل دەبدەبىلىرى بىلەن يىگىتتىن ئەھۋال سورايدۇ، توينى قۇتلۇقلايدۇ. يىگىت ئېھتىرام بىلەن چاينى ئىچكەندىن كېيىن، بۇ ئىككى ئايالنىڭ چېيى ھۆرمىتىگە ماددىي بۇيۇم سوۋغا قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، توي تەرتىپلىرىنىڭ بۇ مۇھىم تۈرى ئاخىرلىشىدۇ... ئۇنىڭدىن باشقا تاجىكلار ئۆزئارا بېرىش - كېلىش، مېھمان بولۇش، بىر-بىرىدىن ھال - ئەھۋال سوراش قاتارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىدە ئازدۇر - كۆپتۇر چاي ئېلىۋېلىپ، سوۋغات قىلىشىپ، كۆڭۈل ئىزھار قىلىشىدۇ. يىراقتىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغىمۇ تەملىك، پۇراقلىق، ئىچىشلىك بولغان چايلىرىنى خالتا قىلىشىپ، تىرىكلىكنىڭ نىشانى قىلىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئۆزئارا سېغىنىشنى، كۆيۈمچانلىقنى، مېھرىبانلىقنى ئىپادىلەيدۇ.

«چاي خۇمارى بولسا بولسۇن، مەي خۇمارى بولمىسۇن»، دېمەك، «ئەتكەن چاي»نىڭ تاجىكلار تۇرمۇشىدىكى ئىشلىتىلىش دائىرىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە ئومۇمىيلىقى، ئۇنىڭ دورىلىق ۋە ئوزۇقلۇق قىممىتىنىڭ يۇكسەكلىكىدە ئىپادىلىنىپلا

قالماستىن، بەلكى تاجىلار يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ۋە قەدىمىيلىكىنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ.

## تاجىكلارنىڭ راۋاب مەدەنىيتى توغرىسىدا

### زۇنۇن ياقۇپ

تاجىكلار ئۇزاق تارىخىي ۋە قەدىمىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە مىللەت. تاجىك مىللىتىنىڭ دۇنيا ئەدەبىيات - سەنئەت مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى تارىخىنىڭ ئۇزاقلىقى ۋە قەدىمىيلىكى بىلەن ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ، دەۋر ئالاھىدىلىكىنى يارقىن، روشەن ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان خۇسۇسىيەتلىرى بار.

تاجىك ئەجدادلىرى مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش، روناق تاپتۇرۇش جەريانىدا ئۆزگىچە بولغان «راۋاب مەدەنىيىتى» نى ياراتقان. راۋاب — «راباب»، «رەباب» دەپ ئاتالغان. تاجىك راۋابى بارلىققا كېلىش تارىخىنىڭ ئۇزاقلىقى، قەدىمىيلىكى، ئومۇمىيلىقى ۋە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇشىدەك ئالاھىدىلىكىرى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە چېلىقارلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. مىلادىيەدىن 330 يىل ئىلگىرى ئىسكەندەر زۇلقەرنەين تاجىكىستاننىڭ بەدەخشان شەھرىگە ھەربىي يۈرۈش قىلغان مەزگىلدە ئۇنىڭ ئەيىارلىرىدىن ئىرانلىق نەسىم بەدەخشان پادىشاھىغا يەتتە تارلىق ساز چېلىپ بەرگەندە «پادىشاھنىڭ ھالى باشقىچە بولۇپ، خۇددى تاشلار تاغدىن يەرگە چۈشكەندەك بولدى» دېگەن رىۋايەتلەر تارقالغان. روداكى يالغۇز شېئىرىيەتنىڭ پېشىۋاسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى

مەشھۇر ئارتىست، سازچى ۋە غەزەلچى ئىدى. بۇ ۋاقىت دەل IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

تاجىكلار مەدەنىيەت تارىخىدىكى مۇناسىپ خاتىرىلەردىن، تاجىكلارنىڭ سەنئەتكە بولغان قىزىقىشىنى «راۋاب» تىن باشلانغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. تاجىك جەمئىيىتىدە، كۆپ سانلىق ئائىلىلەردە بىردىن راۋاب بولىدۇ. «سەۋرۇنخانا» ئۆيىنىڭ بىر تۈۋرۈكىگە ئېسىقلىق تۇرىدۇ.

تاجىك راۋابى ــ قۇلاق ئورنى، دەستىسى ۋە راۋاب بېشىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تۈزۈلىدۇ، ئادەتتە پەدە باغلانمايدۇ، گەۋدىسى ياڭاق، ئۆرۈك، ئۈجمە ۋە چىنار ياغاچلىرىدىن ياسىلىدۇ. نىسبەتەن قىسقا ھەم توم بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 60 سانتىمېتىر كېلىدۇ. قارنى ئات ياكى ئېشەك تېرىسىدىن كېرىلىدۇ. راۋاب بېشى ئات بېشىغا، باش قىسمىدىن سەل يۇقىرىراق ئورۇنغا جايلاشقان ئىككى مۈڭگۈزى بەئەينى بۈركۈتنىڭ پەرۋاز قىلىۋاتقان قانىتىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، ئالاھىدە ئۇسلۇبتا نەقىش ئويۇلغان بولىدۇ. قەدىمدە يەتتە تارلىق (بىلە زىكان)، سەككىز تارلىق (قاسايىد) راۋابلار بىلەن دەۋر روھى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن، شۇ ئارقىلىق دىن، ئەدەپ ـ ئەخلاق، مەدەنىيەت تارقىتىلغان. ھازىر بەش تارلىق، ئالتە تارلىق راۋابلار كەڭ قوللىنىلماقتا. تارلار قوي، ئۆچكە ئۈچەيىدىن ياسىلىدۇ، ئالتە تارلىق راۋابلاردا ئۈچ تال ئاساسي تار، بەش تارلىق راۋابلاردا بىر تال ئاساسلىق تار، قالغانلىرى بولسا قوشۇمچە ئەكس سادالىق تارلار ھېسابلىنىدۇ، زەخمىكى ۋە خىرىكى قارىغاي، ئارچا ياغاچلىرىدىن ياسىلىدۇ، ئادەتتە قۇچاقتا يانتۇ قويۇلۇپ سىيرىپ چېلىنىدۇ، ئىپادىلەش ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، كىشىلەرگە چەكسىز تەسەۋۋۇر ۋە

كۆچلۈك بەدىئىي زوق بېغىشلايدۇ.

تاجىكلار راۋاب چېلىشقا ناھايىتى ئامراق، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمان، قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىنى راۋاب ئارقىلىق ناخشا ـ قوشاق، مۇھەببەت ـ نەپرەت، مەدھىيە ـ مەرسىيە مەزمۇنلىرىدا ئىپادىلەپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدا مەلۇم زامان ـ ماكان تۇسى گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. قۇرۇلمىسىنىڭ چاققانلىقى، ئىشلىتىشكە ئەپچىللىكى تۈپەيلى، تاجىكلار مەيلى سەھنىدە بولسۇن ياكى ئىش ـ ئەمگەك، سەپەرلەردە بولسۇن، ئۇنى ئېلىپ يۈرۈپ، خالىغان چاغدا چېلىپ كۆڭۈل ئاچالايدۇ. مانا بۇ ئەجدادلارنىڭ ئۇنى كەشىپ قىلىشتا يالغۇز قۇرۇلمىسى، ئاۋاز تۇسى، ياڭراقلىقى ۋە كۆركەملىكى بىلەنلا ھېسابلىشىپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئۇنۇملۇك ئىشلىتىلىشىدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم نۇقتىنى ئالاھىدە كۆزدە تۇتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

تاجىك مۇزىكىلىرى ئالدى بىلەن راۋاب ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقاندىن كېيىن، ئاندىن مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ. جاراڭلىق، مۇڭلۇق، يېقىملىق ئاھاڭلىرى بىلەن ھەقىقىي مۇھەببەت، چىنلىق، ئىلىم ـ مەرىپەت، چىدام غەيرەت، مەردۇـ مەردانىلىك ئىستەكلىرى قوزغىلىدۇ، ئۆزئارا چۈشىنىش ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، مېھرىبانلىق، گۈزەللىك مەدھىيىلىنىدۇ، ئاچ كۆزلۈك، ناكەسلىك قاتتىق قامچىلىنىدۇ.

تاجىكلار بالىلىرىنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ قولىغا راۋاب تۇتقۇزۇپ چوڭ قىلىدۇ، سازەندە ـ ئۇسسۇلچى قىلىپ تەربىيىلەيدۇ. شەكىل ـ ھەرىكەت جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغان «بۈركۈت ئۇسسۇلى»نى ئامىباب، خاس، رەڭدار ناخشاـ قوشاق، مۇقام ـ پەدەكلىرىنى ئۇلارغا ئۆگىتىدۇ. ئۇلارنىڭ

ئۇمىدلىك، تىرىشچان بولۇشىغا مەدەت بېرىدۇ. كەيپى چاغ، روھىي ھالىتى ياخشى چاغلاردا قولىغا راۋاب ئېلىپ، بالىلىرىنى ئۇسسۇلغا سالىدۇ، مۇڭلۇق راۋاب كۈيلىرىدىن قوۋم-قېرىنداش، ئەجدادلىرىنى يادىغا كەلتۈرۈپ سېغىنىشىنى ئىپادىلەيدۇ. تولۇپ تاشقان مېھىر - مۇھەببەت، قىزغىن ھېسسىيات بىلەن مەنىلىك چاغلارنى ھەم ئازابلىق كۈنلەرنى كۈيگە قاتىدۇ، كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالىدۇ.

ئۆيگە مېھمان كەلگەندە تاماقتىن كېيىن ساھىبخان راۋابنى ئېلىپ ھۆرمەت، ئېھتىرام بىلەن مېھمانغا تۇتقۇزىدۇ. مېھمان خۇشاللىق بىلەن راۋابنى ئېلىپ مۇڭلۇق بىر - ئىككى پەدىگە چالىدۇ - دە، ساھىبخانغا قايتۇرىدۇ. ساھىبخانمۇ ئىككى - ئۈچ پەدە چېلىپ مېھمانغا بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر مېھمانلار ئىچىدە راۋاب چېلىشنى بىلمەيدىغانلىرى بولسا تولىمۇ خىجىل بولىدۇ ۋە راۋاب ئۆگىنىش قارارىغا كېلىدۇ. تاجىكلار يايلاق كۆچۈش مەزگىلىدە مال - بىساتلىرىنى كۆچۈرۈپ ئېلىپ ماڭغاندا راۋابىنى ئېلىۋېلىشنى قەتئىي ئۇنتۇمايدۇ. يول ئۈستىدە ئات، ئېشەك، قوتاز مىنىپ كېتىۋاتقان چاغدىمۇ راۋاب چېلىپ غەيرىتىنى ئاشۇرىدۇ، ئىرادىسىنى چىڭىتىدۇ. بىمارلارغا راۋاب كۈيلىرىنى ئاڭلىتىش ئارقىلىق كېسەل ئازابىدىن بالدۇرراق قۇتۇلۇپ كېتىشىگە مەدەت بېرىدۇ، غەم - قايغۇسىنى تۈگىتىشكە تىرىشىدۇ، ئۆز بېشىدىكى قايغۇ - ھەسرەت ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ، يورۇق دۇنيانىڭ سېخىي نۇرلىرىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقانلىقىدەك ئەر-كىنلىك، شادىيانىلىقىدىن سۆيۈنىدۇ.

دېمەك، تاجىك خەلقىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ئۆزىگە خاس مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى ئىچىدىكى

بىرقەدەر تىپىك بولغان راۋاب تاجىكلار تۇرمۇشىدا ئۆزگىچىلىككە ئىگە «راۋاب مەدەنىيىتى»نى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇنىڭدا تاجىك خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتلىرى روشەن ئىپادىلىنىدۇ. «راۋاب مەدەنىيىتى» تاجىك ئەنئەنىۋى مىللىي سەنئىتى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىك گەۋدىلەنگەن باشقا مەدەنىيەت ساھەلىرىدە چىن غارلىق ئورۇنغا مۇناسىپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن تاجىك مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇن ئىگىلەيدۇ.

## تاجىكلاردا سەپەر ئادەتلىرى

### ئابدۇرەھىم نەۋرۇز

ئىجتىمائىيتى ۋە مەنىۋىيتى رەڭدار ھەم ئۆزگىچە بولغان تاجىك مىللىتى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى چوڭ كۆچمەنلىك تارىخنى تاماملاپ، كوئېنلۇن ـ پامىرنىڭ سۇ ـ يايلاقلىرى مول بولغان بىپايان ئېتەكلىرىدە ئازساندا توپلىشىپ، كۆپ ھاللاردا تارقاق ياشاپ، ئاۋۇپ، جۇغراپىيىسى مۇرەككەپ بولغان پاكىز زېمىندا ئۆزىگە خاس بولغان ئېگىزلىك مەدەنىيىتىنى ياراتتى.

قەدىمكى بۇ مىللەتتە چوڭقۇر تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەت تورى شەكىللەنگەن بولۇپ، ياشاۋاتقان يۇرتلاردا، جۇملىدىن قىر-ئېدىرلاردا ئۆز توپىنىڭ قېرىنداشلىرى ئۇچراپ تۇراتتى. مەيلى ئۇلار قەيەرگە بارمىسۇن، ئۆز ئەنئەنىسى، ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە كۈتۈلەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا تاجىكلار يۇرت كۆرۈشكە، ئەل كېزىشكە، سەنئەتكە، ھۈنەر ئۆگىنىشكە، ئۆزئارا سۆھبەت ـ مۇئائىلىلەرگە، سودا ئىشلىرىغا ھېرىسمەن سەۋەبلىك ئۇلاردا

خاس خاراكتېرلەنگەن قائىدە - يوسۇنلۇق سەپەر ئادەتلىرى شەكىللەنگەن.

تاجىك يۇرتلىرىدا بىرەر كىشى سەپەرگە ئاتلانغاندا، يۇرت - مەھەللە ئاقساقاللىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى شۇ كىشىنىڭ ئۆيىگە ياكى مەھەللە مەركىزىگە بېرىپ: «كۇشادى سەپەر، سەپەر بىخەتەر، ئاللاھ پاناھ بولغاي» دەپ دۇئا بېرىپ، شۇ كىشىگە ئوڭۇشلۇق ۋە ئاق يول تىلەيدۇ. ئات، قوتاز، تۆگە، ئېشەك قاتارلىقلار سەپەر ئۇلىغى ھېسابلىنىدۇ. سەپەر ئۇلاغلىرىنى ئاسراشقا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىلىدۇ.ئات ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. سەيشەنبە، جۈمە كۈنلىرى سەپەرگە چىقىشقا قەتئىي بولمايدۇ. مەيلى قىش، مەيلى ياز كۈنلىرى بولسۇن ھاۋا كىلىماتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. «يازدا يېپىنچا ئال، قىشتا ئوزۇق»؛ «ئەسكى چاپان يامغۇر كۈنى ئەسقاتار» دېگەنگە ئوخشاش ماقاللار تارقالغان.

سەپەر قىلغۇچى پاكىز، ئازادە كىيىنگەن بولىدۇ. تاجىكلار قول - ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتىنىڭ شاھىتى - تەلپەك، كۈلتا، سەرشاھى، شەيدايى، كۆڭلەك - كەمزۇل، جۇراپ، چورۇق، كىيىك مۈڭگۈزى دەستىلەنگەن غىلاپ، ئېسىل قامچا... قاتارلىقلار تەييارلىنىدۇ. مەززىلىك پىشۇرۇلغان بوغۇرساق، خەكس، گۈلە - مېغىز، تالقان، ئىسسىق نان، سېرىقماي، سېمىز گۆش قاتارلىقلار سەپەر ئوزۇقى ھېسابلىنىدۇ.

تاللانغان سەپەر ئۇلاغلىرى چىرايلىق، كۆركەم سەرەمجانلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، سەپەر ئوزۇقلىرى ئۆز ئايرىمىسى بويىچە كەشتىلىك خۇرجۇنلار ۋە قوي، كىيىك تېرىسىدىن ياسالغان تالقاندارلارغا سېلىنىپ سەپەر ئۇلاغلىرىغا غانجۇغا قىلىنىدۇ.

يۇرت كىشىلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ رازىمەنلىكى بىلەن قىلىنغان سەپەرلەردە، سەپەر قىلغۇچى كۆپچىلىكنىڭ دۇئاسىنى ئالغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئىشىك بوسۇغىسىغا، ئاندىن يېڭى تاقىلانغان ئات تۇۋىقىغا ئالىقىنىنى تەگكۈزۈش بىلەن تەڭ ئۆز ئالىقىنىغا سۆيۈپ تاۋاپ قىلىدۇ (بۇ خاتىرجەملىك، تىنچلىق، ئامان - ئېسەنلىك تىلەش مەنىسىدىكى — سەپەرگە چىققۇچىنىڭ بېشىدىن ئاق ئۇن ئۆرۈش ئادىتى بىلەن ستېرېئولۇق باغلىنىشچانلىققا ئىگە) ۋە ھەممەيلەن بىلەن خوشلىشىپ يۈرۈپ كېتىدۇ.

ناۋادا دېگەن مەنزىلگە يېتەلمەي بىرەر جايدا قونۇپ قېلىشقا توغرا كەلگەندە، شۇ يۇرتتىكىلەر سەپەر قىلغۇچىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنىڭدىن ھاردۇق سورايدۇ، قوي سويۇپ نەغمە قىلىپ، ئەتكەن چايلىرى بىلەن مېھماننى كۈتۈۋالىدۇ. سەپەر ئۇلاغلىرىغا ئېسىل بوغۇز تەييارلاپ، ئاتلىرىنى سوۋۇتۇپ، تاڭشۇرۇپ، ئىككىنچى كۈنىدىكى سەپەرنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا شارائىت ھازىرلايدۇ.

سەپەر قىلغۇچىلار ئارىسىدا مەزلۇم كىشى بولۇپ قالسا، ئەنئەنىۋى قائىدە - يوسۇن بويىچە ئۇلار ئالاھىدە ھۆرمەتلىنىدۇ ھەم ئالاھىدە ئىمتىيازدىن بەھرىلىنىدۇ؛ ئەڭ ياخشى سەپەر ئۇلاغلىرى ئۇلار ئۈچۈن تەييارلىنىدۇ. ئەڭ ئېسىل سەپەر ئوزۇقلىرى ئاۋۋال ئۇلارغا تارتىلىدۇ. ئەر - ئاياللار سەپەر ئۇلاغلىرىغا بىرگە مىنىشكە توغرا كەلسە، ئەرلەر ئالدىدا، ئاياللار كەينىدە ئولتۇرۇش شەرت قىلىنىدۇ.

توي - تۆكۈن، تۇغقان يوقلاش، مەرىكىلەرگە قاتنىشىش، سەنئەت پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىش، ھۈنەر ئۆگىنىش، يايلاق كۆچۈش، ئوۋ - شىكار سەيرى قاتارلىق ئىجتىمائىي

پائالىيەتلەردە سەپەرگە چىققۇچىلار تەييارلىقنى پۇختا قىلىشىپ، بىرى ـ بىرىگە ياخشى ھەمراھ، ئۆزئارا ياردەمدە بولۇپ كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلەيدۇ. «سەپەردىكى دوست ئايرىلماس». شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇنداق سەپەرلەردە تاجىكلار راۋاب، نەي، داپلىرىنى ئېلىۋېلىشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. يول بويى نەغمە ـ ناۋا قىلىشىپ، يول ئازابىنى يەڭگىللىتىپ، ئۇزۇن يولنى قىسقارتىشقا تىرىشىدۇ. بۇنداق سەپەرلەر باشتىن ـ ئاخىر كۆڭۈللۈك بولىدۇ.

ئۆلۈم ـ يېتىم، نەزىر ـ چىراغ ئۇچۇن قىلىنغان سەپەرلەردە تاجىكلار ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، ئۆزلىرىنىڭ قارىلىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ، ئۆز ۋاقتىدا قاتنىشىپ ھازىدارلارغا يۈرەك بېرىدۇ، ئۆلۈم ـ يېتىم، نەزىر ـ چىراغ پائالىيەتلىرىنى پۈتۈنلەي ئاخىرلاشتۇرۇپ ئاندىن قايتىدۇ.

ئۇزۇن سەپەر، بولۇپمۇ ھەج ـ تاۋاپ، يۇرت ئايرىلىپ تۇغقان يوقلاش، سودا ـ سېتىق سەپەرلىرىدە، سەپەرگە چىققۇچى ئالدى بىلەن نەزىر تەييارلاپ، ئەل ـ جامائەتنىڭ رازىلىقىنى ئالىدۇ. كېيىن بىر ـ بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ تۇرۇپ خەيرلىشىدۇ. تۇغقانلار سەپەرگە چىققۇچىنىڭ بېشىدىن ئاق ئۇن ئۆرۈپ ئۇلارغا خاتىرجەملىك تىلەيدۇ. يۇرتتىكى كۆپ قىسىم تۇغقانلار تىرىكلىكنىڭ نىشانى سۈپىتىدە باشقا يۇرتلاردىكى تۇغقانلارغا چاي، گۆلە ـ مېغىز، قۇرت ... قا ئوخشاش يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى خالتا قىلىشىپ ئەۋەتىشىدۇ.

ئومۇمەن، تاجىكلار سەپەر ئادەتلىرىدە تاجىك خەلقىنىڭ ئۆم ـ ئىناقلىقى، مېھىر ـ مۇھەببىتى، سەنئەت سۆيەرلىكى، رەڭ قاراشلىرى، پەلسەپىۋى دۇنيا قاراشلىرى يارقىن ئىپادىلىنىپ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، تاجىكلارنىڭ

ئېتنىك كىملىكى ۋە مىللىي كىملىكىنى يورۇتۇپ بېرىشتە چوڭقۇر مەنىلەرگە ئىگە.

## تار تاجىكلىرىنىڭ سەۋرۇنخانا مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ باشقا جايلارغا تارقىلىشى

باتۇرجان ئاتىخان، شجائەتخان ۋەزىرى، راخمان ئارزى

سەۋرۇنخانا ــ ئەڭ بالدۇر ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ تار تاجىك مىللىي يېزىسىدا بارلىققا كەلگەن ۋە ئومۇملاشقان. يېقىنقى زامان ئۆي ئىمارەتچىلىكى تارىخىدا تار تاجىكلىرى ئۆزىگە خاس سەۋرۇنخانا مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. ئاق كۆڭۈل، ئەمگەكچان، مېھماندوست، ھۈنەر سەنئەتكە ماھىر تار تاجىكلىرى 1920- يىللاردىن باشلاپ بىناكارلىق، ياغاچچىلىق ساھەسىگە ئىشتىراك قىلىپ، ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيىتى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرىگە ماس كېلىدىغان مىللىي خاسلىقنى ياراتقان.

قەدىمىي تاجىك ئۆيى (سەرىكوي ئۆيى) ئۆزىنىڭ شۇ قەدەر چوڭلۇقى ۋە سىغىمچانلىقى بىلەن پۈتۈن تاجىك جەمئىيىتىدە مەشھۇر. قەدىمدىن بۇيان تاجىكلار نوپۇسىنىڭ قانچە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر توپلىشىپ بىر ئۆيدە ياشىغان. تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كۆپ نوپۇسلۇق ئائىلە تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. دەل مۇشۇنداق زۆرۈرىيەت تار تاجىكلىرى ئەنئەنىۋى تاجىك ئۆيىگە يانداش قىلىپ ئايرىم خانىلارنى يەنى مېھمانخانا، ياتاق ئۆي دېگەنلەر بارلىققا كەلسە، ئارقىدىن ھەم

مەدەنىيلىككە ئىگە بولغان سەۋرۇنخانىنى بارلىققا كەلتۈردى.

«سەۋرۇنخانا» تۈرك تىلى بىلەن پارس تىلىنىڭ ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇشىدىن كەلگەن ئىسىم بولۇپ، «سالقىن ئۆي» دېگەن مەنىدىن باشقا، «سورۇنخانا» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغاندا «كۆپ مېھمان سىغىدىغان، جامائەتنىڭ ئۆيى» دېگەن مەنىنىمۇ بېرىدۇ. بۇ خىل ئۆي ئازادە، يورۇق، سالقىن بولىدۇ. بۇلار يۇقىرىقى قاراشلارنى دەلىللىيەلەيدۇ.

سەۋرۇنخانا ئادەتتە بىر پەيگاھ، تۆت تۈۋرۈكلۈك، ئىككى تۆرلۈك (سۇپا) ياكى بىر پەيگاھ، تۆت تۈۋرۈكلۈك، ئۈچ تۆرلۈك (سۇپا) قىلىپ سېلىنىدۇ. ئۈستىگە ئۆلچەملىك ھەم نەقىشلەنگەن جەگە ياغاچلار تارتىلىپ، ۋاسا جۈپ قىلىپ يېپىلىدۇ. تۆت تۈۋرۈكتىن ھاسىل بولغان ئىككى كۋادرات مېتىر كېلىدىغان رامكا ئاساسىدا ئۆگزىدىن بىر مېتىر ئېگىزلىكتە لەمپە چىقىرىلىدۇ. يورۇقلۇق، ھاۋا ئۆتكۈزىدىغان روجەك چىقىرىلىدۇ، بۇ ئاساسلىقى ھاۋادان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سۇپىلارنىڭ پەيگاھتىن ئايرىلغان قىسمى نەققاشلىق ياغاچ تاختايلار بىلەن قاپلىنىپ زىننەتلىنىدۇ. سەۋرۇنخانا ھەجىم جەھەتتىن 36 كۋادرات مېتىردىن تۆۋەن بولمايدۇ، بۇ خىل ئۆيگە سەرپىيات كۆپ كېتىدۇ، تاجىكلارنىڭ توي - مەرىكە، ئۆلۈم - يېتىم ئۆتكۈزۈشىگە ناھايىتىمۇ ماس كېلىدۇ. سەۋرۇنخانا ھەقىقەتەن سەرەمجانلاشتۇرۇشقا قولايلىق، سىغىمچانلىقى يۇقىرى، مۇھىتى ساپ بولۇپ، ئەنئەنىۋى تاجىك ئۆيى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن «يېڭى ئەۋلاد»، ئۇنى ھازىرقى زامان تاجىك ئۆيىنىڭ گۈلتاجى دېيىشكە بولىدۇ.

تار تاجىكلىرى ئارىسىدا سەۋرۇنخانا مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئومۇملىشىشى، ئۇلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى

بېيتىپلا قالماستىن، بەلكى تار تاجىكلىرىنىڭ بۇ كەشپىياتىنى ئىستېمال قىلغان تاشقورغان، پوسكام رايونىدىكى تاجىكلارنىڭمۇ مەنىۋىيىتىنى بېيىتتى. 1985- يىللاردىن باشلاپ قوشنا يېزىلاردىن داتۇڭ، بورومسال، قوغۇشلۇق قاتارلىق جايلاردىمۇ سەۋرۇنخانا سېلىش باشلاندى، 1990- يىلىدىن باشلاپ تار يېزىسىدىن تاشقورغانغا بېرىپ خىزمەت قىلىۋاتقانلارمۇ سەۋرۇنخانا سېلىپ ئۈلگە كۆرسەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ تاشقورغان ناھىيە بازىرىنى ئاساسي گەۋدە قىلغان باشقا يېزىلاردىمۇ ئارقا - ئارقىدىن سەۋرۇنخانا قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. ئىگىلىشىمىزچە، ئەينى چاغدا تاردىن پوسكام ناھىيىسىنىڭ بۇيلۇق تاجىك مىللىي يېزىسىغا كۆچۈپ بارغان كۆپ قىسىم تاجىكلارنىڭ سەۋرۇنخانىلىرى بار ئىكەن، تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ كۆپ قىسىم يېزىلىرىدىمۇ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشىراق بولغانلىرى «سەۋرۇنخانا»سالغان، «تاجىك ئاباد» بازىرىدا 200 ئائىلىگە سەۋرۇنخانا سېلىنغان. بۇ تاجىك جەمئىيىتىدىكى زامانىۋى ئۆي مەدەنىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

## تاجىكلار ۋە ئوۋچىلىق مەدەنىيىتى

### تۇردىبەگ مۇھەممەتبەگ

ئوتتۇرا ئاسىيا — ئۆزىنىڭ كۆپ خىل مەدەنىيەت ئىندۇرمىلىرىنىڭ بارلىقى بىلەن بىر سىرلىق زونا. مانا مۇشۇ سىرلىق زونىدا ياشايدىغان كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ قان — قېنىغا سىڭىپ كەتكەن بىر ئورتاقلىق بار. ئۇ بولسىمۇ

چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىش بىلەن بىرگە ئوۋچىلىقتىن ئىبارەت بۇ كەسىپتۇر.

تاجىكلار ئەزەلدىن چەۋەنداز مىللەت. ئۇلارنىڭ چەۋەندازلىقى ئات ئۇستىدىكى ھەرىكەتلىرىدىن باشقا يەنە ئوۋچىلىقتىن ئىبارەت قاراملىقنى تەلەپ قىلىدىغان پائالىيىتىمۇ ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۇلارنىڭ پەۋقۇلئاددە جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى ھەم يايلاقتىن ئىبارەت بۇ ئوۋ نېمەتلىرىگە باي ئورنى ئۇلارنى ئوۋچى مىللەت بولۇپ يېتىشىپ چىقىشقا ئۈندەيتتى. مانا مۇشۇنداق جۇغراپىيىلىك جايلىشىش ۋە جۇغراپىيىلىك شارائىت ئۇلارغا باشقا تېرىم مەدەنىيىتىگە ئىگە مىللەتلەردىن پەرقلىق ھالدا خاراكتېر جەھەتتىن قورقۇمسىز ۋە جەسۇر مىللەتكە ئايلاندۇردى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ياۋايىلىق روھى ئوۋ قوراللىرى بىلەن بىرلەشكەندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىبارەت سىرلىق زوننىڭ مەدەنىيەت تىندۇرمىسىغا يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى. يايلاق مىللىتى بولغان تاجىكلار كۆپىنچە يۆتكىلىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان مىللەت بولغاچقا، ئوۋچىلىق ئۇلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تولۇقلىما شەكلى قىلىنغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ياۋايىلىق روھ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىغا كەڭ تارقالغان ئوۋ نېمەتلىرىنى ئوۋلاش ئوبيېكتى قىلغان.

ئوۋچىلىق — ئوۋ قوراللىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان مەشغۇلات تۈرى بولغانلىقتىن، ئوۋ قورالسىز ئەمەلگە ئاشمايتتى. تاجىك ئەجدادلىرى بۇ نۇقتىغا ئەزەلدىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن ھەم ئوۋ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان. ئەڭ بۇرۇنقى ئوۋچىلىق دەۋرى بولغان ئورەك ئارقىلىق

ئوۋچىلىق قىلىشتىن، زامانىۋى قوراللاردىن پايدىلىنىپ ئوۋچىلىق قىلىشقىچە بولغان ئۇزاق دەۋرلەر مابەينىدە، ئوۋ قوراللىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۇستىدە ئىزدىنىپ كەلگەن. ئوقيانىڭ كەشىپ قىلىنىشى دۇنيا ئوۋچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى بىر دەۋرگە كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى مىلتىق دورىسى ياساش تېخنىكىسىنىڭ ئومۇملىشىشى ئوۋچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرگە كىرگەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى. برونزا دەۋرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق بەلگىسى بولغان قاپقاننىڭ كەشىپ قىلىنىشى ئوۋ مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى تۆھپىسى بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئوۋ قوراللىرى ئوتتۇرىسىدا زەنجىرسىمان باغلىنىش پەيدا بولۇپ، ئوۋ مەدەنىيىتى، شۇنداقلا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە يېڭى بىر قان قوشۇلدى.

تاجىكلارنىڭ ئوۋچىلىق مەدەنىيىتى ئۇلارنىڭ ئوۋچىلىق قىلىش ماھارىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۇلار كېيىك ياكى باشقا سەزگۈر ياۋايى ھايۋانلارنى خۇددى رىۋايەتلەردىكى جىن - ئالۋاستىلارنىڭ ئادەمنىڭ ھىدىنى ئېلىپ ھەرىكەت قىلىدىغان ئالاھىدىلىكىنى تېپىپ، شامالغا قارشى يۆنىلىشتە ھەرىكەت قىلىپ، دۇنيا ئوۋچىلىق مەدەنىيىتىگە يەنە بىر مۇھىم مەزمۇن قوشتى. ئوۋ نېمەتلىرى ئىچىدە يەنە بۇغا، مارال، تۇلكە، بۆرە، يىلپىز ... قاتارلىقلارمۇ بارئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ گۆشىنى يەپ ھۇزۇرلانسا، يەنە بەزىلىرىنىڭ تېرىسىدىن پايدىلىنىپ كىيىم - كېچەك تىكىپ كىيەتتى.

تاجىكلار ئوۋچىلىق قىلىش جەريانىدا ۋاقىتقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. ئوۋ ئوبيېكتلىرىنىڭ ئەتىگەن ۋە

كەچتە ئوزۇقلۇق ئىزدەپ چىقىشى، كۈندۈزلىرى خىلۋەت ھەم سالقىن ئورۇنلاردا ئارام ئالىدىغان ئالاھىدىلىكلىرىگە ئېتىبار بېرىپ، ئۇۋچىلىقنىڭ يەنە بىر سەنئەت شەكلىنى ياراتتى. بۇ سەنئەت شەكلىگە ئاساسەن ئۆزلىرىنى تېخىمۇ زور ماددي نەپكە ئىگە قىلغان. شۇڭا، «ئۇۋغا چىقساڭ سەھەر چىق، كېيىك ئوتتىن يانغۇچە» دېگەندەك ناخشىلارمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن چىققان. تاجىكلار يەنە بىر تەرەپتىن ئوۋ ئوبيېكتلىرىغا ئوق ئۈزگەندىن كېيىن، ئوۋ ئوبيېكتلىرى يىقىلماي قېچىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئاققان قان ئىزىغا قاراپ ئوقنىڭ ئوۋ ئوبيېكتىنىڭ قايسى ئەزاسىغا تەگكەنلىكىنى، قانچىلىك ۋاقىتتىن كېيىن يىقىلىدىغانلىقىنى توغرا ئىگىلىدى. قارامتۇل قان ئاققان بولسا ئوقنىڭ يۈرەككە تەگكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆلىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. يېشىلغا مايىل قان ئاقسا، ئۆچەي ياكى قېرىنغا تەگكەنلىكىنى، ئۇنىڭ كۈندۈزدە ئاسانلىقچە ئۆلمەيدىغانلىقىنى، پەقەت كېچىسىلا ئۆلىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى.

تاجىكلار ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە دىن بىلەن بىرلەشكەن ئوۋچىلىققا مۇناسىۋەتلىك قاراشلار بار. يەنى ئوۋ نېمەتلىرىنىڭ ئۈستىخانلىرىنى پاكىز يەرگە تاشلاش كېرەك، بولمىسا ئۇنىڭدىن كېيىن ئوۋنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقى تەكىتلىنىپ كەلدى، يەنە ئوۋ ئوۋلىغان چاغدا ئوۋ ئوبيېكتلىرىنىڭ پېشانە قىسمىغا ئوق ئۈزمەيدۇ. چۈنكى، ھالال قىلىنغان ئوۋ ئوبيېكتلىرى ئەسلىدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ چارۋىلىرى بولۇپ، ئۇ چارۋىلىرىنى تەبىئەتكە قويۇپ بېرىدىغان ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ پېشانىسىنى سىلاپ «ئالدى ـ كەينىڭ ئوت بولسۇن، بالا ـ قازا يوق بولسۇن» دېگەن رىۋايەتنى ئېسىدە چىڭ ساقلىدى.

تاجىكلاردا ئوۋچىلىق، ئەل ئەدەبىياتى بىلەنمۇ چىڭ باغلاندى. تاجىك خەلق چۆچەكلىرىدىن بولغان «سەڭگى سەمەر» قاتارلىق بىرقانچە چۆچەكلەردە ئوۋچىلىقنىڭ نازۇك مەدەنىيەت قاتلىمى بورۇتۇپ بېرىلدى.

تاجىكلاردا ئوۋچىلىقنىڭ تەنھەرىكەتتىن ئىبارەت سەنئەت شەكلىگە ئۆزگەرگەن بىر خىل مەدەنىيەتكە مەنسۇپ تەرىپىمۇ بار، ئۇ بولسىمۇ ئات ئۈستىدە قارىغا ئېتىش (توۋج) ئۇ ئاتنى ناھايىتى تېزلىك بىلەن چاپتۇرغاچ، بەلگىلەنگەن نىشانغا ئاتىدىغان ئېخنىكىلىق ماھارەت بولۇپ، بۇ ھەرىكەت ئوۋچىلىقنىڭ مەدەنىيەت شەكلىدە ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئومۇمەن تاجىكلارنىڭ ئوۋچىلىق مەدەنىيىتى تاجىكلارنىڭ يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇ كۆپ قاتلامغا ئىگە تەنھەرىكەت ۋە سەنئەت شەكلىگە مەنسۇپ مەدەنىيەت ھادىسىسىدىن ئىبارەت.

# تاجىكلاردا مىللەت روھى — تەۋەككۇلچىلىك

### ئابدۇرەھىم نەۋرۇز

تاجىكلار تارىختىن بۇيان «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» دەپ تەرىپلىنىدىغان پامىر ئېگىزلىكىدە ياشاپ، كۆپىيىپ كەلدى. پامىر ئېگىزلىكى تىلسىمات دۇنياسى بولۇپ، قوينىدا ھەددى - ھېسابسىز مۇزلۇق تاغ چوققىلار، شاۋقۇنلۇق، تىنىمسىز دەريا - ئېقىنلار، ئوقچۇپ تۇرغان بۇلاقلار، بىپايان قىر - يايلاق، نۇرغۇن باۋايى ھايۋان ۋە ئۇچار قاناتلار بار. ئىقلىمى ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە تولىمۇ ئۆزگىرىشچان بولۇپ، ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز،

لېكىن قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈشى كۈچلۈك، يورۇتۇش ۋاقتى ئۇزاق، ھاۋاسى ساپ كېلىدۇ. بۇ خىل جۇغراپىيىلىك مۇھىت ئۇلارغا دەريالارنىڭ شىددەتلىك ھۆركىرەشلىرىنى، تاغلارنىڭ بىقىياس ھەيۋەتلىرىنى، بوركۈت پەرۋازى، ئاتلارنىڭ دۈپۈرلەشلىرىنى، گۈلدۈرماما ـ چېقىنلارنى ۋە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تۈلۈك تەھدىتلىرىنى ھەمراھ قىلدى. نەتىجىدە بۇ خىل ياشاش مۇھىتى ئۇلارغا بىر خىل غايىبانە قورقۇمسىز كۈچ ئاتا قىلدى. ئوخشاش بولمىغان جۇغراپىيىلىك ماكانغا تەۋە بولغان تاجىكلار ئۆزى ۋە ياشاش مۇھىتى ئۈستىدە كۆپ تەرەپلىمە تەپەككۇر، دادىل پىكىر قىلىشقا يېتەكلەيدىغان كەڭ سورۇنغا ئىگە بولدى. بۇ قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچ ئۇلارنى قىياس قىلىش، مۆلچەرلەش، سىناپ بېقىش، تەجرىبە قىلىشقا يۈزلىنەلەيدىغان جاسارەت ۋە شىجائەت روھى بىلەن تەمىن ئەتتى، شۇنداقلا ئۆز ـ ئۆزىنى تىزگىنلەش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈش مۇكەممەللىكىگە يەتكۈزۈپ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىدى، ئۆزلىرىنى نامايىش قىلدى.

ـ تاجىكلار ئۆزىگە ئىشىنىدۇ، يۈكسەك ئىرادىلىك بولۇپ، تۈرلۈك خەتەرلىكلەر ئالدىدا قىلچە باش ئەگمەيدۇ، ئۇلاردىن قورقۇش، جۈرئەتسىزلىك ئىپادىلىرىنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئەكسىچە، شىجائەت ۋە ئۈمىدۋارلىق نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدۇ. كەسكىن مۇھىت، جۇغراپىيىلىك ياشاش شارائىتى ۋە ئەجدادلاردىن مىراس قالغان جەڭگىۋارلىق ئۇدۇمى بۇ قەدىم مىللەتتە غالىبلارچە خاراكتېر، يۈكسەكلىك، بەردەملىك، قەھرىمانلىق ۋە جاسارەت تۇيغۇسىنى يەنىمۇ يالقۇنلىتىپ، ئۆزىگە خاس بولغان تەۋەككۈلچىلىك روھىنى يېتىلدۈردى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، تەۋەككۈلچىلىك ـ ئىنسانلار ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك مەنىۋى كۈچ، ئۇلۇغ روھ بولۇپ، ئۇ يېڭىچە كىشىلىك

تۇرمۇش يولى ۋە ئۆزلۈك ئېڭىنى يارىتىشنىڭ ئۇل تېشى، مەدەنىيەتكە قەدەم قويۇشنىڭ بوسۇغىسى ھېسابلىنىدۇ.

— تاجىكلارنىڭ قەدىمكى مىفالوگىيىسىدە، رۇستەم پالۋان تاجىك خەلقىنىڭ ئەپسانىۋى دەۋردىكى مىسلىسىز قەھرىمانى، رىۋايەتلەردىكى تاجىكلارنىڭ بوۋىسى ئىدى. ئىنتايىن قەدىمكى دەۋردە، رۇستەم پالۋاننىڭ خەلققە بەخت ـ سائادەت كەلتۈرۈش ئۈچۈن قاباھەت كۈچلىرى بولغان ئافراسىياپ دېگەن زالىم شاھنى يوقاتقانلىقىدەك باتۇرلۇقىنىڭ تا ھازىرغىچە رىۋايەت قىلىنىشى، «تۇمارس»، «شىرەك»، «مۇز تاغ ئاتا رىۋايىتى»، «بۇركۈت نەي رىۋايىتى» دىكى باش قەھرىمانلارنىڭ ئىنسانلارنىڭكىدىن ھالقىغان زور دەرىجىدە كۈچ ـ قۇۋۋەت، ئىقتىدار، جاسارەتكە ئىگە قىلىپ تەسۋىرلىنىشى قاراشلىرىمىزنى دەلىللەپ تۇرىدۇ.

«چىڭ ئوردىسى خاتىرىلىرى» دە مۇناسىپ ئورۇن ئالغان، شۇنداقلا ھازىرقى زامان تاجىك ئەدەبىياتىدىكى دېداكتىك داستان «تەيغۇن» دىكى باھادىر قەھرىمان قۇلچاق (1785 — 1836- يىللار) چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ يۇرتنى قايتۇرۇۋېلىش كۈرىشىدە، زەبەردەست ئوغلان سەئىد ئەلى باتۇر (1785 — 1864- يىللار) چىڭ سۇلالىسىنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ خەلققە ئاسايىشلىق بەخش ئېتىش كۈرىشىدە بارلىق ماھارىتى، ئەقىل ـ پاراستى، قەيسەر ـ قاراملىقى بىلەن باتۇرانە جەڭ قىلىپ ئۆزىنى قۇربان قىلىشتەك ئالىيجاناب روھى تاجىك خەلقى ئىچىدە نۇرلۇق ئابىدە بولۇپ تىكلەنگەن.

— پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتىدىغان يىپەك يولى قەدىمدىن تارتىپ غەرب — شەرقنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم ئۆتكەل ئىدى.

بۇ يول ئىنتايىن مۇشەققەتلىك بولۇپ، تەسەۋۋۇردىن نەچچە ھەسسە قىيىن ھەم خەتەرلىك ئىدى. قەدەمدە ئېگىز قىيالار، چوڭ ـ چوڭ قورام تاشلار، تېگى كۆرۈنمەس ھاڭلار، جىددىي دەريالار يولنى توسۇپ تۇراتتى، دائىم بوران چىقىپ، چاقماق چېقىپ قار ـ يامغۇر ياغاتتى. سوغۇق ۋە ھەمىشە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان شالاڭ ھاۋا، ئەرشكە تاقاشقان داۋان، قورقۇنچلۇق جىلغا ـ تاغ قاپتاللىرى، ياڭرىق ـ دۈمبەللەر، قار ـ مۇز بىلەن قاپلانغان چوققىلار ئادەمگە ۋەھىمە سالاتتى. مۇشۇ يولنىڭ ئەڭ مۇشكۈل ئۆتكىلى دەپ ئاتالغان مەشھۇر چېچەكلىك داۋان دېڭىز يۈزىدىن 5000 مېتىردىن ئېگىز ئىدى. ئېيتىشلارچە مەشھۇر ئەل كېزەر دەرۋىش بابا رەھىم شاھ مەشرەپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى كېزىپ، چېچەكلىك داۋانغا كەلگەندە قاتتىق تالاپەتكە ئۇچراپ : «چېچەكلىكتەك مەرەزنى كۆرگىنىم يوق، ئالللا ئىگەم پاناھ ئەتتى ئۆلگىنىم يوق» دەپ يازىدۇ. بۇ يولنىڭ تارىخى ئۇزاق، مەشھۇر سەيياھلاردىن فاشيەن، سۈڭيۈەن، شۈەنزاڭ، ماركوپولو قاتارلىقلارنىڭ مۇشۇ يولدا ماڭغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ماتېرىياللار بار. «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە چېچەكلىك داۋان توغرىسىدىكى بىر قىسىم خەلق ھېكايىلىرى خاتىرىلەنگەن.

ئىلىمىز تاجىكلىرى مانا مۇشۇنداق ئالاھىدىلىك ئىچىدە ياشاپ، شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. ئەنە شۇنداق ئېغىر شارائىت ئىچىدە ئۇلار ئۆز ئەقىل ـ پاراستى، جەسۇرلۇقى ۋە ئىلمىي بولغان قاراملىقىغا تايىنىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، تەجرىبە قىلىپ سىناپ كۆرۈشكە، تەۋەككۈل قىلىپ «ئادەم زاتى ئاياغ باسمىغان، ئۇچار قاناتلارمۇ ئۆتەلمەيدىغان» تاغ يوللىرىدىن بۆسۈپ چىقىشتەك،

بېكىنمە ھالەتتىن قۇتۇلۇپ چىقىشقا جۈرئەت قىلالىغان. شۇ ئارقىلىق ئېگىزلىك مەدەنىيىتى سېھرىي كۆچكە ئىگە قىلغان. ھازىرمۇ تاجىكلار جەمئىيىدە ئۇلارنىڭ تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىشتەك ئەقىل - پاراسىتىنىڭ نامايەندىسى بولغان قەدىمىي ئۇسلۇبتا ياسالغان تار ياغاچ ئۆتۈشمە كۆۋرۈكلەرنى ، پەقەت ئادەملا ماڭالايدىغان كەڭلىكى 15 — 20 سانتىمېتىر كېلىدىغان ياڭرىق ۋە يايلاق يوللىرىنىڭ قەدىمكى ئىزنالىرىنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ.

— تارىخىي ماتېرىياللاردا، بولۇپمۇ «لوياڭ، بۇتخانىلار تەزكىرىسى» دېگەن كىتابتا قەدىمكى قىرپاندلىكلەرنىڭ سۇغىرىلىدىغان دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ھەققىدە مۇھىم خاتىرىلەر بار.

تاشقورغان دەرياسى ۋە زەرەپشان ۋادىسىدا تېرىلغۇ يەرلەرگە ئايلاندۇرغىلى بولىدىغان، سۇنئىي ئورمان بىنا قىلىشقا بولىدىغان ياكى يايلاق - چۆپخانا يېتىشتۈرۈشكە بولىدىغان، سۇنئىي ئورمان بىنا قىلىشقا ماس كېلىدىغان ئۈنۈملۈك، ئىنتايىن كەڭ كەتكەن بىنەم يەرلەر، دەشت - باياۋانلار، گىياھ ئۈنمەيدىغان قاقاسلىقلار بار ئىدى. سۇ مەنبەسى مول بولغىنى بىلەن بىنەم جايلار سۇ يۈزىدىن خېلىلا ئېگىز ۋەياكى سۇ مەنبەسىگە تولىمۇ يىراق ئىدى. بۇخىل مۇھىت ئۇلارنى تەپەككۇر قىلىشقا، ئىككى قولىغا تايىنىپ تەجرىبە قىلىپ سىناپ بېقىشقا دەۋەت قىلدى. ئەزەلدىنلا ئىنسانلارنىڭ تۈپ ماھىيىتى— باتۇرلۇققا ئىنتىلىش ۋە تەۋەككۈلچىلىك قىلىش ئىدى. سۇ قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى يېتۈك مۆجىزە، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 80 كىلومېتىر ئۆپچۆرىسىدە كېلىدىغان، تاشقورغاندىكى قەدىمكى ئىزنا «پەرھاد ئۆستىڭى»، بوستانلىق مەدەنىيىتىنىڭ بىر

قىسمى بولغان كۆتۈرمە ئېرىق - ئۆستەڭلەر (تاجىكچە قالاما دەيدۇ، تۈرلۈك گېئومېترىيىلىك ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ تاغ قىنىغا تاش توپىلار بىلەن جىپسىلاشتۇرۇلۇپ ياسالغان كەڭلىكى 2 — 3 مېتىر، ئېگىزلىكى ئون نەچچە مېتىر كېلىدىغان ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى كۆرسىتىدۇ) بۇنىڭ جانلىق شاھىتى بولالايدۇ.

ئات ئۇستىدە چەۋەندازلارچە ياشاپ كەلگەن بۇ مىللەتتە ئوۋچىلىق ئاساسلىق ئىگىلىك شەكلى ئىدى، يىلپىز، بۆرە، تۈلكىگە ئوخشاش ۋەھشىي ھايۋانلار تەرەپ - تەرەپكە چېپىشىپ ھۇۋلاپ يۈرۈپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئەنسىزلىك ئېلىپ كېلەتتى. تاجىك ئەجدادلىرى ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن ئوۋ ئوبيېكتلىرىنىڭ تۈرى، مىجەز - خۇلقى، ياشاش، ھەرىكەتلىنىش قانۇنىيىتىنى ئىگىلەشكە، مۇناسىپ چارە- تەدبىر تېپىشقا، ئوۋ قوراللىرىنى تەتقىق قىلىپ ياساشقا باشلىدى، بۇنىڭ ئۈچۈن جاپالىق جىسمانىي ۋە مەنىۋى ئەمگەك سەرپ قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ئوۋ ئوۋلاش جەريانىدا ئۇلاردا باتۇرلۇق، چىدامىلىق، سەۋرچانلىق روھى پىشىپ يېتىلدى، ھەتتا بەزى ھايۋان ۋە ئۇچار قاناتلارنى كۆندۈرۈپ بېقىش ئەنئەنىسى يېتىلدى. ئوۋ ھايۋانلىرىنىڭ تېرە، مۈڭگۈزلىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلاندى، ھەيۋەتلىك مۈڭگۈزلەرنى قۇت نىشانى بولغان رەڭلەردە بوياپ ئىشىك باشلىرىغا ئېسىپ قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ باتۇرلۇقىنى، پىشقان مەرگەنلىكىنى نامايان قىلدى. ئوۋچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئوۋچىلىق مەدەنىيىتى بارلىققا كەلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان زور تۈركۈمدىكى ئوۋچىلىق ئىگىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان قەدىمكى ئىزنالار بۇنىڭ دەلىلى بولالايدۇ.

— تاجىكلارنىڭ تەۋەككۇلچىلىك روھى يەنە ئۇلارنىڭ مىللىي تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. تاجىكلارنىڭ ئوغلاق تارتىشىش، ئات بەيگىسى، ئات توپى، قارىغا ئېتىش، تەڭگە ئېلىش قاتارلىق قەيسەرلىك، جەسۇرلۇق، باتۇرلۇق، سەزگۈرلۈك ماھارىتىنى ئاشۇرىدىغان ئات ئۈستىدىكى پائالىيەتلىرىدىن باشقا، يەنە سالغا ئېتىش، ئېلىك ئوشتۇش، سۇ ئۈزۈش، تاغقا چىقىش ... قاتارلىق مىللىي تەنھەرىكەت تۈرلىرىگە ئۇلارنىڭ بەردەم، تېتىك ۋە غالىبلارچە تەۋەككۇلچىلىك روھلىرى سىڭىشىپ، تاجىكلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، پەلسەپۋى قاراشلىرى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن گىرەلىشىپ بىر پۈتۈن مۇكەممەللىككە ئىگە قىلىنغان.

دېمەك، تەۋەككۇلچىلىك تاجىك جەمئىيىتىنىڭ ھەربىر ھۈجەيرىلىرىگىچە، يەنى مەدەنىي ھاياتى ۋە ماددىي تۇرمۇشىنىڭ قات - قېتىغا سىڭىپ كەتكەن ئېسىل روھ. تەھقىقكى، تەۋەككۇلچىلىك تاجىكلار ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنىڭ داۋامى ھەم راۋاجى دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز.

## تاجىكلارنىڭ دوستلىشىش مەدەنىيتى

### ئابدۇراخمان ئابدۇئەلى

تاجىكلارنىڭ دوستلىشىش ئادەتلىرى — ئۆزىنىڭ تارىخچانلىقى، مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگىلىكى ۋە ئۆزگىچە مىللىي ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مۇكەممەل مەدەنىيەت سۈيىدە سۇغىرىلىپ، تاجىك مەدەنىيەت گۈلزارلىقىدىكى بىر گۈلگە

ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن تاجىكلارنىڭ بۇ ئۆزىگە خاس ئادىتى مۇكەممەل مەدەنىيەت بولۇپ شەكىللەندى.

تاجىكلار دوستلاشقاندا ئىسلام دۇنياسىدا ئەڭ ئۇلۇغ قۇرئاننى ئۆزلىرىنىڭ دوستلۇقىنىڭ شاھىتى قىلدى. بۇ خىل دوستلۇق تار مەنىدىكى دوستلۇق كاتېگورىيىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئۆزگىچە بولغان كەڭ ھەم مۇنبەت مەدەنىيەت تۇپرىقىنى ھاسىل قىلدى. بۇ خىل دوستلۇق مەڭگۈلۈك ئۇلۇغلۇقتا ئىگە بولدى ھەم بىر مۇكەممەل بولغان دوستلىشىش قائىدە - يوسۇننى بەرپا قىلدى.

ئۇلار دوستلاشقاندا ئىككى تەرەپ چوڭلىرى مەسلىھەتلىشىپ، تەڭتۇش پەرزەنتلىرىنىڭ دوستلىشىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئارزۇسىنى كېڭىشىدۇ ھەم مەلۇم بىركۈننى تاللاپ دوستلۇق مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، قوي سويۇپ مېھماندارچىلىق بېرىپ، نەغمە - ناۋالار بىلەن مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ ئىككى تەرەپنىڭ مەڭگۈلۈك دوست بولغانلىقىنى تەبرىكلەيدۇ.

تاجىكلاردا دوستلۇق بىر قاتار قائىدە - يوسۇنلارنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ قائىدە - يوسۇنلار تاجىكلار جەمئىيىتىدە ئومۇمىيۈزلۈك بولغان ئەنئەنىگە ئايلانغان. بۇنىڭ بىلەن تاجىكلار دوستلاشقاندا دوستلىشىشنىڭ قائىدە - يوسۇنى بويىچە دوستلاشقاندىن كېيىن بىر - بىرىگە ئېگەر - جابدۇقلۇق ئات، تۆگە ۋە باشقا قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىشىدۇ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغىمۇ سوۋغا - سالام قىلىشىدۇ، ئاندىن تەرەت ئېلىپ قۇرئاننى قۇچاقلاپ خەلىپىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە دوستلىشىدۇ. ھەرئىككى تەرەپ يۇقىرىقى قائىدە بويىچە دوستلۇق مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ ئۆزئارا

تەبرىكلىشىدۇ.

تاجىكلاردا دوستلۇق بىر خىل تارىخىي كاتېگورىيىنى شەكىللەندۈرگەن، بۇ ھەم تارىخىيلىقتا ھەم مىللىيلىقتا ئىگە پائالىيەت.

تاجىكلاردا دوستلۇق پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى يازما ماتېرىياللار كۆپرەك. تۆۋەندىكى تارىخىي يازما ماتېرىياللارنى كۆرۈپ باقايلى:

«تارىخىي يەكەن ھېسابى 1269- يىل جامادىيەل ئەۋۋەلنىڭ ئون ئىككىسى پولى ناھىيىسىنىڭ ئالمالىق كەنتىدە پاناخان بەگنىڭ ئىنىسى پالۋان بىلەن بەلدىر دىيارىنىڭ بېگى قىنائەت بەگنىڭ ئىنىسى تاشمەت قۇرئاننى شاھىت قىلىپ دوستلاشتى. پالۋان تاشمەتكە بىر ئېگەرلىك ئات ۋە بىر چەكمەن سوۋغا قىلدى. خەلق نەغمە - ناۋالار بىلەن ئۇلارنى مۇبارەكباد ئەتتى. دوستلاشقاندا دىيارى توڭدىن بەگ ئەۋلادلىرىدىن بولمىش ئىككى كىشى قاتناشتى. ئۇلارنى زور ئىززەت - ئېكرام بىلەن كۈتۈۋالدۇق.

يەكەن تارىخىي 1269- يىل جامادىيەل ئەۋۋەلنىڭ ئون ئىككىسى

پۈتۈكچى: ئەركەباي.

گۇۋاھچىلار: يۇسۇپ ئاخۇن، سۇلتانئەلى، باباك.»

يۇقىرىقى پاكىتتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تاجىكلاردا دوستلۇق بىرخىل تارىخىيلىققا ئىگە. بۇنىڭ بىلەن تاجىكلاردا «دوستلۇققا ئاسىيلىق قىلىش — قۇرئانغا ئاسىيلىق قىلغانغا باراۋەر» دېگەن قاراش پەيدا بولۇپ، دوستلۇقنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئورنىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى.

تاجىكلاردا دوستلۇق مەلۇم شەرت - شارائىت ئاستىدا

شەكىللەنگەن:

1. تەڭ دېمەتلىك، كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغانلار چوڭلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن دوستلىشىدۇ. بۇ خىلدىكىلەر كۆپرەك سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

2. قۇرئان يېڭىلاش ئۈچۈن دوستلىشىدۇ. بۇنىڭدا ئاتا-بوۋىلىرى دوست بولۇپ، ئۇلار ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئارىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئىراقلاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن پەرزەنتلىرىنى دوستلاشتۇرۇپ قويىدۇ، تاجىكلار بۇنداق دوستلىشىشنى قۇرئان يېڭىلاش ئۈچۈن دوستلىشىش دەپ ئاتايدۇ.

3. ئىسىمداشلار دوستلىشىدۇ. بۇ، ئىسمى ئوخشاش بولغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، تاجىكلاردا بىر مەھەللىدە ئوخشاش ئىسىملىك كىشىلەر كۆپ بولمىغانلىقتىن، بۇ خىل ئەھۋال يۈز بەرسە بۇلارنىمۇ ئۆزئارا دوستلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

4. سەپەرداشلار دوستلىشىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا ئۇزۇن سەپەر جەريانىدا ئۆزئارا تونۇشۇپ، سىردىشىپ، بىر - بىرىگە ھەمدەم بولۇشۇپ، شۇ جەرياندا مۇناسىۋەتنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىزدىشىپ تۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ دوستلىشىدۇ.

5. ئۆزئارا جېدەللىشىپ قالغانلار دوستلىشىدۇ. بۇنىڭدا ئاساسەن ئۇرۇشۇپ، جېدەللىشىپ قالغان ئىككى تەرەپنى ئەھلى - جامائەت مۇرەسسە قىلىش ئارقىلىق كېلىشتۈرۈپ دوست قىلىپ قويۇشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ ئۆچ - ئاداۋىتىگە خاتىمە بېرىلىدۇ.

تاجىكلاردىكى بۇ خىل دوستلۇق تار مەنىدىكى، بىر مىللەت ئىچىدىكىلا دوستلۇق بولماستىن، يەنە بۇ باشقا مىللەت كىشىلىرى بىلەن بولغان دوستلۇقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، بۇ قائىدە - يوسۇننى باشقا مىللەتلەرگىمۇ كېڭەيتكەن.

دېمەك، تاجىكلارنىڭ بۇ خىل دوستلۇقى ھەرگىزمۇ پايدا - مەنپەئەتنى كۆزلەيدىغان دوستلۇق بولماستىن، بەلكى ئۆزگىچە ئېسىل تارىخىي ئەنئەنە، مەڭگۈلۈك مېھىر - مۇھەببەت، ھەقىقىي ئىشەنچ، سەمىمىي - ساداقەت ۋە ئىناقلىقنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن مۇقەددەس دوستلۇقتىن ئىبارەت.

# V باب تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ تەرەققىياتى

## تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ مەمۇرىي تەۋەلىكى توغرىسىدا

تار — پامىر ئېگىزلىكىدىكى كوئىنلۇن تاغلىرىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئەڭ قەدىمىي يۇرتلارنىڭ بىرى. تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى جىرغال خارابىلىكىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە بېكىتىلگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە مەنسۇپ بولۇپ، كەم دېگەندىمۇ بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى پامىر ئېگىزلىكىدە ياشىغان ئىنسانلار پائالىيىتىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدىغانلىقى ئىلىم ئەھلىگە مەلۇم. 1984- يىلى كوسراپ - تار تاشيولى ياسىلىۋاتقاندا، 1999 - يىلىدىكى كەلكۈن ئاپىتىدىن كېيىنكى قايتا قۇرۇش جەريانىدا تار يېزىسىنىڭ ھەرقايسى كەنتلىرىدىكى قەدىم مازارلىقلاردىن قۇم قازان، ساپال جام، كۈل قاتلىمى، ئېگەر،قىلىچ، مېتال قاچا... قاتارلىق بۇيۇملار بايقالغان. بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى گەرچە ئىلىم ئەھلىگە ئاشكارىلىنىپ، ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشكە سۇنۇلمىغان بولسىمۇ، ئەمما تەپسىلىي تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە بۇ جايلاردا

2000 نەچچە يىل بۇرۇنلا ئىنسانلار ياشىغان بولۇشى مۇمكىن دېگەن يەكۈن قولغا كەلتۈرۈلدى. ئەمەلىيەتتىمۇ تار قەدىمكى يەكەن ـ تاشقورغان يىپەك يولى بويىغا جايلاشقان مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىنسانلارنىڭ ياشىشى ئۈچۈن ئەڭ ئەۋزەل شارائىتلار مۇجەسسەملەنگەن، قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنى زامانىۋى مەدەنىيەت دۇنياسىدىن يوچۇن تۇتۇپ كېلىۋاتقان سىرلىق ماكان بولۇپ، هاۋاسى ساپ ھەم ئىللىق، سۈيى مول، مەنزىرىسى گۈزەل، تۇپرىقى مۇنبەت ئالتۇن زېمىن. بۇ يەردە ھەرخىل زىرائەتلەرنى تېرىشقا، ھەرقانداق مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈشكە ماس كېلىدىغان ئۆزگىچە تەبىئىي مۇھىت بار.

شۇڭا، تاردا ياشىغان قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى پامىر ئېگىزلىكىدە ياشىغان قەدىمكى ئېتنىك مەنبەلەر بىلەن تومۇرداش دەپ قاراشقا بولىدۇ.

مىلادىيە III، II ئەسىرلەردە، ھازىرقى تاشقورغاندىكى قەدىمكى تاش شەھىرىنى مەركەز قىلغان قىرپانە بەگلىكى قۇرۇلغان. بۇ بەگلىكنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرلىرىدە، ئۇنىڭ چېگرىسى غەربتە ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغىچە، جەنۇبتا كەشمىرگىچە، شىمالدا سۈلى (قەشقەر) غىچە، شەرقتە قاغىلىققىچە سوزۇلغان. قىرپانە بەگلىكى خېلى مۇكەممەل دۆلەت قانۇنىنى يولغا قويغاچقا، جەمئىيەت ئامانلىقى كۈچەيگەن، ئىشلەپچىقىرىش خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن، شەھەر ـ يېزىلار ئاۋاتلىشىپ ئاھالىلەر كۆپەيگەن. ئۇلار بۈگۈنكى تاجىك مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. دەل مۇشۇ چاغدا پامىر ئېگىزلىكىدە ياشىغۇچى ئارىيانلار «تاجىك» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىشقا باشلىغان.

مىلادىيە IX ئەسىرگە كەلگەندە، شەرقتە قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار خانلىقى، غەربتە بۇخارانى مەركەز قىلغان سامانىيلار خانلىقى قۇرۇلغان. مىلادىيە X ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ قاراخانىيلار بىلەن سامانىيلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش يۈز بەرگەن بولۇپ، 992- يىلىدىن ئېتىبارەن قاراخانىيلار قوشۇنى سامانىيلارغا قارشى ئۇرۇش قوزغاپ، 999- يىلىغا كەلگەندە بۇخارانى ئىگىلەپ، سامانىيلار زېمىنىنى ئۆزىگە قاراتقان. 1134- يىلى قىتانلار قۇرغان غەربىي لياۋ خانلىقى قاراخانىيلار خانلىقىنى بويسۇندۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ھازىرقى تار يېزىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پامىر رايونى قىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان. 1218- يىلىدىن كېيىن چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تىكلەنگەن. مىلادىيە XV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ يەكەن خانلىقى كۈچىيىپ پامىر رايونىنى بويسۇندۇرغان، تار يېزىسى سەرىكۆھ ھاكىمبەگلىكىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا يەكەن خانلىقىغا تەۋە بولغان. XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرى XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خوجىلار كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىچكى غەلىيانلار ۋە جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قوراللىق پاراكەندىچىلىكى، شىنجاڭ زېمىنىنى ئېغىر بالايىئاپەتكە مۇپتىلا قىلغان. ئاھالىلەر يىراق، چەت جايلارغا، ئېگىز تاغ ئارىلىرىغا قېچىپ پاناھلانغان.

مىلادىيە 1760- يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، تار يېزىسى يەكەن خان ئامبىلىغا قاراشلىق «سەرىكۆھ مۇسۇلمانلار مەھكىمىسى» نىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن. 1866- يىلى ياقۇپبەگ «يەتتە شەھەر» ھاكىمىيىتىنى قۇرغاندىن كېيىن، تار بىر مەھەل ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى ئاستىدا بولغان. 1878- يىلى يەنە

چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن. 1902- يىلى چىڭ سۇلالىسى پامىر رايونىدا «سەرىكقول شۆبە مۇداپىئە ئىشلىرى ۋازارىتى» نى قۇرغاندىن كېيىن، تار يېزىسى 27 كەنت قاتارىدا مەركىزى ۋازارەتكە قارام بولغان. 1912- يىلى پۈلى ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي يېزىسىغا تەۋە بولغان. 1950- يىل تاشقورغان ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندا، تار تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ 2- رايونىغا قاراشلىق مەمۇرىي يېزا بولغان (تاردىن يەتتە كىشى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇپ يىغىنغا قاتناشقان). 1950- يىل 9- ئايدا قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلغاندا، تار يېزىسى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىن ئايرىلىپ، جۇغراپىيىلىك ئورۇنلىشىش سەۋەبىدىن ھازىرقى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ چارلۇڭ رايونىغا قاراشلىق مەمۇرىي يېزا بولغان. 1961- يىلى چارلۇڭ رايونىدىن ئايرىلىپ، ئايرىم كوممۇنا بولۇپ قۇرۇلغان. 1965- يىلى يەنە چارلۇڭ كوممۇنىسىغا قوشۇۋېتىلگەن. 1981- يىلى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1984- يىل 11- ئايدا تار تاجىك مىللىي يېزىسى بولۇپ قۇرۇلغان.

تار يېزىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك يەر تۈزۈلۈشى ئىنتايىن مۇرەككەپ. غەربىي تەرىپى ئېگىز، شەرقى تەرىپى پەس، تاشقورغان دەرياسى غەربتىن شەرققە قاراپ ئېقىپ بۇ يېزا تەۋەلىكىدىكى 23 جىلغا، ئېقىن، بۇلاق سۇلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، تارنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن يىلان باغرى كېسىپ ئۆتۈپ، پۈتۈن يېزا تەۋەسىنى چوڭ - كىچىك 23 تەبىئىي ئارالغا بۆلۈپ، تار يېزىسىنىڭ قۇززى كەنتى، ھەيرانباغ دېگەن يېرىدە زەرەپشان دەرياسىغا قوشۇلۇپ كېتىپ، جەمئىي 2800 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ئومۇمىي تېررىتورىيىنى ھاسىل قىلغان.

ئومۇمىي تېررىتورىيە سىرتىدا يەنە تاشقورغان ناھىيە قوغۇشلۇق يېزىسىنىڭ قەمىرزى، پاسراۋات، داۋان تۇۋى قاتارلىق كەنت تەۋەلىكىدە تار يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا 300 مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ يەر (چوپخانا، يايلاق، سايلىق) بار.

## تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ قۇرۇلۇشى

### ناسىر سابىر

1984- يىل 5- ئاينىڭ 31- كۈنى 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2- يىغىنىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ماقۇللىنىپ ئېلان قىلىندى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ تۈزۈلۈشى ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى، جۈملىدىن تار تاجىكلىرىنى يەنە بىر قېتىم شادلىققا چۆمدۈردى. پارتىيە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇشى تۈرتكىسىدە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ئارقىسىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تار تاجىك مىللىي يېزىسى قۇرۇش توغرىسىدىكى تەستىقىغا ئاساسەن، 1984- يىل 11- ئاينىڭ 15- كۈنى تار يېزىلىق 1- نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ 1- يىغىنى چاقىرىلىپ، تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقى داغدۇغىلىق جاكارلاندى. تار يېزىسىنىڭ نامى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «تار تاجىك مىللىي يېزىسى» دەپ ئۆزگەرتىلدى. تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ قۇرۇلۇشى تار تاجىكلىرىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ھايا-

تىدىكى ئەڭ زور ئىش بولۇپ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تار يېزىسىدىكى تاجىكلارنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ئارزۇسى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشتى.

تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى يول - قاتناش سەۋەبىدىن ۋاقتىنچە كېچىكتۈرۈلۈپ (1987- يىل 3- ئاينىڭ 1- كۈنى تار تاجىك مىللىي يېزىسىغا رەسمىي ئاپتوموبىل قاتنىدى)، 1987- يىل 6- ئاينىڭ 1- كۈنى مىللىي يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق باغ كەنتىدە داغدۇغىلىق تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ ئىككى قۇتلۇق كۈننى تەبرىكلەپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرىدىن تۆمۈر داۋامەت، جانابىل قاتارلىق رەھبەرلەر تەبرىكلەش خېتى ئەۋەتتى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك نازارەت رەھبەرلىرى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق قوشنا ۋىلايەت، ناھىيىلەر، قېرىنداش مىللەتلەر ۋە رايونلار ۋەكىل ئەۋەتىپ، تار تاجىك مىللىي يېزىسىدىكى خەلق بىلەن ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ، تار تاجىك مىللىي يېزىسى قۇرۇلغانلىقىنى، تار تاجىك مىللىي يېزا بەخت تاشيولىدا ئاپتوموبىل قاتنىغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. شۇنىڭدىن بېرى ھەر 10 يىلدا بىر قېتىم ( 1994- يىلى تار تاجىك مىللىي يېزىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقى داغدۇغىلىق خاتىرىلىنىپ) كاتتا مەركە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈپ كەلمەكتە.

**تار تاجىك مىللىي يېزا قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ھەر نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى ۋە خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتايلىرى**

1984- يىل 11- ئاينىڭ 10- كۈنى تار تاجىك مىللىي

يېزىلىق 1- نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. 21 پارتىيە ئەزاسى قاتناشتى. قۇرۇلتاي سايلام ئارقىلىق يېزىلىق پارتكوم يېڭى رەھبەرلىك ئورگىنىنى سايلاپ چىقتى. پارتكوم دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىغا بەش كىشى (بىر كىشىگە ئورۇن قالدۇرۇلۇپ)تۆت كىشى سايلاپ چىقىلدى. ئاينۇس قادىر( تاجىك) پارتكوم سېكرېتارلىقىغا، تۇرسۇن تۆمۈر (تاجىك) پارتكوم مۇئاۋىن سېكرېتارلىقىغا، ھاجىخان (تاجىك)ھەيئەت ئەزالىقىغا، مۇسەك ھوشۇر(تاجىك) پارتكوم ھەيئەت ئەزا ئىنتىزام تەكشۈرۈش سېكرېتارلىقىغا سايلاندى.

1984- يىل 11- ئاينىڭ 15- كۈنى تاجىك 1- نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ 1- يىغىنى چاقىرىلدى. 31 خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى قاتناشتى. تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقى داغدۇغىلىق جاكارلاندى. قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى دېموكراتىك كېڭىشىش ئارقىلىق تار تاجىك مىللىي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ يېڭى رەھبەرلىك ئورگىنىنى سايلاپ چىقتى. ھاجىخان تاجىك مىللىي يېزا باشلىقلىقىغا، قۇربانئەلى ئاباتخان(تاجىك) مىللىي يېزىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا سايلاندى.

1987- يىلى تار تاجىك مىللىي يېزىلىق 2- نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. ئابنۇس قادىر پارتكوم سېكرېتارلىقىغا، ھاجىخان، قۇربانئەلى ئاباتخان پارتكوم مۇئاۋىن سېكرېتارلىقىغا، مۇسەك ھوشۇر (ئىنتىزام شۇجىلىقىغا) مىرزىباي تۇردى، ھۆرىخان قاتارلىقلار پارتكوم ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلاندى.

1987- يىلى تار تاجىك مىللىي يېزىلىق 2- نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ 1- سانلىق يىغىنى چاقىرىلدى.

مىرزىباي تۇردى يېزا باشلىقلىقىغا، بەختىئەلى ھەسەن مۇئاۋىن يېزا باشلىقلىقىغا سايلاندى.

1990- يىلى تار تاجىك مىللىي يېزىلىق 3- نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. ئابنۇس قادىر پارتكوم سېكرېتارلىقىغا، ھاجىخان، قۇربانئەلى ئاباتخاننى پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارلىقىغا، تۇرسۇن تۆمۈر(ئىنتىزام سېكرېتارلىقىغا)، بەختىئەلى ھەسەن، ئادىل دۆلەتجان، باھارگۇل قاتارلىقلار پارتكوم ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلاندى.

1990- يىلى تار تاجىك مىللىي يېزىلىق 3- نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى 1- سانلىق يىغىنى چاقىرىلدى.

تۇردىقۇل خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. بەختىئەلى ھەسەن يېزا باشلىقلىقىغا، مىرزا ئىجاۋەت مۇئاۋىن يېزا باشلىقلىقىغا سايلاندى.

1993- يىلى تار تاجىك مىللىي يېزىلىق 4- نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. ھاجىخان پارتكومنىڭ سېكرېتارلىقىغا، قۇربانئەلى ئاباتخان پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارلىقىغا، تۇرسۇن تۆمۈر(ئىنتىزام سېكرېتارلىقىغا)، ئادىل دۆلەجان، باھارگۇل قارغاباي قاتارلىقلار پارتكوم ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلاندى. قۇربانئەلى ئاباتجان، خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتىنىڭ رەئىسلىكىگە، ھاجىخان يېزا باشلىقلىقىغا، مىرزا باي تۇردى، ئادىل دۆلەجان مۇئاۋىن يېزا باشلىقلىقىغا سايلاندى.

1997- يىلى تار تاجىك مىللىي يېزىلىق 5-نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. ھاجىخان پارتكوم سېكرېتارلىقىغا، تۇرداخۇن ئەركە باي مۇئاۋىن سېكرېتارلىققا، تۇرسۇن تۆمۈر(ئىنتىزام سېكرېتارلىقىغا)،مىرزاباي، باھارگۇل

قاتارلىقلار پارتكوم ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلاندى. 1997- يىلى تار تاجىك مىللىي يېزىلىق 5- نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ 1- سانلىق يىغىنى چاقىرىلدى. مىرزاباي تۇردى خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتچىلىكىنىڭ رەئىسلىكىگە، ھاجىخان يېزا باشلىقلىقىغا، ئادىل دۆلەجان، نۇرگۈل نەۋرۇز، مەردانشاھ مۇئاۋىن يېزا باشلىقلىقىغا سايلاندى.

1999- يىلى تار تاجىك مىللىي يېزىلىق 6- نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. يېڭچاڭ (خەنزۇ) پارتكوم سېكرېتارلىقىغا، تۇرداخۇن، جاڭشۈي(خەنزۇ)، مەردانشاھ مۇئاۋىن سېكرېتارلىققا، تۇرسۇن تۆمۈر (ئىنتىزام سېكرېتارلىقىغا) باھارگۈل، ئادىل دۆلەجان قاتارلىقلار پارتكوم ھەيئەت ئازالىقىغا سايلاندى.

1999- يىلى تار تاجىك مىللىي يېزىلىق 6- نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى 1- سانلىق يىغىنى چاقىرىلدى. مىرزاباي تۇردى خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتچىلىكىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. ھاجىخان يېزا باشلىقلىقىغا، زىياۋۇدۇن، نۇرگۈل، گۆجەنشىن(خەنزۇ) مۇئاۋىن يېزا باشلىقلىقىغا سايلاندى.

2000- يىلى تار تاجىك مىللىي يېزىلىق 7- نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. شى شاۋمىڭ (خەنزۇ) پارتكوم سېكرېتارلىقىغا، تۇرداخۇن، جاڭشۈي(خەنزۇ)، زىياۋۇدۇن مۇئاۋىن سېكرېتارلىققا، ئادىل دۆلەجان( ئىنتىزام سېكرېتارلىقىغا)، باھارگۈل، مەردانشاھ پارتكوم ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلاندى.

2002- يىلى تار تاجىك مىللىي يېزىلىق 7- نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى 1- سانلىق يىغىنى چاقىرىلدى. مەردانشاھ خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتچىلىكىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. زىياۋۇدۇن يېزا باشلىقلىقىغا، دارمان

قۇربان، نۇرگۇل، ماجۇن (خەنزۇ)، مۇتەللىپ خالىق قاتارلىقلار مۇئاۋىن يېزا باشلىقلىقىغا سايلاندى. جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىدىكى شادلىققا چۆمگەن تار تاجىكلىرى سوتسىيالىزم داغدام يولىدا 50 نەچچە يىللىق شانلىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى، بولۇپمۇ تار تاجىك مىللىي يېزا قۇرۇلغان 20 يىلدىن بۇيان پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش فاڭجېنىنىڭ تۈرتكىسى، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ شانلىق نۇرى ئاستىدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سەمىمىي ياردىمىدە تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ قىياپىتىدە، جۈملىدىن تاجىك خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. مەدەنىي مائارىپ، پەن - تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى زور بولدى. ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدىكى تۆت سىنىپلىق باشلانغۇچ مەكتەپتىن تەرەققىي قىلىپ، بىر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، 32 سىنىپلىق سەككىز باشلانغۇچ مەكتەپ (بىر ياتاقلىق) مەكتەپ قۇرۇلۇپ، ئوقۇغۇچى سانى 1024كە يېتىپ، ئوقۇش يېشىدىكى پەرزەنتلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 96%كە، يىللىق تۇراقلىششى 97%كە، ئوقۇش پۈتكۈزۈشى 94%كە، ئومۇملىششى 95%كە يەتكەن. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدىكى تۆت نەپەردىن 62 نەپەرگە يېتىپ، ئۆز مىللىتى ئىچىدە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ۋە كەسپىي بىلىم قۇرۇلمىسى دۆلەت مائارىپ ئۆلچىمىگە يەتكەن مائارىپ قوشۇنى شەكىللەنگەن.

تار تاجىك مىللىي يېزىسىدىن ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەنلەر 53 نەپەر، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتكۈزگەنلەر 48 نەپەر بولۇپ، ئۇلار تار تاجىك مىللىي

يېزىسىنىڭ مەدەنىي مائارىپ، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە
جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ باشلامچىلىق
ۋە نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرماقتا، سەھىيە ساقلىقنى
ساقلاش ئىشلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى. يۇقىرى
دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە سەھىيە، ساقلىقنى ساقلاش
تارماقلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ئاستىدا ئۆزىنىڭ
مۇستەقىل سەھىيە، ساقلىقنى ساقلاش دوختۇرخانىسى داۋالاش
خادىملىرى، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى، كېسەل ياتاقلىرى قاتارلىق
ئەسلىھەلىرى بارلىققا كېلىپ، يېزا - كەنتلەردىن ئىبارەت
ئىككى دەرىجىلىك داۋالاش، ئانا - باللار ساقلىقىنى ساقلاش،
يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، پىلانلىق تۇغۇت
قاتارلىق داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش تورلىرى قۇرۇلدى. ھازىر
مەخسۇس داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى بىلەن
شۇغۇللىنىدىغان خىزمەتچى خادىم 17 نەپەرگە، كېسەل كارىۋىتى
12 گە يېتىپ تارىختىكى كېسەل كۆرسىتىشكە دوختۇرخانا
بولماسلىقتەك قالاق ھالەتكە ئۈزۈل - كېسىل خاتىمە بېرىلدى.
مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا ئىشلىرى راۋاجلىنىپ، خەلقنىڭ
مەنىۋى تۇرمۇشى بېيىتىلدى. مەدەنىيەت پونكىتى، رادىئو -
تېلېۋىزىيە پونكىتى، دېھقانچىلىق تېخنىك پونكىتى، چارۋا مال
داۋالاش پونكىتى، ئورمانچىلىق پونكىتى قۇرۇلۇپ، تار تاجىك
مىللىي يېزىسىدىكى خەلقنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي
جەھەتتىكى تۇرمۇش ساپاسى ئۆستۈرۈلۈپ، يېزا ئىگىلىك،
چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا ئىلغار
پەن - تېخنىكا ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى نامايان قىلدى.
قاتناش، ئېلېكتر ئېنېرگىيە، ئالاقىلىشىش ئىشلىرى تار تاجىك
مىللىي يېزىسىغا يېڭى تەرەققىياتلارنى ئېلىپ كەلدى. تار

تاجىك مىللىي يېزىسىدىكى خەلق ئازادلىقتىن ئىلگىرى ۋە ئازادلىقتىن كېيىنكى يېقىنقى يىللارغىچە يول قاتناش ئازابىنى يەتكۈچە تارتقان ئىدى. كىشىلەر تاغ قاپتىلىدىكى، دەريا بويلىرىدىكى ئىپتىدائىي چىغىر يوللار (ياڭرىق) بىلەن ماڭاتتى. دەريادىن ئۆتكۈدەك مۇقىم كۆۋرۈكمۇ يوق ئىدى. پەقەت ئىككى تال ياغاچ بىلەن ياسالغان ئاددىي كۆۋرۈك بولۇپ، ھەر يىلى نەچچە ئادەم ۋە ئات - ئۇلاغ، چارۋىلار چىغىر يوللاردىن، كۆۋرۈكتىن چۈشۈپ كېتىپ، بىئەجەل ھاياتىدىن ئايرىلاتتى، ئازادلىقتىن كېيىنكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ مەبلەغ ئاجرىتىپ بېرىشى، يەرلىك خەلقنىڭ جاپالىق ئىشلىشى ئارقىلىق قاتناش ئىشلىرى قىسمەن ياخشىلانغان بولسىمۇ، يەنىلا تۈپتىن ياخشىلىنىپ كېتەلمىدى. 1984- يىلى مىللىي يېزا قۇرۇلۇپ يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تۈپتىن ياخشىلاشى ئۈچۈن 2 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ ئاجرىتىپ بېرىش ئارقىلىق تارىختىن بۇيان ئادەمزات ئايىغى چۈشمىگەن تاغلارنى كېسىپ 57 كىلومېتىر يول ياساپ، 1987- يىل 3- ئايدا تار تاجىك مىللىي يېزىسىغا ئاپتوموبىل رەسمىي قاتنىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ تىلسىمات تاغ ئارىسىغا قاپسىلىپ قالغان تار تاجىكلىرى قانات چىقىرىپ، بۇركۈت كەبى كۆكتە ئەركىن پەرۋاز قىلالايدىغان بولدى. يورۇقلۇقتا تەشنا تار تاجىكلىرى دۆلەتنىڭ 400 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ ئاجرىتىپ بېرىشى ئارقىلىق 1993 - يىلى (2×40)كىلوۋاتلىق قوش گېنېراتورلۇق كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلۈپ، قەدىمدىن تارتىپ قاراڭغۇلۇقتا ياتقان بۇ

زېمىندا ئېلېكتر چىراغلىرى چاقنىدى. ئېلېكتر ئېنېرگىيە مەنبەسىگە ئىگە بولغان تار تاجىكلىرى ئۆز خۇشاللىقىنى ئىچ - ئىچىگە سىغدۇرالماي بەس - بەستە رادىئو، تېلېۋىزور، ئۇن زاۋۇتى، شال زاۋۇتى قاتارلىق ئۇسكۇنىلەرنى سېتىۋېلىپ ئۆزىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتتى. پوچتا - تېلېگراف، خەۋەرلىشىش ئىشلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ زامانىۋىلىشىشقا يۈزلەندى. 1984- يىلىدىن باشلاپ تار تاجىك مىللىي يېزىسىدىكى خەلقنىڭ سىرت بىلەن خەۋەرلىشىش ئىشلىرى ھەقىقىي يولغا قويۇلدى، ھەربىر كەنتتە سىمسىز ئالاقىلىشىش تېلېفونى ئورنىتىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيە سىياسىتى تار تاجىك مىللىي يېزىسىدىكى خەلقنى «پۇتى توكۇر، قاتنىشى يوق»، «كۆزى كور، يورۇقلۇقى يوق»، «قۇلىقى گاس، خەۋەرلىشىش ئالاقىسى يوق» ھالەتتىن مەڭگۈ قۇتقۇزدى.

پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن زور دەرىجىدە مەبلەغ ئاجرىتىشى، تار يېزىسىدىكى تاجىك قېرىنداشلارنى ھەقىقىي بەختكە ئىگە قىلدى. ئۇ تار تاجىكلىرىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، تۆتتە زامانىۋىلىشىش ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈشتىكى، ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك چوڭ ئائىلىدىكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلارچە مېھىر - مۇھەببىتىنىڭ نامايەندىسى. تار تاجىكلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بۇ چەكسىز مېھىر - شەپقىتىنى، غايەت زور غەمخورلۇقىنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە ئۇنتۇمايدۇ. كوممۇنىستىك پارتىيىگە مەڭگۈ ئەگىشىپ ماڭىدۇ.

بىز يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك جۇڭگو كوممۇنىستىك

پارتىيىسىنىڭ مىللىي، سىياسىي ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ بولغا قويۇلۇشى ئاستىدا تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىدا كىشىنى خۇشال قىلارلىق غايەت زور نەتىجىلەر ۋە ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىپ خەلق چەكسىز شادلىققا، بەخت - سائادەتكە ئېرىشتى.

## تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ يەر - جاي ناملىرى

**ئالمالىق كەنت كومىتېتى:** ئالمالىق، دۆڭكۆۋرۈك، باش، تارقىلىق، تېرەكلىك، مىراپ، كىچىك ئارت، ئۇزۇنساي، بەت گۇۋر، قاراڭغۇ، ئاقتۇز، ياپۇلۇش، ئىنجىق، نۇرلۇق، ئارالچى، قارا قىيا.

**باغۇزى كەنت كومىتېتى:** باغۇزى، كەلگوز، ئەلىش بۇلۇڭ، ئارپا ئاغزى، ئېشەكئۆڭكۈرى، ئارپا ئېگىز، قىريايلاق، قىشلاق، كۆكلۈك، ياغاچ بوران.

**باغ كەنت كومىتېتى:** باغ، سېرىقتوغراق، كەندىرلىك، بۇيناق، تېرەك ئاغزى، قۇشقۇنلۇق، تېرەكجىلغا، يايلاقئەغىل، سوغۇنئوتلاق

**بەلدىر كەنت كومىتېتى:** بەلدىر، تارما تېرەك، تېۋىز، قورۇم ئارت بېشى، ئاقمەلتەي، ئارچا مازار، كۆنگەي، ئاقچۇشرۇك، قىيىڭدى.

**قۇززى كەنت كومىتېتى:** قۇززى، بېلىقچىن، ئۇرۇمقۇرۇم، جاڭگال، جامال ئەغىل، قىزىلسۇ، ئالتۇن ئەغىل، سۇباش، باباقاشال، ھەيرانباغ، قاراتار.

# تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى تەرەققىيات ئەھۋالى (1954 ~ 1986)

## 1. پارتىيە قۇرۇلۇشى ئىزچىل تۈردە كۈچەيتىلىپ، زور تۈركۈمدىكى تاجىك كادىرلىرى يېتىشتۈرۈلدى.

1950- يىلىدىن 1953- يىلىغىچە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئوخشاشلا، بۇ يېزىدىمۇ دېموكراتىك ئىنقىلاب قانات يايدۇرۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئازاد قىلىندى. 1954- يىلىدىن كېيىن يېزىلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىقتا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسى غەلىبىلىك ئورۇندىلىپ، دەسلەپكى قەدەمدە يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشنىڭ ئاساسى يارىتىلدى ھەمدە يېزىنىڭ ھەرقايسى كەنتلىرىدە پەيدىنپەي يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرى قۇرۇلدى.

كومپارتىيە بولمىسا يېڭى جۇڭگو بولمايتتى، شۇنداقلا كومپارتىيە بولمىسا تاجىك خەلقىنىڭ بەختىيار تۇرمۇشى بولمىغان بولاتتى.

تار يېزىسىدا تۇرلۇك پارتىيىنىڭ فاكچېن، سىياسەتلىرى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلغانلىقتىن، پارتىيە قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى، كىچىكلىكتىن زورايدى، ئاجىزلىقتىن كۈچەيدى.

54- يىللاردا يېزا بويىچە ئاران 12 نەپەر پارتىيە ئەزاسى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە پارتىيىلىك كادىرلار تۆت نەپەر ئىدى.

1986- يىلىغا كەلگەندە ئومۇمىي پارتىيە ئەزاسى 92 نەپەرگە يېتىپ، 1954- يىلىدىكىدىن سەككىز ھەسسە كۆپەيگەن. يېزا بويىچە بىر يېزىلىق پارتكوم، بەش كەنتتە پارتىيە ياچېيكىسى بار. بۇلار بۇ يېزىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش داۋامىدا جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى بولسا باشلامچىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، يېزىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، خەلقنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي تۇرمۇشىنى گۈللەندۇرۇش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئاكتىپ خىزمەت قىلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ياشلارغا بولغان سىياسىي، ئىدىيىۋى تەربىيىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇلاردا ۋەتەنپەرۋەرلىك، غايە، ئىنتىزام قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى، بولۇپمۇ 3- ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن ئىتتىپاق ياچېيكىلىرىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى، ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ راۋاجلاندۇردى. ھازىر يېزا بويىچە ئومۇمىي ئىتتىپاق ئەزاسى 138 نەپەرگە يېتىپ، 1954- يىللاردىكى 30 نەپەرگە سېلىشتۇرغاندا 4.6 ھەسسە ئاشتى.

3- ئومۇمىي يىغىن ئېلىمىزدە تۆتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ داغدام يولىنى ئاچقاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ ماركسىزملىق لۇشيەن، فاڭجېن - سىياسەتلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى تېخىمۇ چوڭقۇر ئەستايىدىل ئىجرا قىلىندى. شۇڭلاشقا، زور بىر تۈركۈم تاجىك كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر، مائارىپچىلار، پەن - تېخنىكا خادىملىرى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈلدى. بۇ يېزىدىن ئۆسۈپ يېتىلگەن

كادىرلار يېزىنىڭ ئۆزىدىلا خىزمەت قىلىپ قالماستىن، ناھىيىمىز ۋە باشقا ئورۇنلاردىكى تۈرلۈك ساھەلەردە خىزمەت قىلماقتا. بۇ ناھىيىنىڭ ئۆزىدە ۋە باشقا ناھىيىلەردە خىزمەت قىلىۋاتقان ناھىيە دەرىجىلىك كادىرلار ئۈچ نەپەر، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلاردىن 10 نەپەر بار. ئۇلار رەھبەرلىك تايانچلىق رولىنى ئۆتەۋاتىدۇ.

50- يىللاردا يېزا بويىچە سەككىز نەپەر كادىر بار ئىدى. 1976- يىلىغا كەلگەندە 54 نەپەرگە كۆپەيدى. 1986- يىل 9- ئايغا كەلگەندە يېتىشىپ چىققان كادىر، ئىشچى - خىزمەتچى، مائارىپچى، پەن - تېخنىكا خادىملىرى جەمئىي 79 نەپەرگە يېتىپ، 50- يىللاردىكىگە سېلىشتۇرغاندا 6.5 ھەسسە، 76- يىلىدىكىدىن يېرىم ھەسسە كۆپەيدى.

70- يىللاردىن بۇرۇن يېزا بويىچە پەقەت بىر نەپەرلا ئايال كادىر بارئىدى، ھازىر ئالتىگە يەتتى. 50- يىللاردا ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم سەۋىيىسىگە ئىگە كادىردىن بىرسىلا بار ئىدى، ھازىر ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكومنى پۈتكۈزگەنلەر 27 نەپەرگە، ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەنلەر تۆت نەپەرگە يەتتى. تولۇق ئوتتۇرا سەۋىيىسىگە ئىگە كادىرلار 16 نەپەر، تولۇقسىز ئوتتۇرا سەۋىيىسىگە ئىگە كادىر 16 نەپەر بولۇپ، ئومۇمەن كادىرلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى، سىياسىي، كەسپىي جەھەتتىكى سۈپىتى بۇرۇنقىدىن زور دەرىجىدە ئۆستى. 50- يىللاردىن بۇيان بۇ يېزىدا بىرمۇ تېخنىك كادىر يوق ئىدى. ھازىر ئوقۇتقۇچى، دوختۇر، مال دوختۇر، دېھقان - چارۋىچىلىق تېخنىكى، مالىيە، بوغالتىرلىق، سۇ - ئېلېكتر قاتارلىق كەسىپلەر بويىچە 139 نەپەر كەسپىي تېخنىك خادىمى بار.

**2. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈچەيتىلىپ، تىنچ ئىتتىپاق بولۇش ۋەزىيىتى يارىتىلدى ھەم مۇستەھكەملەندى.**

تاجىك مىللىتى ئۇزاق تارىخى ھەم شانلىق ئەنئەنىگە ئىگە. تار تاجىك مىللىي يېزىسىغا بارغان ھەرقانداق كىشى، ئۇلارنىڭ قىزغىن، سەممىي، ساپدىل، مېھماندوست ئىكەنلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. سىرتتىن بۇ يېزىغا خىزمەت ياكى باشقا ئىشلار مۇناسىۋىتى بىلەن بارغان ھەرقانداق كىشىنىڭ، قايسى مىللەت، قايسى جايدىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تاجىك خەلقى بىردەك قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ كۈتۈۋالىدۇ ھەمدە ئۇلارغا ھەر جەھەتتىن ئوڭشايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىپ، كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇپ، جەمئىيەتكە گۈزەل ئەخلاق، ئېسىل خىسلەتنى نامايان قىلىدى، شۇنداقلا تىنچ-ئىتتىپاق بولۇش ۋەزىيىتىگە پايدىلىق بولغان ئىجابىي تەسىرلەرنى كۆرسەتمەكتە.

يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىدىكى رەھبىرىي كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن يۇقىرىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش توغرىسىدىكى تۈرلۈك يوليورۇقلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئەمەلىيىدە ئىزچىل ئىجرا قىلىدى. كەڭ خەلققە قارىتا ئۇچتىن ئايرىلالماسلىق تەربىيىسى، شۇنداقلا شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۇرۇش، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى توغرىسىدا چوڭقۇر تەشۋىق-تەربىيە ئېلىپ بېرىش، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىق نۇقتىئىنەزىرىنى تىكلىشىگە ئەھمىيەت بەردى. بۇنىڭ بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ، ئىناق ئۆتىدىغان، قوشنا يېزا، ناھىيىلەر بىلەن قىرىنداشلارچە مۇناسىۋەتتە

بولىدىغان، ناھايىتى ئوبدان ئىجتىمائىي كەيپىيات ۋە جەمئىيەت تەرتىپى بارلىققا كەلدى. تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ يايلاقلىرى، تېرىلغۇ يەرلىرى، سۇ، ئورمانلىرى، تاغ تىزمىلىرى قېرىنداش ناھىيە ۋە يېزىلار بىلەن گىرەلىشىپ تۇتىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن 36 يىل مابەينىدە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ياكى قوشنا ناھىيە ۋە يېزىلار ئوتتۇرىسىدا چوڭ جېدەل - ماجىرالار، ۋەقەلەر كۆرۈلمىدى. ئەكسىچە تاجىكلار قىرغىز، ئۇيغۇر مىللەتلىرى ۋە تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ چېگرىداش يېزىلىرىدىكى خەلق بىلەن بىر يايلاقتا مال بېقىپ، بىر جايدا تېرىقچىلىق قىلىپ، بىر جىلغىنىڭ سۈيىنى تەڭ ئىشلىتىپ، بىر تاغنىڭ ھەرخىل تەبىئىي ئورمانلىرىدىن ئورتاق پايدىلىنىپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، بىر - بىرىنى چۈشىنىش، بىر - بىرىدىن ئۆگىنىش، بىر - بىرىگە كۆيۈنۈش، بىر - بىرىگە ئىشىنىش، ئورتاق گۈللىنىشتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ كەلدى. تار تاجىك مىللىي يېزىسىدىكى تاجىك خەلقى قانۇن - ئىنتىزامغا بويسۇنىدىغان سەممىي كىشىلەردۇر. كېچىلىرى ئىشىك تاقىمىسىمۇ، چارۋا ماللارنى ئېغىلغا سولىمىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. يول بويلىرىدا، تاغ جىلغىلاردا قويۇپ قويغان نەرسىلەر يوقالمايدۇ. بىرەر نەرسە تېپىۋېلىنسا دەرھال ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئازادلىق مابەينىدە قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق، ئوت قويۇش، زەھەر تاشلاش، باسقۇنچىلىق قىلىش قاتارلىق زور قاباھەتلىك ئەنزىلەر يۈز بەرمىدى. ئايرىم ھالدىكى ئامانلىق باشقۇرۇشقا دائىر ئەنزىلەر ئىنتايىن ئاز ساندا كۆرۈلگەندىن تاشقىرى ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن يۈز

بەرگىنى يوق. ئادەتتىكى نەشە چېكىش، قىمار ئوينىاش، ئالدامچىلىق قىلىش، تىلەمچىلىك قىلىشقا ئوخشاش يامان ئىللەتلەرمۇ كۆرۈلمەيدۇ.

ئىتتىپاقلىق ـ كۈچ، ئىتتىپاقلىق ـ غەلىبە، تىنچ، ئىتتىپاق بولۇش ۋەزىيىتى ئۇزاق مۇددەت راۋاجلىنىپ ۋە مۇستەھكەملىنىپ كەلگەچكە تار يېزىسىدىكى ئەمگەكچان خەلق يېزىسىنىڭ ناچار تەبىئىي شارائىتى بىلەن كۈرەش قىلىشنى قانات يايدۇرالىدى. قاقاس تاغ، جىلغىلارغا تاش ئېرىقلارنى ياساپ سۇ چىقىرىپ، ئورمان قويۇپ، ئوت - چۆپ ئۆستۈرۈپ، زىرائەت تېرىپ، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىقتىن ئىبارەت كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆتمۈشتىكىگە سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلدى.

## 3. چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ۋە قوشۇمچە كەسىپ ئىگىلىكىدە مەلۇم نىسبەتتە راۋاجلىنىشلار بارلىققا كەلدى

ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە پارتىيىنىڭ دېھقان - چارۋىچىلىق رايونلىرىغا قاراتقان تۇرلۇك ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى ئىخلاس بىلەن ئىجرا قىلىندى، بولۇپمۇ پارتىيە 11- نۆۋەتلىك 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىش، چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقنى بىرلەشتۈرۈش،كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇ- رۇش فاڭجېنى بەلگىلەپ چىقىلدى. بۇ فاڭجېن تار يېزىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولۇپ ئىزچىل ئىجرا قىلىنغان يېقىنقى بىرنەچچە يىل ئىچىدە چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ۋە قوشۇمچە ئائىلە كەسپىي ئىگىلىكى جەھەتلەردە

ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە يۈكسىلىشلەر بارلىققا كەلدى.

ئازادلىقتىن بۇرۇن (ئازاد بولۇشقا يېقىنقى يىللاردا) تولۇق بولمىغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا تار تاجىك مىللىي يېزىسىدا 280 ئائىلە، 1500 نوپۇس، 3000 تۇياق ئەتراپىدا چارۋا بولۇپ، چارۋىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئازساندىكى چارۋا ئىگىلىرى ۋە بىر قىسىم ھاللىق چارۋىچىلارنىڭ قولىغا مەركەزلەشكەن. 30% چارۋىچىلارنىڭ ئاساسەن چارۋىسى يوق ئىدى. پۈتۈن يېزىدىكى ئەمگەك كۈچىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى دېگۈدەك بايلارغا پادىچىلىق قىلاتتى. ئاز بىر قىسمى ئۆز جايىدىكى چارۋا ئىگىلىرىگە مال باققاندىن تاشقىرى، كۆپ قىسمى سىرتقى جايلار — تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ قوغۇشلۇق، ۋاچا، تاغارما، تىزناپ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ شۇ جايدىكى چارۋىدارلارغا ئۇزاق مۇددەت پادىچى بولۇپ ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ پادىسىنى باقاتتى ياكى كۈزلۈك يىغىم ئىشلىرىنى ئىشلەپ، بىر كىشى يىلدا ئاران بىر قوزىلىق ساغلىق قوي ياكى بىرنەچچە چارەك ئاشلىق ھەق ئېلىپ، ئالغان ھەق بىلەن ئائىلىسىنى قامدىيالماي، ئىنتايىن نامراتچىلىقتا تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ ئائىلە بېشىغا سالغان ئوتۇن - سامان، سويۇشلۇق قوي، خەنىيە (ئالۋان) دەستىدىن ھەربىر ئائىلىدىن بىر ياكى بىرنەچچە كىشى ئالۋاننى تۈگىتىشكە كېتىپ، ئۆيىگە قايتىپ كېلەلمەيتتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە ئازساندىكى بەگ - بوجاڭلار تار يېزىسىدىكى خەلققە ئۇلاغ ئېتى، تۈلكە تېرە، كېيىك تېرىسى، تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان چەكمەن، مېغىز، سېرىقماي، توخۇ، تۇخۇم قاتارلىق تۈگىمەس ئالۋان - ياساقلىرىنى سېلىپ، خەلقنىڭ قېنىنى شوراپ، گۆش - تېرىسىنى شىلىپ يەپ،

خەلقنى ئىنتايىن نامراتلاشتۇرۇپ، زار قاقشاتقان ئىدى. چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئەسلا ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. زۇلۇم دەردىدىن 80 ئائىلە پوسكام ناھىيە تەۋەسىگە، 10 ئائىلە يەكەن تەۋەسىگە، 20 نەچچە ئائىلە تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ تاغارما، ۋاچا، توغلونشو، تاشقورغان يېزا قاتارلىق ئورۇنلارغا كۆچۈپ كەتكەن.

1958- يىلى كوپېراتسىيە مەزگىلىدە يېزا بويىچە ئومۇمىي چارۋا 5000 تۇياققا يەتكەن. 1965- يىلى 9148 تۇياققا يەتكەن. 1980- يىلى 12471 تۇياققا كۆپەيگەن.

پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا 1984- يىلى تار تاجىك مىللىي يېزىسى ئاقتۇ ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈشى 1-،3- نومۇرلۇق ھۆججەتتە كۆرسىتىلگەن سىياسەتلەر تېخىمۇ چوڭقۇر ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، چارۋىچىلىقنىڭ ھەم تۇرلۇك ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا يول ئېچىلدى. ھازىر (1986- يىل 9- ئاي) يېزا بويىچە چارۋىنىڭ ئومۇمىي تۇياق سانى 18960 تۇياققا يېتىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. بۇنى ئازادلىقتىن بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغاندا 6 ھەسسىدىن كۆپ. 1958- يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 3.5 ھەسسە كۆپ، 1965- يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 2 ھەسسە كۆپ. 1980- يىلىدىكى 12471 تۇياققا سېلىشتۇرغاندا يېرىم ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشقان.

قەد كۆتۈرگەن چارۋىچى شەپقەتچىسىنى ئۇنتۇمايدۇ. پارتىيە 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن چارۋىچىلىقنىڭ مەلۇم نىسبەتتە راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەتكە سېتىپ بېرىدىغان ۋە بازارلاردا ئىشلىتىدىغان چارۋىلار يىلدىن - يىلغا كۆپەيگەن. 1980- يىلدىن 1985- يىلغىچە يېزا بويىچە ھەر يىلى 2100

تۇياقتىن 2500 تۇياق ئەتراپىدا تاۋار چارۋا سېتىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا قوي يۇڭى، ئۆچكە تىۋىتى، تېرە قاتارلىق چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن بەلگىلىمە بويىچە دۆلەتكە سېتىپ بېرىلىدىغان ۋەزىپە ئورۇندىلىپ كەلگەن. 1985- يىلىدىكى چارۋىچىلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات كىرىمى 7628121 يۈەنگە يېتىپ، 1950- يىلىدىكىدىن تۆت ھەسسە، 1976- يىلىدىكىدىن 30% ئاشقان. 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ھەرخىل شەكىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرى يولغا قويۇلۇپ، چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى قوزغىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاشقا زور كۈچ چىقاردى. يېقىنقى بىرنەچچە يىل جەريانىدا يازلىق، كۈزلۈك يايلاقلاردا يېڭىدىن 231 ئېغىزلىق ئولتۇراق ئۆي سېلىنىپ، بۇرۇن بار بولغان ئۆيلەرنى قوشقاندا ھەربىر چارۋا باققۇچى ئائىلىنىڭ يازلىق، كۈزلۈك پەسىلدە يايلاقتا ئولتۇرىدىغان ئۆيى بولۇش تەلىپى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالدى. ئۈچ ئورۇندا ۋاننا كۆلچىكى، 19 ئورۇندا چارۋا قوتىنى سېلىندى. يانتۇلۇقى 25 گرادۇس بولغان 535 مو تېرىلغۇ يەر دېھقانچىلىقتىن چارۋىچىلىققا قايتۇرۇلۇپ، بېدە، ئوت - چۆپ تېرىلىپ چۆپخانىغا ئۆزگەرتىلدى. تاش پارتلىتىپ، تاغ كېسىپ، 10 ئورۇندا 2695 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئاددىي چارۋا يولى ياسىلىپ، يايلاق يول قاتنىشى بىرقەدەر راۋانلاشتۇرۇلدى. يول قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئىشلىتىشكە ئىمكانىيەت بولمىغان 3015 مو يايلاق يېڭىدىن ئېچىلىپ پايدىلىنىلدى. يېزىدا بىر چارۋا مال دوختۇرلۇق پونكىتى، ئۈچ نەپەر مال دوختۇرى بولۇپ، چارۋىلاردا بولىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. چارۋا تۈزۈلمىسى تەتقىق قىلىنىپ، بېقىش

سەرپىياتى ئاز، ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى، بازار ئېھتىياجى جىددىي بولمىغان قوي - قوتازنى كۆپەيتىپ، ئات - ئېشەكنى كېمەيتىش، بۇ ئارقىلىق ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش تەدبىرى قوللىنىلىپ، بىرنەچچە يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىپ، ھازىر قوي، قوتازنىڭ ئومۇمىي چارۋا سانى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 80% كە يېتىپ، چارۋا تۈزۈلمىسىنى تەڭشەشتە دەسلەپكى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

دېھقانچىلىق جەھەتتە: يېزىنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ پايدىلىنىش ئالاھىدىلىكى 60% يەر بىرقەدەر مۆتىدىل ئىقلىمغا جايلاشقان، ھاۋا كىلىماتى ئىللىق بولۇپ، دېھقانچىلىق رايونىدا پىشىدىغان كۈزلۈك بۇغداي، قوناق قاتارلىق كۆپ ساندىكى زىرائەتلەرنى تېرىشقا بولىدۇ. بۇ يەرلەرنىڭ يېرىمى تاشقورغان دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان مول - ھوسۇللۇق مۇنبەت ئېتىزلاردۇر. 40% تېرىلغۇ يەر بىرقەدەر ئېگىزرەك بولغان، كەنت بىلەن يايلاق ئارىلىقىدىكى تار جىلغا، سوغۇق ئىقلىمغا جايلاشقان بولۇپ، قار - يامغۇر، بۇلاق سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ. بۇنداق يەرلەردە ئاساسەن ئارپا، پۇرچاق، يازلىق بۇغداي قاتارلىق ئېگىزلىكتە تېرىشقا بولىدىغان زىرائەتلەر تېرىلىدۇ. چىقىدىغان ئاشلىق مەھسۇلاتى تۆۋەن بولۇپ، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلار ھېسابلىنىدۇ. بۇ يېزىنى ناھىيىمىزنىڭ بىرقىسىم چارۋىچىلىق يېزىلىرىغا سېلىشتۇرغاندا ھاۋا كىلىماتى بىرقەدەر ياخشى، دېھقانچىلىق قىلىشقا ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتلارغا ئىگە بولسىمۇ، بىراق تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ئاز، نوپۇسقا ئاران 1·2 مودىن توغرا كېلىدۇ. ئېچىش خاراكتېرىدىكى يەر ئانچە كۆپ ئەمەس. شۇڭا، چارۋا يەملىك ۋە ئاز بىر قىسىم ئوزۇقلۇقنى ئۆزى ھەل قىلىشتىن تاشقىرى كۆپ

قىسىم ئوزۇقلۇق ئاشلىقنى ھەل قىلىشتا دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش سېتىپ بېرىپ تەمىنلىشىگە تايىنىدۇ.

1950- يىللىرى يېزا بويىچە 3500 مو تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 80% ى يانتۇ ۋە تاشلىق، سۇپىتى بىرقەدەر ناچار يەرلەر بولغانلىقتىن، ئاشلىق مەھسۇلاتى تۆۋەن ئىدى. تولۇقسىز ستاتىستىكىغا قارىغاندا، يېزا بويىچە يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 140000 جىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كېلىدىغان ئاشلىقى 100 جىڭغا يەتمەيتتى. 56 يىلدىن بۇيان بۇ يېزىدىكى ئەمگەكچان تاجىك خەلقى تېرىلغۇ يەرلىرىنى تۈزلەپ، ئېتىزلارنىڭ سۇپىتىنى ياخشىلاشقا زور كۈچ چىقاردى. يېڭىدىن 695 مو يەر ئېچىپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى كېڭەيتتى، بولۇپمۇ 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشنى يولغا قويۇپ، سىرتقى ئورۇنلاردىن ئەلا سۇپەتلىك زىرائەتلەرنىڭ سورتىنى كىرگۈزۈپ تېرىپ ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

1980- يىلى يېزا بويىچە ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلاتى 585148 جىڭغا يەتتى. 1985- يىلى 825800 جىڭغا يېتىپ، كىشى بېشىغا 271 جىڭدىن توغرا كەلدى. 1985- يىلىنى 1980- يىلىغا سېلىشتۇرغاندا ئاشلىق مەھسۇلاتى 30% ئاشتى. 1950- يىلىغا سېلىشتۇرغاندا يەتتە ھەسسىگە يېقىن ئاشتى. كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كەلگەن ئاشلىقى 2·5 ھەسسە كۆپەيگەن. مو بېشىغا توغرا كېلىدىغان بىرلىك مەھسۇلاتى 196 جىڭغا يېتىپ، 1950- يىللاردىكىدىن 40 جىڭدىن 5 ھەسسە ئاشتى. پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن كوسراپ يېزىسىدىن 57 كىلومېتىر تاش يول ياسىلىپ، قاتناش قولايلاشتى. يېزىنىڭ

تۆۋەنكى قىسمىدىكى توققۇز ئورۇندا 1000 موغا يېقىن ئېچىش خاراكتېرىدىكى قاقاس يەر بار. بۇ يەرلەرنى بۇنىڭدىن كېيىن ئىلغار تېخنىكا ۋە يېتەرلىك مەبلەغكە تايىنىپ ئېچىشقا بولىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى. بۇنىڭدىن كېيىن زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا بۇ يەرلەر ئېچىلىپ، تارخەلقىگە تېخىمۇ زور بەخت ئېلىپ كەلگۈسى. بۇ يېزىنىڭ بېشىدىن-ئاخىرىغىچە سوزۇلغان سۈيى سۈپسۈزۈك تاشقورغان دەرياسىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى 33 پارچە زېمىن، 21 تاغ جىلغىسى، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئۈجمە، ئامۇت، ئالما، ياڭاق، نەشپۈت، غەينۇلا، جىگدە قاتارلىق مېۋىلەر بىلەن قاپلانغان بولۇپ، تارىختىن بۇيان «مېۋە شەربەت ماكانى»، «مېغىز ماكانى» دەپ ئاتىلىپ تۆت ئەتراپقا مەشھۇر ئىدى. ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان قېرى مېۋىلىك دەرەخلەرگە قارىغاندا، بۇ يېزىدىكى خەلقنىڭ ئەجدادلىرى مۇشۇ زېمىنغا كېلىپ، ئولتۇراقلىشىپ تىرىكچىلىك قىلغاندىن تارتىپلا باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. تارىختىن بۇيان بۇ يېزىدىكى خەلقنىڭ قۇرۇق مېۋە مەھسۇلاتىدىن گۈلە كۆپ بولۇپ، سىرتقى ئورۇنلارغا ئاپىرىپ ساتاتتى. ئاشلىق، چارۋا مال، تۇرلۇك ئېھتىياجلىق بۇيۇملار بىلەن ئالماشتۇراتتى. گۈلە تارخەلقىنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈشىدىكى مۇھىم ئىقتىسادىي مەنبەلىرىنىڭ بىرى ئىدى. مېۋىچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا يېزىلىق ھۆكۈمەت تولۇق ئەھمىيەت بېرىپ، پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىكى جايلارنى، پارچە - پۇرات، تاغ قاپتال، دەريا بويلىرى، مېۋىلىك دەرەخلەرنى، بولۇپمۇ ئۆرۈك دەرىخىنى تىكىپ، مېۋىچىلىكنى ئىنتايىن زور كۆلەمدە تەرەققىي قىلدۇردى.

1965- يىلى يېزا بويىچە 35 مىڭ تۈپ مېۋىلىك دەرەخ بولۇپ، 10 يىللىق ئىچكى قالايمىقانچىلىقتا نوقۇل ھالدا ئاشلىق تۇتقا قىلىنىپ، باشقا ئىگىلىككە ئەھمىيەت بېرىلمەي، سولچىل لۇشيەن يۈرگۈزۈلگەنلىكتىن، ياخشى مېۋە بېرىدىغان 14000 تۈپ مېۋىلىك دەرەخ كېسىپ تاشلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنى تېرىلغۇ يەرگە ئۆزگەرتىلگەن. بۇنىڭ مېۋە مەھسۇلاتى زور نىسبەتتە كېمىيىپ كېتىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 3- ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن مېۋىلىك دەرەخلەر شەخسلەرگە تارقىتىپ بېرىلدى. كىم تىكسە شۇنىڭ بولۇش پرىنسىپى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، خەلقنىڭ ئاكتىپچانلىقى قوزغىتىلىپ، بەس - بەستە دەرەخ تىكىش دولقۇنى شەكىللەندى.

1985- يىلىغا كەلگەندە يېزا بويىچە تىكىلگەن دەرەخ 63840 تۈپكە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مېۋىلىك دەرەخ 39520 تۈپكە يېتىپ، 1965- يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 4200 تۈپ ئاشتى. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدىكىدىن بىر ھەسسە كۆپەيگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يېڭىدىن ئۈزۈم، چىلان، ئەنجۈر قاتارلىق مېۋىلەرنى يېتىشتۈرۈشكە قەدەم قويدى. سىرتقى ئورۇنلارنىڭ ئەلا سۈپەتلىكلىرىنى كىرگۈزۈپ، نوتا ئۇلاپ، مېۋە سورتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن تىرىشماقتا. نۆۋەتتە يېزا بويىچە گۈلىنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى 300000 جىڭدىن ئاشىدۇ، ئىقتىسادىي قىممىتى 6000000 يۈەن ئەتراپىدا بولۇپ، مېۋىگە ئىش قوشۇپ، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش تېخنىكا مەبلەغ يېتىشمەي سىرتقا يۆتكەپ سېتىپ ئوبوروت قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. يېزىنىڭ ھاۋا كىلىماتى مۆتىدىل بولغاچقا مېۋىلەرگە قۇرت چۈشمەيدۇ، سۇلۇق، تاتلىق كېلىدۇ، مېۋىچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا

تولىمۇ باب جاي. ئەگەر مېۋىگە ئىش قوشۇش تېخنىكىسى ۋە مەبلەغ بولسا مېۋە مۇرابباسى ۋە مېۋە قاقلىرى ئىشلەپچىقىرىلسا ناھايىتى زور ئىقتىسادىي پايدىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ گۈزەل تەسەۋۋۇرنى ۋە مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا يېزا خەلقى كەڭ ئىستىقبالغا ئىگە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلماقتا. بۇ يېزىنىڭ يايلاقلىرىدا 10 مىڭ مو ئەتراپىدا تەبىئىي قارىغاي، ئارچا ئورمانلىرى بولۇپ، دۆلەت تەرىپىدىن ئەنگە ئېلىنغان. ئىككى نەپەر ئورمان خادىمى مەخسۇس باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ. بۇنداق ئەۋزەل شارائىتى بولغانلىقتىن خەلق ئورمانلارنى ئاسراش، مۇھاپىزەت قىلىش، كېسىلگەنلىرىنىڭ ئورنىغا يېڭىسىنى تىكىش ۋە مۇۋاپىق پايدىلانغان ئاساستا ئولتۇراق ئۆيلىرىنى سۇپەتلىك سېلىپ، تۇرمۇش مۇھىتىنى ياخشىلىۋالدى. يۇقىرىقى ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىرىدىن باشقا يەنە تارىختىن بۇيان پىلىچىلىكمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئېلىپ بېرىلىپ، 50% ئائىلە ئۇجمە دەرىخىدىن پايدىلىنىپ پىلە بېقىپ ئەر - ئاياللارنىڭ كىيىدىغان باش كىيىمى ۋە باشقا كىيىم - كېچەك بۇيۇملىرىنى كەشتىلەشكە ئېھتىياجلىق بولغان يىپەكنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆزلىرى ھەل قىلىپ كەلمەكتە.

**تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ 1981- يىلىدىن 1995- يىلىغىچە يېزا ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچ ئەھۋالى**

| يىل ئايرىمىسى | ئومۇمىي كىرىم (يۈەن) | دېھقانچىلىق كىرىمى | چارۋىچىلىق كىرىمى (يۈەن) | ئورمانچىلىق كىرىمى (يۈەن) | باشقا كىرىم (يۈەن) | كىشى بېشىغا (يۈەن) | ئومۇمىي مەھسۇلات (جىڭ) | چارۋا سانى (تۇياق) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1981- يىل | 141060 | 57087 | 66853 | 3433 | 13967 | 42·58 | 611666 | 14706 |
| 1982- يىل | 148685 | 79524 | 47668 | 4000 | 21453 | | 815005 | 16946 |
| 1983- يىل | 186687 | 81612 | 73368 | | 28500 | | 812698 | 16985 |
| 1984- يىل | 222877 | 107045 | 77553 | 20026 | 18253 | 75 | 822148 | 16424 |
| 1985- يىل | 271476 | 172910 | 46361 | 13790 | 38415 | 69 | 825800 | 16975 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 17314 | 830000 | 116·66 | 80686 | 46046 | 60943 | 253981 | 441656 | -1986 بل |
| 17645 | 836614 | 129·38 | 92428 | 26628 | 179403 | 197645 | 491104 | -1987 بل |
| 18009 | 846908 | 157·55 | 84079 | 34597 | 260268 | 251825 | 630769 | -1988 بل |
| 18490 | 762454 | 198 | 119179 | 36850 | 360228 | 322212 | 840269 | -1989 بل |
| 18186 | 745000 | 155 | 89840 | 73705 | 346898 | 280578 | 791021 | -1990 بل |
| 16991 | 913664 | 132 | 92358 | 68666 | 366485 | 396112 | 923620 | -1991 بل |
| 15262 | 1269630 | 251 | 141171 | 59150 | 517558 | 481490 | 1199369 | -1992 بل |
| 16005 | 1286300 | 294 | 159882 | 70489 | 593219 | 615894 | 1439484 | -1993 بل |
| 16568 | 1430000 | 370 | 163019 | 80342 | 924706 | 641132 | 1809199 | -1994 بل |
| 16650 | 1430800 | 520·68 | 195215 | 64070 | 1744327 | 729886 | 2733498 | -1995 بل |

## دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىم – چىقىم تەقسىملىنىش ئەھۋالى

| يىل تايرىمىسى | نوپۇس سانى | نوپۇس | ئەمگەك كۈچى | كىرىم - چىقىم ئەھۋالى | | تەقسىملىنىش ئەھۋالى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | كىرىم | چىقىم | سومما | ئوتتۇرىچە كىرىم | نىسبىتى |
| 1981- يىل | 555 | 2510 | 1138 | 141060 | 22650 | 106877 | 42·58 | 75·77 |
| 1982- يىل | 541 | 2639 | 1053 | 118732 | 18737 | 88364 | 33·48 | 74·42 |
| 1983- يىل | 539 | 2730 | 764 | 186687 | 17553 | 153215 | 56·12 | 82·07 |
| 1984- يىل | 541 | 2873 | 1247 | 222877 | 11161 | 203596 | 70·87 | 91·35 |
| 1985- يىل | 545 | 2927 | 1103 | 271476 | 61207 | 201623 | 68·88 | 74·27 |
| 1986- يىل | 546 | 3029 | 1103 | 441656 | 84206 | 353370 | 116·66 | 80·01 |
| 1987- يىل | 561 | 3061 | 1014 | 491104 | 89923 | 396039 | 129·38 | 80·64 |
| 1988- يىل | 578 | 3174 | 1022 | 630769 | 126166 | 500060 | 157·55 | 79·28 |
| 1989- يىل | 583 | 3301 | 1031 | 840249 | 172968 | 652990 | 197·82 | 77·71 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 82·54 | 193·63 | 652906 | 119808 | 791021 | 987 | 3372 | 580 | 1990- بيل |
| 81·33 | 218·64 | 756053 | 142867 | 929666 | 996 | 3458 | 593 | 1991- بيل |
| 74·28 | 251·32 | 890922 | 232000 | 1199369 | 886 | 3545 | 605 | 1992- بيل |
| 72·95 | 408·31 | 1050168 | 306116 | 1439484 | 931 | 2572 | 610 | 1993- بيل |
| 74·36 | 370·11 | 1345336 | 346463 | 1809199 | 904 | 3635 | 625 | 1994- بيل |
| 69·35 | 520·69 | 1895816 | 684682 | 2733498 | 950 | 3641 | 627 | 1995- بيل |
| 75·49 | 643·12 | 2350612 | 578920 | 3113900 | 960 | 3655 | 634 | 1996- بيل |
| 70·41 | 712·63 | 2606081 | 926060 | 3701275 | 920 | 3657 | 666 | 1997- بيل |
| 67·76 | 712·63 | 2637453 | 1055805 | 3892458 | 995 | 3701 | 635 | 1998- بيل |
| 57·03 | 282·76 | 1052424 | 793052 | 1845476 | 1110 | 3722 | 705 | 1999- بيل |
| 70·06 | 329·25 | 1251148 | 510436 | 1785798 | 910 | 3800 | 706 | 2000- بيل |
| 71·75 | 405·14 | 1570313 | 618426 | 2188739 | 1150 | 3876 | 815 | 2001- بيل |
| 75·99 | 481·72 | 1896533 | 673175 | 2495618 | 1310 | 3973 | 851 | 2002- بيل |
| 81·49 | 585·27 | 232000 | 787000 | 2847000 | 1348 | 3964 | 871 | 2003- بيل |

# چارۋىچىلىق

| يىل ئايرىمىسى | جەمئىي | ئات | كالا | تۆگە | ئېشەك | ئۆچكە | قوي | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1981- يىل | 15171 | 189 | 1914 | 73 | 389 | 6026 | 6580 | 6467 |
| 1982- يىل | 16520 | 241 | 2176 | 104 | 485 | 6306 | 7208 | 7792 |
| 1983- يىل | 15685 | 277 | 2511 | 82 | 696 | 5974 | 6145 | 7272 |
| 1984- يىل | 16426 | 285 | 2764 | 87 | 736 | 6562 | 5992 | 6282 |
| 1985- يىل | 16975 | 265 | 2208 | 58 | 468 | 6536 | 7440 | 16975 |
| 1986- يىل | 17314 | 266 | 2255 | 58 | 449 | 7090 | 7196 | 17314 |
| 1987- يىل | 17645 | 271 | 2300 | 59 | 457 | 7231 | 7327 | 17645 |
| 1988- يىل | 18009 | 249 | 2393 | 55 | 451 | 7350 | 7511 | 18009 |
| 1989- يىل | 18492 | 239 | 2567 | 74 | 454 | 7497 | 7661 | 18492 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1990- بل | 18166 | 177 | 2690 | 78 | 459 | 7540 | 7222 | 18166 |
| 1991- بل | 16991 | 156 | 2711 | 75 | 407 | 6142 | 7499 | 16991 |
| 1992- بل | 15362 | 145 | 2127 | 78 | 411 | 5718 | 6883 | 15362 |
| 1993- بل | 16005 | 157 | 2998 | 94 | 591 | 5018 | 7147 | 16005 |
| 1994- بل | 16568 | 160 | 3193 | 94 | 620 | 4989 | 7512 | 16568 |
| 1995- بل | 16651 | 199 | 3834 | 123 | 891 | 5112 | 6492 | 16651 |
| 1995- بل | 16870 | 237 | 3880 | 98 | 1202 | 5422 | 6031 | 16870 |
| 1996- بل | 17415 | 77 | 3239 | 54 | 1139 | 5422 | 7484 | 17415 |
| 1997- بل | 18015 | 56 | 2444 | 35 | 920 | 6122 | 8438 | 18015 |
| 1998- بل | 10955 | 23 | 1919 | 41 | 846 | 3604 | 4522 | 10955 |
| 1999- بل | 11232 | 24 | 1969 | 40 | 829 | 3694 | 4676 | 11232 |
| 2000- بل | 11456 | 25 | 1975 | 34 | 659 | 4006 | 4757 | 11456 |
| 2001- بل | 11544 | 17 | 1993 | 28 | 427 | 4148 | 4931 | 11544 |
| 2002- بل | 12013 | 13 | 2037 | 16 | 447 | 4232 | 5268 | 12013 |

# يەر مەيدانىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى

| يىل ئايرىمىسى | يىل بېشىدىكى يەر مەيدانى | شۇ يىلى كۆپەيگەن يەر كۆلىمى | | شۇ يىلى كېمەيگەن يەر مەيدانى | | يىل ئاخىرىدىكى يەر مەيدانى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى ئېچىلغىنى | جەمئىي | دۆلەت ئاساسىي قۇرۇلۇش | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە | | |
| | | | | | | | ئېكىنزار | قۇرغاق | سۇلۇق |
| 1981- يىل | | 4169 | | | | 4169 | | | 4169 |
| 1982- يىل | 4169 | 20 | | | | 4189 | | | 4189 |
| 1983- يىل | 4189 | 36 | | | | 4225 | | | 4225 |
| 1984- يىل | 4225 | | | 20 | | 4205 | | | 4205 |
| 1985- يىل | 4205 | | | 140 | | 4065 | | | 4065 |
| 1986- يىل | 4065 | 235 | | 562 | | 3738 | | | 3738 |
| 1987- يىل | 3738 | | | | | 3738 | | | 3738 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بل -1988 | 3738 | | | 32 | | 3706 | | | 3706 |
| بل -1989 | 3706 | 20 | 10 | 2 | | 3724 | | | 3724 |
| بل -1990 | 3724 | 62 | 3 | 3 | | 3783 | | | 3783 |
| بل -1991 | 3783 | | | 100 | | 3683 | | | 3683 |
| بل -1992 | 3683 | | | 104 | 1 | 3579 | | | 3579 |
| بل -1993 | 3579 | 57 | 57 | 129 | | 3507 | | | 3507 |
| بل -1994 | 3507 | 60 | 60 | 120 | | 3447 | | | 3447 |
| بل -1995 | 3447 | | | 178 | | 3269 | | | 3269 |
| بل -1996 | 3269 | 16 | 16 | | | 3285 | | | 3285 |
| بل -1997 | 3285 | 203 | 150 | | | 3488 | | 2250 | 1238 |
| بل -1998 | 3488 | 5 | 5 | | | 3493 | | | 3493 |
| بل -1999 | 3493 | | | 1400 | | 2093 | | | 2093 |
| بل -2000 | 2093 | | | 207 | | 1886 | | | 1886 |
| بل -2001 | 1886 | 23 | 23 | 96 | | 1813 | | | 1813 |
| بل -2002 | 1813 | | | 66 | 30 | 1747 | | | 1747 |
| بل -2003 | 1747 | | | | | 1747 | | | 1747 |

# نوپۇسنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى

| | ئومۇمىي ئائىلە سانى | ئومۇمىي نوپۇس | | | ئوتتۇرىچە نوپۇس | نوپۇسنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | ئەر | ئايال | | تۇغۇلغىنى | تۇغۇلۇش نىسبىتى | ئۆلگىنى | ئۆلۈش نىسبىتى | يۆتكىلىپ كىرگىنى | يۆتكىلىپ كەتكىنى | قوشۇلغىنى | تەبىئىي قوشۇلۇش نىسبىتى |
| 1985-يىل | 545 | 3039 | 1507 | 1532 | | 98 | | 20 | | | 1 | 78 | |
| 1986-يىل | 562 | 3129 | 1549 | 1580 | 3084 | 135 | 43·77 | 33 | 10·70 | 15 | 27 | 102 | 33·07 |
| 1987-يىل | 549 | 3198 | 1578 | 1620 | 3164 | 103 | 32·56 | 24 | 7·59 | 4 | 14 | 79 | 24·97 |
| 1988-يىل | 583 | 3335 | 1660 | 1675 | 3267 | 146 | 44·70 | 12 | 3·67 | 31 | 28 | 134 | 41·02 |
| 1989-يىل | 574 | 3449 | 1714 | 1735 | 3392 | 99 | 29·19 | 28 | 8·25 | 53 | 10 | 71 | 20·93 |
| 1990-يىل | 583 | 3601 | 1811 | 1790 | 3525 | 103 | 29·22 | 22 | 6·24 | 71 | | 81 | 22·98 |
| 1991-يىل | 593 | 3710 | 1852 | 1858 | 3656 | 127 | 34·37 | 18 | 4·92 | | | 109 | 29·82 |
| 1992-يىل | 593 | 3822 | 1961 | 1861 | 3766 | 136 | 36·11 | 24 | 6·37 | | | 112 | 29·74 |

| | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 17·36 | 67 | | 6 | 6·22 | 24 | 23·58 | 91 | 3859 | 1990 | 1905 | 3895 | 593 | -1993 بىل |
| 11·50 | 45 | 9 | | 6·13 | 24 | 17·63 | 69 | 3915 | 2008 | 1926 | 3934 | 593 | -1994 بىل |
| 13·25 | 52 | 69 | | 3·57 | 14 | 16·81 | 66 | 3926 | 2050 | 1867 | 3917 | 589 | -1995 بىل |
| 10·16 | 40 | 11 | 14 | 8·12 | 32 | 18·28 | 72 | 3939 | 2081 | 1879 | 3960 | 633 | -1996 بىل |
| 14·11 | 56 | 6 | 2 | 2·77 | 11 | 16·89 | 67 | 3968 | 2153 | 1823 | 3976 | 635 | -1997 بىل |
| 10·99 | 44 | 11 | 4 | 4·49 | 18 | 15·48 | 62 | 4005 | 1986 | 2047 | 4033 | 675 | -1998 بىل |
| 8·15 | 33 | 6 | 5 | 6·42 | 26 | 14·57 | 59 | 4049 | 2002 | 2063 | 4065 | 672 | -1999 بىل |
| 14·68 | 53 | 21 | 7 | 4·98 | 18 | 19·66 | 71 | 3611 | 1580 | 1577 | 3157 | 568 | -2000 بىل |
| 3·47 | 11 | | 11 | 6·31 | 20 | 9·76 | 31 | 3168 | 1591 | 1588 | 3179 | 572 | -2001 بىل |
| 12·50 | 40 | 2 | 4 | 9·38 | 30 | 21·88 | 70 | 3200 | 1611 | 1610 | 3221 | 577 | -2002 بىل |
| 27·91 | 91 | 13 | | 4·91 | 16 | 32·82 | 107 | 3260 | 1692 | 1607 | 3299 | 929 | -2003 بىل |

# دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ تېرىلىشى

| يىل ئايرىمىسى | تېرىقچىلىق يەر كۆلىمى | بۇنىڭ ئىچىدە قايتا تېرىلىدىغىنى | يەر كۆلىمى | بىرلىكى | ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1981 - يىل | 3977 | | 3977 | 89·5 | 356 |
| 1982 - يىل | 4282 | | 4282 | 97·9 | 419 |
| 1983 - يىل | 4419 | | 4275 | 95·0 | 406 |
| 1984 - يىل | 4199 | | 4199 | 97·9 | 411 |
| 1985 - يىل | 4202 | | 4202 | 98·3 | 413 |
| 1986 - يىل | 3738 | | 3738 | 111·0 | 415 |
| 1987 - يىل | 3738 | | 3738 | 111·8 | 418 |
| 1988 - يىل | 3816 | | 3683 | 117·3 | 432 |
| 1989 - يىل | 3922 | 70 | 3753 | 101·5 | 381 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 372 | 101·0 | 3683 | 153 | 3936 | 1990- بل |
| 457 | 124·1 | 3683 | | 3683 | 1991- بل |
| 635 | 177·4 | 3579 | | 3579 | 1992- بل |
| 643 | 180·0 | 3573 | | 3573 | 1993- بل |
| 715 | 205·0 | 3488 | | 3488 | 1994- بل |
| 715 | 215·2 | 3322 | | 3322 | 1995- بل |
| 677 | 194·1 | 3488 | | 3488 | 1996- بل |
| 708 | 203·0 | 3488 | | 3488 | 1997- بل |
| 756 | 216·4 | 3494 | | 3494 | 1998- بل |
| 401 | 115·1 | 3484 | | 3484 | 1999- بل |
| 396 | 207·3 | 1910 | | 1910 | 2000- بل |
| 611 | 319·7 | 1911 | | 1911 | 2001- بل |
| 657 | 362·2 | 1814 | | 1814 | 2002- بل |
| 667 | 381·8 | 1747 | | 1747 | 2003- بل |

## مېھىر ـ شەپقەت ئۇنتۇلماس ئەبەت

### ئابدۇراخمان ئابدۇرامان

ئانا يۇرتۇم گۈزەل تار،
بەخت قۇشى ساڭا يار.
ئىككى تەرىپىدە تاغ،
ئوتتۇرىسى جەننەتباغ.

بۇ خەلق قوشىقى تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ گۈزەل ماكان ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تار تاجىك مىللىي يېزىسى ئاقتۇ ناھىيىسىگە قاراشلىق بولۇپ، يېزىدا 4000دىن ئارتۇق تاجىك خەلقى ياشايدۇ. بۇ جاينىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، پۈتۈنلەي قاتمۇقات تاغلار بىلەن ئورالغان. ئوتتۇرىسىنى تاشقورغان دەرياسى كېسىپ ئۆتىدۇ. 20 يىلدىن بۇيان ھەردەرىجىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆسۈپ، بۇ يېزا خۇددىي «جەننەتباغ» قىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئەپسۇسكى، 1999- يىل 8- ئاينىڭ 1- كۈنى زور كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىپ، بۇ يېزىنىڭ %90 زېمىنىنى ئېقىتىپ كەتتى. 25 كىشى جېنىدىن ئايرىلدى، 414 ئائىلىنىڭ ئۆي ـ بىساتى، تېرىلغۇ يەرلىرى، مال ـ مۈلكى، چارۋىلىرى سۇغا غەرق بولدى ...

ئاپەت يۈز بەرگەندىن كېيىن ئاقتۇ ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى جىددىي كۈچ تەشكىللەپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش

خىزمىتىنى باشلىدى. ئۇلار ئالدى بىلەن ئاپەتكە ئېغىر ئۇچرىغان ئاھالىلەرنىڭ نۆۋەتتىكى تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئاندىن كېيىن 900مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، بۇ يېزىدىن كوسراپ يېزىسىغا باردىغان 60 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تاشيولنى جىددىي ياساپ چىقىپ، بىرىنچى تۈركۈمدە ئەڭ ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغان 150 ئائىلىنى جامالتېرەك يېزىسىدىكى 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ سېلىنغان 300 ئېغىز ئۆيگە ئورۇنلاشتۇردى. ناھىيە يەنە 190 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ، ھەربىر نوپۇسقا بىر مو بىر پۈڭدىن يەر تەقسىملەپ يەرلىرىنى بىر تۇتاش تېرىتىپ بەردى. ئىچىملىك سۇ مەسىلىسىنى تېزدىن ھەل قىلىپ بېرىپ، ھەرخىل باج - سېلىقلىرىنى بەش يىلغىچە كەچۈرۈم قىلدى. ھېيت - بايراملاردا يوقلاپ تۇردى. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار 290 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بىر باشلانغۇچ مەكتەپ سېلىپ بەردى.

قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى تەشكىللىگەن «ئۇچىنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش» ئەترىتى، ئوبلاستلىق قاتناش ئىدارىسى، «قىزىلسۇ گېزىتى» ئىدارىسى قاتارلىق ئىدارە - ئورۇنلار ۋە ئاقتۇ ناھىيىسى خامالتېرەك يېزىسى، ئاتۇش شەھىرى سۇنتاغ يېزىسى شورۇق كەنتىدىكى ئالدىن بېيىغانلار 86 مىڭ 200 يۈەن نەق پۇل، 500 خالتا ئۇن، كىيىم - كېچەك، 1000 مېتىر رەخت، 500 كىلوگرام قوناق، تۆت تونىنا بۇغداي، 10 پارچە كىگىز، 10 پارچە يوتقان ۋە باشقا ماددىي بۇيۇملار بىلەن ئالاھىدە ھال سورىدى. بۇنىڭ بىلەنلا مېھىر - شەپقەت ئۈزۈلۈپ قالمىدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن مەخسۇس كادىر ئەۋەتىپ، بۇ يېزىنىڭ

ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئىگىلەشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىنى يەتكۈزدى ھەمدە مۇھىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى.

مانا، ئاردىن ئىككى يىل ئۆتتى، بىرىنچى تۇركۇمدە كۆچۈرۈپ كېلىنگەن تاجىكلار ئولتۇراق رايونىنىڭ قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش بولۇپ، تەرەققىياتى تېزلەشتى. ئاقتۇ ناھىيىلىك تېلېگراف ئىدارىسى يېزىنىڭ ئالاقىلىشىش ئىشلىرىنى راۋانلاشتۇردى. ناھىيىلىك توك ئىدارىسى ئۇلارغا يورۇقلۇق ئاتا قىلدى. بۇنىڭ بىلەن 50 كە يېقىن دېھقان ئائىلىسى تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ سېتىۋالدى. يېقىندا ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى 70 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ئىككى تراكتور ھەل قىلىپ بېرىپ، تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق قىلىش ئۇسۇلىغا خاتىمە بەردى. دېھقانلار بۇنىڭدىن خۇرسەن بولۇشۇپ، پارتىيىگە، ھۆكۈمەتكە ئاپىرىن ئوقۇشتى.

نۆۋەتتە 2 مىليون 640 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان تاجىكلار ئولتۇراق رايونىدا دېھقانلارنى كۆچۈرۈش، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇل قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش قاتارلىق مۇھىم خىزمەتلەر جىددىي ئىشلەنمەكتە. 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان 3 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تاش ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى، 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئىچىملىك سۇ قۇرۇلۇشى، دوختۇرخانا ۋە مەكتەپ قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى. ھازىر بۇ رايوننىڭ قىياپىتى ئاستا-ئاستا ئۆزگەرمەكتە. تەرەققىيات تېزلەشمەكتە. ئەمگەكچان، باتۇر تاجىك خەلقى بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، بۇ رايوننى گۈزەل ماكان قىلىپ قۇرۇپ، بۈركۈت كەبى پەرۋاز قىلغۇسى!

**تار تاجىك مىللىي يېزىسى چارۋىچىلىق ئۇل مۇئەسسە- سەلىرىنى ياخشىلاپ، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرماقتا**

ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ تار تاجىك مىللىي يېزىسى دېھقانچىلىق ئارقىلىق چارۋىچىلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى تەڭ تۇتۇشتىن ئىبارەت يېتەكچى ئىدىيىدە چىڭ تۇرۇپ، چارۋىچىلىق ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق چىڭ تۇتۇپ، شارائىتنى ياخشىلاپ، چارۋىلارنىڭ نەسلىنى ئۆزگەرتىپ، چارۋىچىلىقنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پۇختا ئاساس سالدى.

بۇ يېزا ئالدى بىلەن ئۆز جايىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەمەلىي شارائىتىنى چىقىش قىلىپ، چارۋىلارنىڭ پەسىللەر بويىچە يۆتكىلىش شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، 8550 يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، 18 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا چارۋا يوللىرىنى ياساپ چىقتى. ئالمالىق كەنتىگە 59 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بوكس سىملىق ئاسما تاختا كۆۋرۈك سېلىپ چىقىپ، بۇ يەردىكى 20 دىن ئارتۇق چارۋىچىنىڭ چارۋىلىرىنى پەسىللەر بويىچە يۆتكەپ بېقىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ قاتناش مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلدى. قۇززى، ئالمالىق، باغئۆزى، باغ قاتارلىق تۆت كەنتتە 25 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان تۆت زامانىۋى ۋاننا قۇرۇلۇشىنى تاماملاپ، كوللېكتىپنىڭ ئىشلىتىشىگە تاپشۇرۇپ بەردى. يېڭى ئولتۇراق رايوندىكى خۇشئاباد، شىنا، ئاققۇم كەنتىدىكى 220 ئائىلىگە 408 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ 220 ئىسسىق قوتان سېلىپ بېرىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان دېھقانلارنىڭ ئىشلىتىشىگە تاپشۇرۇپ بەردى. 58 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، كۆلىمى 65 كۋادرات مېتىرلىق

نەسىللەندۈرۈش پونكىتى سېلىپ چىقتى.

بۇ يېزا يەنە چارۋىچىلىق ئۆل مۇئەسسەسەلىرىنى ياخشىلاش بىلەن بىرگە، ئىلمىي باقمىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، تاشقورغاننىڭ داڭباش چوڭ قۇيرۇقلۇق قوچقىرىدىن 270 تۇياق، ساغلىقتىن 110 تۇياق كىرگۈزدى. 3700 تۇياق قوينىڭ نەسلىنى ئۆزگەرتتى. ئۇنىڭدىن باشقا چارۋا ماللاردىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ، ۋاكسىنا ئەملەش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قاتتىق يۈرگۈزۈپ، چارۋىچىلىقنىڭ ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشىغا كۆپلەپ مەدەت بەردى.

## تار تاجىك مىللىي يېزىسى ئورمانچىلىقتا ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى

ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ تار تاجىك مىللىي يېزىسى 2002-يىلىدىن باشلاپ ئورمانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مېۋىلىك كۆچەتلەرنىڭ سورتىنى ئۆزگەرتىش، مېۋە قۇرۇتۇش تېخنىكىسىنى يېڭىلاش، دەريا ياقىسىغا مۇداپىئە ئورمىنى قويۇپ تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى تىزگىنلەش، تېرىقچىلىقتىن بوشىتىلغان يەرلەرگە ئورمان ئەھيا قىلىش، يول، ئېتىز - ئېرىق بويلىرى، هويلا - ئاراملارغا كۆچەت تىكىپ كۆكەرتىش، ئورمانلارنى قوغداش قاتارلىق ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللانغانلىقتىن، بۇ رايوننىڭ ئورمانچىلىق تەرەققىياتى تېزلەشتى.

بۇ يېزا يۇقىرىنىڭ 112 مىڭ 350 يۈەن مەبلىغىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرى 36 مىڭ 250 يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ،

ئورمانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىككە بولغان سېلىنمىنى كۆپەيتىپ، ھازىرغا قەدەر 300مىڭ توپ مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز كۆچەت قويۇپ، كۆلىمىنى تەخمىنەن 650 مىڭ مودىن ئاشۇردى. 12مىڭ 500 توپ ئۆرۈكنىڭ سورتىنى يېڭىسار سەمەت ئۆرۈكى، بارىن سوقا ياغلىق ئۆرۈككە ئۆزگەرتتى. تېرىقچىلىقتىن بوشىتىلغان 1369 مو يەرگە 113 مىڭ توپ جىگدە كۆچىتى قويدى. بۇ كۆچەتلەرنىڭ ئەي بولۇشى70% تىن يۇقىرى بولغانلىقتىن، يۇقىرىدىن بۇ يەرنىڭ ھەر موسىغا بېرىدىغان 100 كىلوگرام بۇغداي، 20 يۈەن نەق پۇل بولۇپ جەمئىي 163 مىڭ 200 يۈەن قىممىتىدىكى پۇل ۋە ئاشلىقنى دېھقانلارنىڭ قوللىرىغا تارقىتىپ بېرىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ئاساس ياراتتى. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى كەسىپنىڭ تەرەققىياتى تېزلىشىپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 249مىڭ 472 يۈەن كىرىم قىلىنىپ، دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىدىكى مۇھىم تەرەققىيات يولى بولۇپ قالدى.

## تار تاجىك مىللىي يېزىسى قاراتار رايونىدا نامراتلارنى يۆلەش بازىسى بەرپا قىلدى

ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان، قۇززى كەنتىگە قاراشلىق تۇپرىقى مۇنبەت، سۈيى مول، يايلاقلىرى گۈزەل، كەلكۈن خەۋپى يوق بىر خىلۋەت ماكان بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ قارا تار رايونى ئىدى.

قارا تار رايونىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 150 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پايدىلىنىشقا تېگىشلىك يەر كۆلىمى 97 كۋادرات كىلومېتىر. ئىلگىرى بۇ يەردە قۇززى كەنتىدىكى 28 ئائىلىلىك چارۋىچىلار يايلاقلىرىدا چارۋا باققاچ دېھقانچىلىق

بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، يامغۇر سۈيىگە تايىنىپ ئارپا، پۇرچاق تېرىپ، تۇرمۇشىنى قامداپ كەلگەنىدى. ئىسلاھات شامىلى بۇ يېزىغا يېتىپ كېلىشى بىلەن يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئالدى بىلەن قالاق ئىشلەپچىقىرىشنى بىكار قىلىپ، دېھقانلارنى ئىلمىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا يېتەكلىدى ھەمدە يېزا بويىچە نوپۇسى كۆپ كەنتلەرنىڭ بىرى بولغان قۇززى كەنتىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سىناق نۇقتىسى قىلىپ، بۇ كەنتكە قاراشلىق قاراتار رايونىنى ئېچىشنى باشلىدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ چوڭقۇر غەمخورلۇق قىلىشى ئاستىدا، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 2 مىليون 900 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ ھەل قىلىپ بېرىشى بىلەن تار تاجىك مىللىي يېزىسى قۇززى كەنتىدىكىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، قىيىنچىلىق دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى شارائىتتا توققۇز يىل تاغ پارتلىتىپ، 500 ئادەم (قېتىم) ئەمگەك كۈچى جاپالىق ئىشلەش نەتىجىسىدە، 4000 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئېرىق - ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىپ، 950 مودىن ئارتۇق يەرنى ئېچىپ، سالالاشتۇرۇپ، تېرىلغۇ يەرگە ئايلاندۇردى ھەمدە تۆت ئورۇنغا كۆۋرۈك سالدى. ئاپەتكە ئۇچرىغان قۇززى كەنتىدىكى 75 ئائىلىلىك نامرات دېھقان - چارۋىچىنى بۇ يەرگە مۇقىم ئولتۇراقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تېزدىن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشىگە مۇستەھكەم ئۇل ھازىرلىدى. بۇ يېزا يەنە 2003 - يىلى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ ھەل قىلىپ، قارا تار رايونىغا قاراشلىق قاراتار، سۇ قېتىلىش، بۇرغۇت قاتارلىق 28 ئورۇندىكى چوڭ - كىچىك تارماق ئورۇنلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى تاغ، يايلاقلىرىنىڭ

يول، سۇ قۇرۇلۇشى، ۋاقىتلىق كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، بۇ يەرنىڭ ئېكولوگىيىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، بۇ جايدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، خەلققە بەخت يارىتىپ بۇ يەرنى ئىلمىي باقمىچىلىق، باغۋەنچىلىك بازىسى قىلىپ نامراتلارنى يۆلەشتىكى ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن تىرىشماقتا.

## تار تاجىك مىللىي يېزا قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

### تار تاجىك مىللىي يېزا پارتكوم سېكرېتارى، يېزا باشلىقى ھاجىخان مەمەتنىياز

رەھبەرلەر، مېھمانلار، دوستلار، يولداشلار:

بىز بۈگۈن چەكسىز شاد ـ خۇراملىق ھېسسىياتىمىز بىلەن، ھەيۋەتلىك كوئىنلۇن تاغ باغرىغا جايلاشقان گۈزەل تار دىيارىغا جەم بولۇپ، تار تاجىك مىللىي يېزىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 45 يىللىقىنى تەبرىكلىمەكتىمىز.

بۈگۈنكى خۇشاللىقىمىز ئۇرغۇپ ئۆركەشلەۋاتقان گۈزەل پەيتتە، مەن تار تاجىك مىللىي يېزىلىق پارتكوم، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە تار يېزىسىدىكى 3800دىن ئارتۇق تاجىك خەلقىگە ۋاكالەتەن يىراق، قىيىن يوللارنى ئېغىر كۆرمەي يېزىمىزغا كەلگەن ئەزىز مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئالىمەن ۋە سىلەرگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن

1984- يىل 15- دېكابىردا تار تاجىك مىللىي يېزىسى قۇرۇلدى. بۇنىڭغا ھازىر 10 يىل بولدى.

مۇشۇ 10 يىل جەريانىدا قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم، ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ھەر جەھەتتىن سەمىمىي كۆڭۈل بۆلۈشى، ئاقتۇ ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىشى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى ئاستىدا، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە نامرات رايونلارغا قاراتقان سىياسەت فاڭجېنلىرى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، يېزىمىزنىڭ قىياپىتىدە دەۋر بۆلگۈچ غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى.

يېزىلىق پارتكوم ۋە يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى يېزىمىزدىكى ئەقىللىق، تىرىشچان تاجىك خەلقىگە باشلامچىلىق قىلىپ، پارتىيە 14- قۇرۇلتايىنىڭ چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ ۋە ئۇنىڭ روھىغا ئەستايىدىللىق بىلەن ئەمەل قىلىپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، تار يېزىسىنىڭ بېكىنمە ھالىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، بازار ئىگىلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەقىل — پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، تىرىشىپ ئىشلەش ئارقىلىق يېزىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا خېلى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق.

## 1. 10 يىلدىن بۇيان مىللىي يېزىمىزنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى

1987- يىل 3- ئايدا كوسراپ يېزىسىدىن تار يېزىسىغا تۇتاشتۇرىدىغان 56 كىلومېتىرلىق تاشيول قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلۈپ ماشىنا قاتناپ، ئەسىرلەردىن بۇيان ئىپتىنچ

ئىپتىدائىي ھالەتتە تۇرغان بۇ خىلۋەت گۈزەل تاغ جىلغىسىدا تۈنجى ئاپتوموبىل سىگنالى ياڭراپ، يېزىمىزنىڭ تارىخىي بېكىنمە ھالىتىگە خاتىمە بېرىلدى. كىشىلەر تەرەققىيات ئۈچۈن ئىنتىلىدىغان روھىي ھالەت قاينام ـ تاشقىنلىق مەنزىرىگە چۈمدى. بۇنىڭ بىلەن تار يېزىسىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا مۇھىم ئاساس سېلىندى. شۇڭا، خەلقىمىز بۇ تاشيولنى بەخت يولى، نىجات يولى دەپ تەرىپلىشىدۇ. پارتىيىنىڭ مېھىر ـ شەپقىتى مۇشۇ يول ئارقىلىق تار تاجىك خەلقىنىڭ قەلبىگە ئۈزلۈكسىز ئېقىپ كەلمەكتە. ھازىر يېزىمىزنىڭ ھەممە كەنتلىرىگە ماشىنا قاتنىيالايدۇ.

1992- يىلى 80 كىلوۋاتلىق ئىككى گېنېراتوردىن تەركىب تاپقان سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. يېزىمىزنىڭ پوچتا ـ تېلېگراف ئىشلىرىمۇ يوقلۇقتىن بارلىققا كەلمەكتە. گەرچە يېزىمىزدا پوچتا ـ تېلېگراف پونكىتى قۇرۇلمىغان بولسىمۇ، پوچتا يوللانمىلىرىنى توشۇيدىغان بىر نەپەر خادىمدىن باشقا يېقىندا يۇقىرى دەرىجىلىك پوچتا ـ تېلگراف ئورۇنلىرى يېزىمىزنىڭ تېلېفون ئالاقىلىشىش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىغا ئاساسەن سىممىسىز ئالاقىلىشىش ئاپپاراتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈش ئالدىدا تۇرماقتا.

1993- يىلى دۆلەت يېزىمىزنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن بوز يەر ئېچىپ، يەم ـ خەشەك بازىسى قۇرۇشقا خېلى زور مەبلەغ ئاجراتتى. بۇ قۇرۇلۇش ھازىر جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىقىدەك قۇرۇلۇشلار ئېلىپ بېرىلىپ، تار خەلقى

تەسۋىرلەپ ئېيتقان «پۇتىمىز توكۇر يول يوق، كۆزىمىز كور چىراغ يوق، قۇلىقىمىز گاس تېلېفون يوق» دېگەندەك قالاق هالەت ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تار يېزىمىزنىڭ ئۆتمۈش دەۋرى ئاياغلىشىپ، يېڭى دەۋرى باشلاندى. بۇنداق چوڭ ئۆزگىرىشلەر پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىلا بارلىققا كەلدى.

1993- يىلى مىللىي يېزىمىزنىڭ سانائەت يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەهسۇلات قىممىتى 1439484 يۈەنگە يېتىپ، 1984- يىلدىكىدىن 1216607 يۈەن ئاشتى. ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3590 مو بولۇپ، ئاشلىق ئومۇمىي مەهسۇلاتى 643150 كىلوگرامغا يېتىپ، 1984- يىلدىكىدىن 232076 كىلوگرام ئاشتى. چارۋىلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قوتاندىكى سانى 16424 تۇياققا يېتىپ، 1984- يىلدىكىدىن ئىزچىل ساقلاپ قالدى. ئەزالارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى 294 يۈەنگە يېتىپ، 1984- يىلدىكىدىن 224 يۈەن ئاشتى.

10 يىل مابەينىدە يۇقىرى دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تارماقلىرىنىڭ تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم ۋە مەدەت بېرىشى ئارقىلىق، يېزىمىزنىڭ چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك قاتارلىق ھەرقايسى كەسىپلەر ساغلام راۋاجلىنىشقا يۈزلەندى.

چارۋىچىلىقتا تەبىئىي ئوتلاقتا تايىنىشتىن سىرت زور كۈچ بىلەن سۈنئىي ئوتلاق يېتىشتۈرۈش، چارۋا قورۇلمىسىنى تەڭشەپ ۋە ياخشىلاپ، ئەلا سورت - تاشقورغان داڭۋاش چوڭ قۇيرۇقلۇق قوي نەسلىنى كىرگۈزۈش، يەم - خەشەك بازىسى قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى قۇرۇپ چىقىپ، تەبىئەتكە تايىنىپ چارۋا بېقىشتەك كونا ئىشلەپچىقىرىش ئادىتى پەيدىنپەي

ئۆزگەرتىلدى.

دېھقانچىلىقتا يېزا بويىچە سۇلىياۋ يوپۇق يېپىپ كۆممىقوناق تېرىش، كۆزدە تېرىلىدىغان تاڭشەن، جىممي قاتارلىق ئىلغار بوغداي ئۇرۇقى سورتىنى كىرگۈزۈش پۈتۈن يېزا بويىچە كېڭەيتىلدى ۋە ئومۇملاشتۇرۇلدى.

مېۋە سورتىنى ياخشىلاشنى يېزىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات تۈرىنىڭ بىر قىسمى قىلىپ، ئوبلاست، ناھىيەدىكى ئالاقىدار پەن - تېخنىكا ئورۇنلىرىنىڭ ئۆرۈك سورتلىرىنى كىرگۈزۈش، يېتىشتۈرۈش جەھەتتە مەدەت بېرىشى بىلەن ئۈستۈن ئاتۇش خۇۋەينىسى، بارىن يېزا سوقا باغلىق قاتارلىق ئۆرۈك سورتلىرىنى ئۆلاپ يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق، ئۆرۈكنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئەلا سورتلۇق ئۆرۈك گۈلىسىنىڭ يېزىمىزدىكى ھەربىر كىلوگىرامىنىڭ سېتىلىش باھاسى 5 يۈەنگە يېتىپ، 1984- يىلىدىكىگە قارىغاندا بىر كىلوگرام گۈلىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى 9 ھەسسىدىن ئېشىپ كەتتى.

ئاقتۇ ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن 1993- يىلى يېزىمىزدا مۇستەقىل ئامانەت قەرز كوپراتىپى تەسىس قىلىنىپ، پۇل - مۇئامىلە ئىشلىرى جانلاندۇرۇلدى. ئۆتكەن يىلى يېزا ئامانەت قەرز كوپراتىپىنىڭ ئومۇمىي ئوبوروت سوممىسى 1 مىليون 600 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1984- يىلىدىكىدىن تۆت ھەسسە ئاشقان.

يېزىلىق تەمىنات سودا كوپراتىپى يېزىمىزنىڭ ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمىتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ سېتىۋېلىش، سېتىپ چىقىرىش، تەمىنلەش جەھەتلەردىكى تىجارەت ئىشلىرى ياخشىلاندى. يېزا

ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتى، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا سېتىۋېلىپ ۋە سېتىپ چىقىرىپ، چارۋىچىلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمى ۋە تەمىنات سودا كوپېراتىپىنىڭ پايدا كىرىمىنى يىلمۇ - يىل ئاشۇردى. 1993- يىلى ئومۇمىي سېتىپ چىقىرىلغان تاۋار 440 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1984- يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 280 مىڭ يۈەن ئاشقان. 1993- يىللىق پايدا - باج 147مىڭ يۈەن بولۇپ 1984- يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 102 مىڭ يۈەن ئاشقان. ئىلگىرى خۇسۇسىي يەككە تىجارەتچىلەر يوق ئىدى، ھازىر خۇسۇسىي سودا - سېتىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار كۆپىيىپ، ئەزەلدىن سودا بىلەن شۇغۇللانمايدىغان تار يېزىسىدىكى تاجىك خەلقى بازار ئىگىلىكىنىڭ قاينام - تاشقىنلىرىغا قوشۇلۇپ كەتتى.

## 2. يېزىمىزنىڭ مەدەنىي مائارىپ، سەھىيە - ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى كۈنسېرى ساغلام راۋاجلاندى

ھازىر يېزىمىزدا بىر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، تۆت باشلانغۇچ مەكتەپ، 58 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى، 760 نەپەر ئوقۇغۇچى بار. ئومۇمىي ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىچىدە ئالىي مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر 37 نەپەر، تولۇق ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر سەككىز نەپەر بولۇپ، ئوقۇتۇش سۈپىتى يىلدىن - يىلغا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ يېزىمىزدىن ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا خېلى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

سەھىيە جەھەتتە بىر دوختۇرخانا، بەش داۋالاش نۇقتىسى،

بىر يۈقۇملۇق كېسەللىكەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، توققۇز نەپەر كەسپىي تېخنىك خادىم، ئالتە نەپەر كەنت دوختۇرى بولۇپ، ئۇلار پۈتۈن يېزىنىڭ سەھىيە ـ ساقلىقنى ساقلاش، داۋالاش ئىشلىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىلىرىنى قوشماقتا.

مىللىي يېزا بولۇپ قۇرۇلغان 10 يىلدىن بۇيان يېزىمىزنىڭ پارتىيە تەشكىلاتى ۋە ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلىپ، ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز خوجا بولۇش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىمىز تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى. پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن تاجىك مىللىتىدىن بولغان ھەردەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى، پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، يېزىمىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرققىياتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىپ بەردى. ھازىر يېزا بويىچە يەتتە پارتىيە ياچەيكىسى، 155 نەپەر پارتىيە ئەزاسى، ئالتە ئىتتىپاق ياچەيكىسى، 129 نەپەر ئىتتىپاق ئەزاسى، 137 نەپەر دۆلەت كادىرى ۋە پەن ـ تېخنىكا خادىمى بار. ئۇلار پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ جان دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ باشلامچىلىق ۋە تايانچلىق رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا تار تاجىك مىللىي يېزىسى قۇرۇلغان 10 يىل جەريانىدا ئاسمان ـ زېمىندەك زور ئۆزگىرىشلەر ۋە تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. بۇ تەرەققىياتلارنى ئوبلاستلىق

پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ۋە پەن - تېخنىكا تارماقلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىشى، قېرىنداش ناھىيە، يېزىلارنىڭ ياردىمىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

مەن مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن تار خەلقى نامىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت، پەن - تېخنىكا ئورۇنلىرى، قېرىنداش، قوشنا ناھىيە، يېزىلارغا چىن قەلبىمدىن سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمەن.

يېزىمىزنىڭ يوشۇرۇن كۈچى زور، تەبىئىي بايلىقى مول، بولۇپمۇ مېۋە - چېۋە ياخشى ئۆسىدۇ. كان مەھسۇلاتلىرىدىن كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، قاشتېشى... قاتارلىق ھەرخىل مەدەنلەر بار بولۇپ، بۇلارنى قېزىپ، ئوبوروت يوللىرىنى ئېچىپ پايدىلىنىپ، تەبىئىي بايلىقنى ئىقتىسادىي بايلىققا ئايلاندۇرۇش، مېۋىگە ئىش قوشۇش، سېتىش جەھەتتە ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ، شەخسلەرنىڭ مەبلەغ سېلىپ ھەمكارلىشىشىنى قارشى ئالىمىز. ھەممە مىللەت باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدا ئورتاق گۈللىنەيلى.

## تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ 98- يىللىق خىزمەت دوكلاتى

1. 1998- يىلى يېزا بويىچە ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 42417758 يۈەنگە يېتىپ، 1997- يىلدىكىدىن 12% ئاشۇرۇلدى، يەنى 540483 يۈەن.

1998- يىلى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمى 802.27 يۈەنگە يېتىپ، 1997-

يىلىدىكىدىن 11%، 93 يۇەن ئاشۇرۇلدى.

1998- يىلى ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتىنى 755303 كىلوگىرامغا يەتكۈزۈپ، 1997- يىلىدىكىدىن 5%، 40304 كىلوگىرام ئاشۇرۇلدى، بىرلىك مەھسۇلاتى 216 كىلوگىرامغا يەتكۈزۈلدى.

1998- يىلى قوتاندا ساقلاپ قالغان چارۋا 18015 تۇياق بولۇپ، 1997- يىلىدىكىدىن 3%، 600 تۇياق ئاشۇرۇلدى. 1998- يىللىق چارۋىلارنىڭ تاۋارلىشىش نىسبىتى 32% كە، يەنى 7500 تۇياققا يەتكۈزۈلدى. نەسلى ياخشىلانغان چارۋا 5400 تۇياققا يەتكۈزۈلدى.

1998- يىلى تەييارلانغان ئوت - چۆپ 2702250 كىلوگىرام، ھەربىر تۇياق چارۋا ئۈچۈن 150 كىلوگىرامدىن، تەييارلانغان يەم 324270 كىلوگىرام، ھەر بىر تۇياق چارۋا ئۈچۈن 18 كىلوگىرامدىن، يېڭىدىن سېلىنغان قوتان 154 ئېغىز، ياسالغان چارۋا يولى 4 كىلومېتىر، ئولتۇراقلاشتۇرۇلغان چارۋىچى ئائىلىسى 22 گە يەتتى.

قوشۇمچە ئىگىلىك، باغۋەنچىلىك جەھەتتە، ئەمگەك كۈچىنى تاۋارلاشتۇرۇش، مېۋە سورتىنى ياخشىلاش ئارقىلىق، ئىقتىسادىي كىرىم ئاشۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن چارۋىچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئومۇمىي كىرىمنىڭ 52% ىنى، دېھقانچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئومۇمىي كىرىمنىڭ 37% ىنى، باغۋەنچىلىك ئومۇمىي كىرىمنىڭ 5% ىنى، قوشۇمچە ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمنىڭ 6% ىنى ئىگىلەپ، 1997- يىلىدىكى ئومۇمىي كىرىمدىن 12% ئاشۇرۇلدى.

يېزا ئىگىلىك كىرىمى خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، يەر تۈزەش، سۇ سىڭىمەسلەشتۈرۈش ئېرىقلىرىنى ياساش، تاشيول، سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى، يول، كۆۋرۈك قاتارلىق ئاساسىي

قوروْلوْش چىلك توْتوْلدى. تەشكىللەش، يېتەكلەش، مەبلەغ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە نوْقتىلىق ئەھمىيەت بېرىلىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شەرت - شارائىتى بىرقەدەر ياخشىلاندى.

يېزىمىزنىڭ تەبىئىي شارائىتىدا دەريا پەس، زېمىن ئوْستوْن بولوْپ، ئوموْمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 65%ى بوْلاق سوْيى بىلەن سوْغىرىلغاچقا، قوْرغاقچىلىق توْپەيلىدىن بوْلاق سوْلىرى ئازلاپ، سوْ قىيىنچىلىقى ئېغىر بولماقتا. بىز سوْ قوروْلوْشىنى ئاساسىي نوْقتا قىلىپ، بولمايدىغانلىقىنى تونوْپ، 1998- يىل 2- ئايدىن 6- ئايغىچە قوْرغاق، سوْ كەمچىل بولغان ئالمالىق كەنتىدە 6 كىلومېتىرلىق، باغوْزى كەنتىدە 4 كىلومېتىرلىق سوْ سىڭمەسلەشتوْروْش قوروْلوْشى، 3 كىلومېتىرلىق تاغ پارتلىتىپ دەريا سوْيىنى باشلاش قوروْلوْشى، بەلدىر كەنتىدە 4 كىلومېتىرلىق سوْ سىڭمەسلەشتوْروْش قوروْلوْشى، قوْززى كەنتىدە 4 كىلومېتىر دەريا سوْيىنى باشلاش قوروْلوْشى ئېلىپ بېرىپ، جەمئىي 21 كىلومېتىر سوْ قوروْلوْشىنى پوْتكوْزوْپ، تارىخىي خاراكتېرلىك تەرەققىيات پوْرسىتىگە ئىگە بولوْپ، 1425 مو تېرىلغۇ كۆلەمىنىڭ، 41 مىڭ توْپ ئورمانىنىڭ سوْغىرىلىش شارائىتى ياخشىلاندى. بوْ ئاساسىي قوروْلوْشقا ئەمگەك كوْچىدىن باشقا 119920 يوْەن مەبلەغ سېلىنىپ، بوْنىڭدىن دۆلەت ياردەم بەرگىنى 50000 يوْەن، يېزا، كەنت، شەخسلەر چىقارغان مەبلەغ 69920 يوْەن.

2. يېزىمىز ئىچىدىكى 42 كىلومېتىرلىق تاش يول كەلگوْن ئاپىتى بىلەن ئېغىر دەرىجىدە بوْزوْلغاچقا، 550 نەپەر ئەمگەك كوْچى بىلەن 21 كوْن جاپالىق ئىشلەپ، 14900 يوْەن مەبلەغ سېلىنىپ قاتناشقا كاپالەتلىك قىلىندى.

3. 1998- يىل 6- ئاينىڭ 25- كۈنى يېزىمىزنىڭ 1-، 2-، 3-، 4- كەنتلىرىدە ئېغىر يامغۇر ئاپىتى يۈز بېرىپ، ئادەم ئۆلۈش، ئۆلتۇراق ئۆي، قورۇ - قوتان، تېرىلغۇ يەر، ئورمان، چارۋا، ئوقۇتۇش بىنالىرى قاتارلىق جەھەتلەردە ئېغىر ئىقتىسادىي زىيان بولدى. يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى جىددىي ھالدا ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش، خەتەردىن قۇتقۇزۇشقا تەشكىللەپ، ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇش قانات يايدۇرۇلۇپ، يۇرت - ماكانىنى قايتا قۇرۇشقا ئاتلاندى.

بۇ ئەھۋالدىن ئوبلاستلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ھال سوراش ئۆمەكلىرى ئاپەت يۈز بەرگەن ئورۇنغا كېلىپ، پارتىيە، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپەت رايونىدىكى خەلققە بولغان غەمخورلۇقى تولۇق نامايان قىلىندى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار يۇرت - ماكانىنى قايتا قۇرۇشىمىزغا 85685 يۈەن نەق پۇل بىلەن ھال سوراپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە زور ياردەم قولىنى سۇندى.

ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغان 104 ئائىلىنىڭ ئاشلىق زىيىنى، مال - مۈلۈك زىيىنى، ئولتۇراق ئۆي قاتارلىق زىيانلارنىڭ بىر قىسمىنى ھەل قىلىپ، ئۆلارنىڭ تۇرمۇشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 11 كىلومېتىرلىق ئېرىق - ئۆستەڭ، 10 كىلومېتىرلىق يايلاق يولى قايتا ئىشلەندى.

4. 551 ئەمگەك كۈچى 21 كۈن جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، توك بىلەن تەمىنلەش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

5. چارۋىچىلارنىڭ مۇقىم ئولتۇراقلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، 50 ئائىلىنى يازلىق، قىشلىق يايلاق ئورۇنلىرىدا مۇقىم ئولتۇراق ئۆي، قورۇ - قوتان ئومۇملاشتۇرۇلدى.

6. 1998- يىلى 50000 يۈەنگە كىچىك تېپىتىكى 100 دانە سىيالكا سېتىۋېلىپ 1370 مو كىرىشتۈرۈپ كۆزگى بۇغداي تېرىلدى. 1999- يىللىق تونناق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ئاساس سېلىندى.

7. پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ ئىدىيۋى قۇرۇلۇشى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشىدا چىڭ تۇرۇپ، هۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش، يۇقىرىنىڭ ۋە خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردۇق.

8. نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، ئۆزكۈچىگە تايىنىش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئىش تېپىپ بېرىش، تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز مەبلىغى ئارقىلىق يۆلەش ئۇسۇللىرى بىلەن 136 ئائىلە، 680 نوپۇس نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

9. يېزىمىزنىڭ مائارىپ خىزمىتى چىڭ تۇتۇلۇپ، ئوقۇش يېشىدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى، باشلانغۇچ مائارىپىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش نىسبىتى 97% كە يەتكۈزۈلدى.

10. پىلانلىق تۇغۇت، ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، پىلاندىن ئارتۇق پەرزەنتلىك بولماسلىق تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىلدى. ھەمكارلىق داۋالاش يولغا قويۇلۇپ، خەلقنىڭ تەن ساغلاملىقى ئاشۇرۇلدى.

## تار تاجىك مىللىي يېزىسىدا يۈز بەرگەن كەلكۈن ئاپىتى ئەھۋالى

بىز يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك، تار تاجىكلىرى كوممۇ-

نىستىك پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ئەمگەكچان خەلقنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئاستىدا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش پۇختا قەدەم بىلەن راۋاجلىنىپ، خەلق تۇرمۇشى يىلدىن ـ يىلغا ياخشىلىنىپ، مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا، سەھىيە ـ ساقلىقنى ساقلاش، قاتناش، پوچتا ئالاقىلىشىش قاتارلىق ھەر ساھە ئىشلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، كىچىكلىكتىن زورىيىپ، كىشىنى خۇشال قىلىدىغان غايەت زور نەتىجىلەر ۋە ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىپ، خەلق چەكسىز شادلىققا، بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتى. بىراق، 1999-يىل 8- ئاينىڭ 1- كۈنى (يەكشەنبە) شۇ يەرنىڭ ۋاقتى بىلەن كەچ سائەت 7 ئەتراپىدا، تەخمىنەن سەككىز سائەت قاتتىق يامغۇر يېغىپ، تاغ جىلغىلار، ئاساسلىقى باغۇزى كەنتى، بەلدىر كەنتى، قۇززى كەنتلىرىدىكى جىلغىلاردىن چىققان دەھشەتلىك كەلكۈن سۈيى دەريا سۈيىگە قوشۇلۇپ، غايەت زور تەبىئىي سۇ دولقۇنىنى ھاسىل قىلىپ، تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان زور كەلكۈن ئاپىتى پەيدا قىلىپ، خەلقنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلكىگە، جامائەت ئەسلىھەلىرىگە ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈردى.

25 ئادەم كەلكۈن ئاپىتىدە ئېچىنىشلىق ھالدا ئېقىپ ئۆلدى، 35 ئادەم ئېغىر يارىلاندى. 414 ئائىلە، 2402 ئادەم ئۆي-ماكانسىز، مال ـ مۈلۈكسىز قالدى. 3000 مو تېرىلغۇ يەر، 330 تونna ئاشلىق، 10442 تۇياق چارۋا، 62451 تۈپ ئورمان، 85 كىلومېتىر تاشيول، 5 بېتون كۆۋرۈك، 16 ياغاچ كۆۋرۈك، چارۋا يوللىرى، قورۇ ـ قوتان قاتارلىقلار ئېقىپ كېتىپ، پۈتۈن يېزىدىكى خەلق 27 ئورۇندىكى كىچىك مەھەللىدە قامىلىپ قېلىپ، ئۆزئارا ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالدى. بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۈچ

باشلانغۇچ مەكتەپ، ئۈچ ئوقۇتۇش نۇقتىسىنى كەلكۈن ئېقىتىپ كېتىپ، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشتىن قالدى. يېزىلىق ھۆكۈمەت، شىپاخانا، مەدەنىيەت پونكىتى، چارۋا مال دوختۇرلۇق پونكىتى، 80 كۋادراتلىق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئۈچ ئورۇندىكى سۇنئىي ھەمراھ يەر يۈزىدىن قوبۇل قىلىپ تارقىتىش تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، تۆت يۈك ماشىنا، 13 موتسىكلىت، 19 كىچىك سودا ماگىزىنى قاتارلىق جامائەت ئەسلىھەلىرىنى ئېقىتىپ كېتىپ، 44 مىليون 353 مىڭ 903 يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان كەلتۈرۈپ، تار تاجىك مىللىي يېزىسىدىكى خەلقنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئۆنتۈلماس جاراھەت قالدۇردى.

كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەرگەندىن كېيىن ئاقتۇ ناھىيىسى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنىڭ يۇرت ـ ماكانىنى قايتا قۇرۇشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، ئاقتۇ ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ ئاپەتتىن كېيىنكى ئىشلەپچىقىرىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە زور مالىيە كۈچى ئاجرىتىش بىلەن بىرگە، قابىل خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، كەلكۈندىن كېلىپ چىققان زىياننى ئەڭ زور دەرىجىدە ئازايتتى ۋە ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلق تۇرمۇشىنى دەسلەپكى قەدەمدە ياخشىلىدى.

2000- يىل 7- ئاينىڭ 4- كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سابىق رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ بىۋاسىتە رىياسەتچىلىكىدە تار تاجىك مىللىي يېزىسىنى قايتا قۇرۇش

مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىرى، دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك نازارەتنىڭ مەسئۇل رەھبەرلىرى، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلق ۋەكىللىرىدىن ئارمان قۇربان، ھاجىخان مەمەتنىياز، دارمان قۇربان قاتارلىقلار قاتناشقان. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ كەلكۈن ئاپەت ئەھۋالى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى ۋە قايتا قۇرۇش توغرىسىدىكى لايىھىسىنى مۇھاكىمە قىلدى. رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇھاكىمە يىغىنىدا مۇھىم يوليورۇق بەردى ۋە كونكرېت ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇردى: دەسلەپكى قەدەمدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلار نازارىتى، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىشخانىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىن خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، تار يېزىسىغا بېرىپ ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقتىن ھال سورىدى، ئاپەتتىن كېيىنكى قايتا قۇرۇش خىزمىتى توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. 493 مىڭ يۈەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلى، 150 دانە لاپاس ئۆي، 200 دانە يوتقان - كۆرپە، 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئولتۇراق ئۆي سېلىش مەبلىغى ئاجرىتىپ، ئاپەت رايونىدىكى خەلقنى غەم-ئەندىشىدىن خالاس قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ، يۇرت - ماكانىنى قايتا قۇرۇش ئىشەنچىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى.

ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ناھىيە ئۈچ دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشى، يېتەرلىك مەبلەغ ئاجرىتىپ بېرىشى ئارقىلىق، ئاپەت يۈز بەرگەن رايوندىكى خەلق ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ جامالتېرەك يېزىسى

قەدىمىي بارگاھ شەھىرى (قارا ساقالتام ئاتا) ئىچىش رايونىدىن 15 مىڭ مو بوز يەر ئاجرىتىپ ئۇلارنى يېڭى ماكانغا ئىگە قىلدى. دۆلەت ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن 13 مىليون 640 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ ئاجرىتىپ، 414 ئائىلىلىك ئولتۇراق ئۆي سېلىپ بەردى. ئۈچ مەكتەپ، بىر دوختۇرخانا، بىر سۇ زاۋۇتى قۇرۇلدى، توك سىمى تارتىلدى، 9.5 كىلومېتىرلىق قاراماي يولى ياسالدى، يېزا ئىگىلىك سۇ ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى، كۆچۈپ كەلگەن ھەر بىر ئائىلىگە پىششىق خىشلىق قوتان سېلىپ بەردى. مىللىي يېزىلىق پارتكوم، ھۆكۈمەت ئىش بېجىرىش ئىشخانىسى قۇرۇلۇشى قايتا قۇرۇلۇپ ئىشقا سېلىندى. ئاپەت يۈز بەرگەن يېقىنقى ئۈچ يىلدا جەمئىي 384 ئائىلە، 1804 ئادەم كۆچۈرۈلۈپ، خەلقنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا پۇختا ئاساس سېلىندى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بولمىغان بولسا تار تاجىكلىرىنىڭ يېڭى ھاياتى بولمىغان بولاتتى. بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، كەلكۈن ئاپىتى تۈپەيلىدىن تار تاجىكلىرى ئۆزگە بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلىپ كەلگەن بۇ قەدىمىي گۆھەر زېمىندىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ شانلىق نۇرى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سەمىمىي ياردىمى ئاستىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەربىي رايونلارنى ئېچىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىلىك فاڭجېنىنىڭ تۈرتكىسىدە تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ قىياپىتىدە، جۈملىدىن تاجىك خەلقىنىڭ ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇشىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگۈسى.

# ج ك پ تار تاجىك مىللىي يېزىلىق كومىتېتىنىڭ 7- قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن سۆز

شى شياۋ مىڭ

ۋەكىللەر، يولداشلار:

بۇ نۆۋەتلىك پارتكوم 1999- يىل 1- ئايدىن باشلاپ ۋەزىپە ئۆتىگەن بولۇپ، ھازىر ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشتى. شۇڭا، مەن ج ك پ تار تاجىك مىللىي يېزىلىق 6- نۆۋەتلىك كومىتېتىغا ۋاكالىتەن قۇرۇلتايغا ئۆتكەنكى ئۈچ يىللىق خىزمەتلەردىن دوكلات بېرىمەن، شۇنداقلا يېڭى نۆۋەتلىك پارتكومنىڭ خىزمەتلىرىگە قارىتا تەكلىپ بېرىپ ئۆتىمەن، قاراپ چىقىشىڭلارنى سورايمەن.

## 1. ئۆتكەن ئۈچ يىللىق خىزمەتلەرگە نەزەر

1) ئاپەتتىن كېيىنكى تار يېزىسىنىڭ ئىقتىسادىي جايلىشىش ئەمەلىيىتى ۋە ھازىرقى ھالىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قايتا قۇرۇش قەدىمىنى تېزلەتتۇق. ئۈچ يىلدىن بۇيان يېزىلىق پارتكوم پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىدىيىۋى لۇشيەنى ۋە جاپا- مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىش، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىستىلىنى يېزىمىزنىڭ تۇرلۇك خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، تارىختا ئاز

كۆرۈلىدىغان كەلكۈن ئاپىتى ئېلىپ كەلگەن ۋەيران قىلىش خاراكتېرلىك بوزغۇنچىلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى يىلدىن - يىلغا ياخشىلىدۇق.

2001- يىلى يىل بېشىدا قوتاندىكى چارۋا 11232 تۇياق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چىشى چارۋا 6965 تۇياققا يەتتى، يىل ئاخىرىدا قوتاندىن چىقىرىلغىنى 4778 تۇياق بولۇپ قوتاندىن چىقىش نىسبىتى 56% كە يەتتى، ئۆتكەن يىل يىل ئاخىرىدا قوتاندىكى چارۋا 11456 تۇياققا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 224 تۇياق، ئىككى پوئېنىت ئاشتى.

2) چارۋىچىلىق رايونى دېھقانچىلىقىنى پائال ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە زور كۈچ سەرپ قىلىپ، يېڭى رايونىڭ يېزا ئىگىلىك، سۇ ئىنشائاتى يورۇشلەشمە ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، تۇپراقنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلىدۇق.

(1) چارۋىچىلىق رايونلىرى يېزا ئىگىلىكىنى يىلدىن - يىلغا ئەسلىگە كەلتۈردۇق. ئاپەتتىن كېيىن يېزىمىزنىڭ دېھقانچىلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 4000 مودىن 500 موغا چۈشۈپ قالدى. بۇ مۇشۇ تۇپراقتا ياشاۋاتقان ئاممىغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، هاياتلىقنىڭ بىردىنبىر ئاساسى بولغان زېمىندىن مەھرۇم بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شەپقەتسىز رېئاللىق ئالدىدا، تار يېزىلىق پارتىيە، هۆكۈمەت ۋە خەلق ئاممىسى ئاپەت ئالدىدا قىلچىمۇ مەيۇسلەنمەي، يېزىمىزدىكى پۈتۈن خەلقنى يېتەكلەپ، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوم ۋە هۆكۈمەتلەرنىڭ توغرا رەهبەرلىكىدە، ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇش، دېھقانچىلىق ئاساسىي ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، دېھقانچىلىق تېرىلغۇ كۆلىمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى پائال قانات يايدۇرۇپ، 2001-

يىلى چارۋىچىلىق رايونىدىكى دېھقانچىلىق تېرىلغۇ كۆلىمىنى 1910 موغا يەكۈزدى. بۇنىڭ ئىچىدە: بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمى 810 مو، قوناق تېرىلغۇ كۆلىمى 624 مو، ئارپا تېرىلغۇ كۆلىمى 476 مو بولۇپ ئومۇمىي مەھسۇلات 610 توننىغا يېتىپ، ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش نىسبىتىنى ئۇزلۇكسىز يۇقىرى كۆتۈردۇق.

(2) پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ شانلىق نۇرى ئاستىدا بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، يېڭى رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك، سۇ ئىنشائاتى ئاساسىي يۇرۇشلەشمە ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنى مەركەز قىلغان تۆرلۈك خىزمەتلەرنى كۈچلۈك، ياخشى ئىشلىدۇق. يېزا ئىگىلىك ئاساس، شۇنداقلا يېڭىدىن قۇرۇش رايونىنىڭ باشلامچىسى، خىزمەتتىمۇ مۇھىمىنىڭ مۇھىمى قىلدۇق.

ئەسلىدىكى ناھىيىلىك ئورگان دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى 600 مو يەر ئاساسىدا 1000 مو يەر تۈزلەپ، 1600 مېتىر ئېرىق چېپىپ، 3500 مېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياساپ، 300 مو يەرگە 75 مىڭ تۈپ ئورمان تىكىپ، 18 مىڭ مېتىر ئېتىز يولى ياساپ، 12 مىڭ مېتىردەك توك سىمى تارتىپ، تار يېزىسىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇزاق مەزگىللىك تەرەققىياتى ئۈچۈن رامكا شەكىللىك ئاساس سالدۇق. 2001- يىلى يېڭىدىن قۇرۇش رايونىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 1600 مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي كۆلىمى 600 مو، قوناق تېرىلغۇ كۆلىمى 600 مو، ئىقتىسادىي زىرائەت كىرىشتۈرۈپ تېرىلغان كۆلەم 1000 مو بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 61 توننىغا يەتتى.شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دېھقان - چارۋىچىلارنى باقمىچىلىق ۋە مۇلازىمەت كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پائال يېتەكلەپ ۋە قوللاپ ھەم تۈزلەڭلىككە كۆچۈرۈلگەن چارۋىچىلارنىڭ ئىدىيىسىنى

ئازاد قىلىپ ھەم نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇردى. 2001-يىلى تاريېزىسىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 2 مىليون 190 مىڭ يۈەن دېھقانچىلىق كىرىمى 550 مىڭ يۈەن، مولازىمەت كەسپىدىن قىلغان كىرىم 300 مىڭ يۈەن بولۇپ، كىشى بېشى كىرىمى 405 يۈەنگە يەتتى.

3) مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە خىزمىتىنى نورمال يولغا سالدۇردۇق. مائارىپ ئىشلىرىدا ئىنتايىن جاپالىق مۇھىتتا، «توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش» ۋە ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلار ئارىسىدىكى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلاندى. ئاپەتتىن كېيىن يېڭىدىن بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، ئىككى باشلانغۇچ مەكتەپ سېلىندى، يېزا بويىچە ئوقۇتقۇچى 68 نەپەر، باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 1020 نەپەرگە، ئوقۇش يېشىدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 99% كە ئۆرلەش نىسبىتى 89% كە يەتتى. پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە ئۇدا ئۈچ يىل ئارتۇق پەرزەنت كۆرمەسلىك ئىشقا ئاشۇرۇلدى، يېزىدىكى يۇقىرى- تۆۋەن پىلانلىق تۇغۇت مەخسۇس كادىرلىرى ۋە سەككىز نەپەر تەشۋىقاتچى ئورتاق تىرىشىش ئارقىلىق يېزا بويىچە نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 14‰ ئىچىدە كونترول قىلىنىپ، ئاياللارنىڭ تۇغۇت چەكلەش نىسبىتى 99% كە يەتتى، پۈتۈن يېزىدىكى ئانا - بالىلارنىڭ بىخەتەرلىك ئېڭى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، يېزا بويىچە بەش كەنت پىلانلىق تۇغۇتتا لاياقەتلىك كەنت ئۆلچىمىگە يەتتى. 2001 - يىلى يىل ئاخىرىدا، يېزا بويىچە ئومۇمىي نوپۇس 850 ئائىلە، 4113 ئادەم بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر نوپۇسى 237 ئادەم، چارۋىچى 3876 ئادەم.

يېزىنىڭ سەھىيە - داۋالاش شارائىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى، 99- يىلى يېزىلىق دوختۇرخانا ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغان بولۇپ، نەچچە يىللىق تىرىشىش ئارقىلىق، 400 كۋادرات مېتىرلىق دوختۇرخانا يېڭىدىن سېلىندى. 2001- يىلى يېزا بويىچە بالىلارغا ۋاكسىنا ئۇرۇش نىسبىتى 100% كە يەتتى.

4) يېزا - كەنت بەنزىسى ۋە كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، پارتىيە تەشكىلىنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقى، جەڭگىۋارلىقى ۋە يادرولۇق ھەم قورغانلىق رولى ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئۈچ يىلدىن بۇيانقى كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋە ئاپەتتىن كېيىنكى قايتا قۇرۇش بولسا، تار يېزىسىدىكى يېزا ۋە كەنت بەنزىسى سىناققا بەرداشلىق بەرگەن، تار يېزىسىدىكى پارتىيە بىلەن ئامما، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلاشقان ئۈچ يىل بولدى. ئۈچ يىلدىن بۇيان، يېزىلىق پارتكوم بەنزىسىنىڭ سىياسىي، ئىدىيە، تەشكىل، ئىستىل، تۈزۈم قۇرۇلۇشى ۋە كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇشقا ماھىر بولۇپ، پارتكوم مەركىزىي گۇرۇپپىنىڭ «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس» تۈزۈمى ئارقىلىق، پارتىيە 15- قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى مۇھىم فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى پىلانلىق ھالدا ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، بارلىق كادىرلار ئارىسىدا «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش تەربىيىسى پائالىيىتىنى ئۇزاققىچە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن يېزىدىكى كەنت پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنىڭ ئىدىيە، خىزمەت ئىستىلىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى. ئاساسىي قاتلام كەنت دەرىجىلىك پونكىت ئورۇنلارنىڭ بەنزە قۇرۇلۇشىدا،

قابىلىيەتلىكلىرىنى ئىشقا قويۇش پرىنسىپى ئىزچىللاشتۇ- رۇلۇپ، قابىللىرىنى ئىشقا قويۇش، ناچارلىرىنى چۈشۈرۈۋېتىش فاكچىنىنى يولغا قويدۇق، 1999- يىلىدىكى تۈنجى قېتىملىق كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا چارۋىچىلار ھىمايە قىلىدىغان، مەدەنىيەتلىك، كەسىپچانلىققا ئىگە، ئىدىيىسى ياخشى، سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ۋە ئىش بېجىرىدىغان بىر تۈركۈم ياشلار كەنت دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسگە سەپلەندى ھەممە يېزىلىق ئورگاندىن بىرقانچە نەپەر سىياسىي جەھەتتە لاياقەتلىك، مەدەنىيەتلىك، ياش پارتىيە ئەزالىرى كەنتلەرگە ئەۋەتىلىپ، مۇناسىپ ۋەزىپىگە قويۇلۇپ چېنىقتۇرۇلۇپ، كەنت دەرىجىلىك بەنزىلەرنىڭ زاپاس كادىرلىرى بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىدا، كەنت ۋە پونكىت ئورۇنلارنىڭ ئىش بېجىرىش سورۇنى بولماسلىقتەك ھالىتىگە خاتىمە بېرىلىپ، ئاساسلىقى قوشۇننىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى ۋە قوشۇن قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتتى. 2001- يىلى ئالاقىدار تەشكىلىي تەرتىپ بويىچە، يېڭىدىن قۇرۇش رايونىدا ئۈچ كەنت دەرىجىلىك پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قوشۇن قۇرۇلۇشىدا «كىرىش ئۆتكىلى» نى قاتتىق ئىگىلەپ، پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنى پائال مۇقىم تەرەققىي قىلدۇردۇق. 2001- يىلىنىڭ ئاخىرىدا يېزا بويىچە پارتىيە ئەزاسى 215 نەپەرگە، ئىنتىپاق ئەزاسى 430 نەپەرگە يەتتى.

5) يەكەن - تاشقورغان - تار يېزىسىغىچە بولغان يول تار يېزىسىدىكى تاجىك خەلقىنىڭ ھاياتلىق لىنىيىسىدۇر.

ئاپەت يۈز بەرگەندىن كېيىن، تار يېزىسىغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، يولنى راۋانلاشتۇرۇش ــ ھاياتلىقنى داۋاملاشتۇرغانغا ئوخشاش ئىش بولۇپ قالدى. ئاپەت يۈز بەرگەندىن كېيىن يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاستىدا يېزىمىزدىكى بارلىق كادىرلار بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، يولنى بۆلەكمۇ بۆلەك ياساپ چىقتى. بىرقانچە ئايلىق جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، يەكەن بىلەن تار ئارىلىقىدىكى ھاياتلىق لىنىيىسى ئومۇمىيۈزلۈك تۇتاشتۇرۇلدى. يول ياساش جەريانىدا، كادىرلار ۋە ئامما ئوچۇقچىلىقتا يېتىپ ـ قوپۇپ، قورۇق نان غاجاپ، ئۇسسىغاندا مۇزدەك ئېقىۋاتقان زەرەپشان دەرياسى سۈيىنى ئىچىپ، ئۇيقۇسى كەلگەندە، شامالغا دالدا بولغۇدەك قورام تاش كەينىدە ئۇخلىدى. شۇڭا، مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن يېزىلىق پارتكوم، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە پۈتۈن يېزىدىكى خەلققە ۋاكالىتەن يول ياساشقا قاتناشقان بارلىق كادىرلار ۋە ئاممىغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن! سىلەر ئارقىلىق يول ياساش جەريانىدا يارىلانغان، ۋاپات بولغانلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن سەممىي ھال سورايمەن.

6) پارتىيىنىڭ شەپقىتى تاغدىنمۇ ئۇلۇغ بولدى

(1) تار يېزىسى بىلەن سىرتنىڭ قاتناش يولىنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاپەتتىن كېيىن ئۈچ يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، دۆلەت ئالدى ـ كەينى بولۇپ ئىككى قېتىمدا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، يەكەن بىلەن تار ئارىلىقىدىكى يولنى قايتا قۇرۇپ چىقتى. چارۋىچىلىق رايونىدا 10 ئاسما كۆۋرۈك، يەتتە ياغاچ كۆۋرۈك، يېڭىدىن قۇرۇش رايونىدا 10 كىلومېتىر شېغىل يول ياساپ، ئاپەتتىن كېيىنكى ئەسلىگە

كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى ۋە يېڭىدىن قۇرۇش، شۇنداقلا كۆچۈرۈپ ئولتۇراقلاشتۇرۇش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

(2) ئاپەتتىن كېيىن تار يېزىسىنىڭ ئىشقا ئاشۇرىدىغان تەرەققىيات تەسەۋۋۇرى كۆچۈرۈپ ئولتۇراقلاشتۇرۇش بولدى. شۇڭا، دۆلەت تار يېزىسىنى يېڭىدىن قۇرۇشقا ھەقسىز 11 مىڭ مو يەر ئاجرىتىپ بەردى ھەمدە ئاپەتكە ئېغىر ئۇچرىغان 414 ئائىلىنى تۆۋەنگە كۆچۈرۈپ ئولتۇراقلاشتۇرۇشقا 4 مىليون 140 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئۆي سېلىپ بېرىپ، ئاپەتتىن كېيىنكى تار خەلقىنى تېرىيدىغان يەر ۋە ئولتۇرىدىغان ئۆيگە ئىگە قىلدى.

(3) ئاپەتتىن كېيىنكى ئۈچ يىلدا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى قەدەممۇقەدەم ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنى 603 توننا ئاشلىق، 220 توننا كۆمۈر بىلەن تەمىنلىدى.

(4) كۆچۈرۈپ ئولتۇراقلاشتۇرۇش رايونىنىڭ مائارىپ ۋە سەھىيە ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، دۆلەت 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، يېڭىدىن قۇرۇش رايونىدا بىر مەركىزىي ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئىككى باشلانغۇچ مەكتەپ، شۇنداقلا بىر دوختۇرخانا سېلىپ بەردى ھەمدە 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياساپ بەردى.

ئۈچ يىلدىن بۇيان دۆلەت جەمئىي 13 مىليون يۈەن مەخسۇس مەبلەغنى تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ ئاپەتتىن كېيىنكى قايتا قۇرۇش ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك

قىلىشقا ئىشلىتىپ، تاجىك خەلقىگە رەھىمسىز ئاپەت ئالدىدا پارتىيىنىڭ چەكسىز غەمخورلۇقى ۋە سوتسىيالىستىك چوڭ ئائىلىنىڭ چەكسىز مېھىر ـ شەپقىتىنى ھېس قىلدۇردى.

## 2. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ يىللىق ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋەزىپىلىرى

بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ يىلدا تار يېزىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى يېتەكچى ئىدىيىمىز: دېڭ شياۋ پىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» تەلەپى بويىچە، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىشنى ئاساسىي تېما، چارۋا نەسلىنى ئۆزگەرتىش، چارۋىنىڭ تاۋار نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە مۇلازىمەت كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى نىشان قىلىپ، پارتىيىنىڭ سىياسىتىگە، پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن تارنى يېڭىدىن قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت.

يۇقىرىقى يېتەكچى ئىدىيىگە ئاساسەن، بۇ نۆۋەتلىك بەنزىنىڭ كونكرېت ۋەزىپە نىشانى: 2004- يىلىغا بارغۇچە پۈتۈن يېزىنىڭ خەلق ئىگىلىكى كىرىمىنى 3 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، كىشى بېشى كىرىمىنى 650 يۈەنگە يەتكۈزۈش، نوپۇسنىڭ تەبىئىي ئېشىش نىسبىتىنى 14‰ ئىچىدە كونترول قىلىش، قوتاندىكى چارۋىنى 12800 تۇياققا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت.

يۇقىرىقى نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بۇ نۆۋەتلىك بەنزە تۆۋەندىكى بىرقانچە خىزمەتنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم:

1) پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك.
2) پارتىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم .
3) پارتىيىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك .
4) دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئاساسىي ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ۋە كېيىنىش، تويۇنۇشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئاساس سېلىشنى بالدۇرراق ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ يىلدا بىز چوقۇم ئاساسىي ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى جەھەتتە تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك.

يېڭىدىن قۇرۇش رايونىدا:

(1) تۇپراقنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاش ۋە كىشى بېشىغا كېلىدىغان كۆلەمنى ئاشۇرۇشقا كۈچ سەرپ، 3000 مو بىنەم ئېچىپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى ئىككى موغا يەتكۈزىمىز.

(2) 1000 مو يەر تۈزلەپ ھەمدە ئورمان، ئېرىق - ئۆستەڭ، يول قاتارلىق يۇرۇشلەشمە قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەپ، 1000 مو يەردىن بۇ يىل يىل ئاخىرىغىچە دەسلەپكى ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىمىز.

(3) تار يېزىسىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى ياخشى ئىشلەپ، ئاشلىق مەھسۇلاتىنى ئۇزلۇكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش، كىيىنىش، تويۇنۇشنى ھەل قىلىش، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى قەدەممۇقەدەم يۇقىرى كۆتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىمىز.

چارۋىچىلىق رايونلىرىدا :

(1) چارۋا نەسلىنى ياخشىلاپ، قوتاندا ساقلىنىش ۋە تاۋار

نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، چارۋىچىلارنىڭ باقمىچىلىق ۋە بورداقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشىغا پائال مەدەت بېرىمىز. 2002- يىلى سورتلۇق قوچقاردىن 31 تۇياق، سورتلۇق ئۆچكىدىن 27 تۇياق كىرگۈزىمىز. دەريادىن ئۆتىدىغان چوڭ كۆۋرۈكتىن ئىككىنى، دورىلىق ۋاننىدىن ئالتىنى، 17 ئورۇندا چارۋا يولى ياساپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ياخشىلايمىز.

(2) تۇرمۇشقا كېتەرلىك ئېلېكتر توكى ۋە ئالاقىلىشىش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي ياخشىلايمىز. ئۇزاقتىن بۇيان توك ۋە ئالاقە ئەسلىھەلىرىنىڭ بولماسلىقى، تار خەلقىنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە بىۋاستە تەسىر يەتكۈزۈپ كەلگەن مۇھىم ئامىل بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ يىلدا دۆلەتنىڭ نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش ئىستراتېگىيىسىنىڭ غەربكە يۈتكىلىشتەك چوڭ ياخشى پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، بالدۇر پىلانلاپ، بالدۇر تۇر يوللاپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى تاجىك مىللىتىنىڭ قاراڭغۇ ئۆيلىرىنىڭ بالدۇرراق يورۇشىنى ئىرىشىپ قولغا كەلتۈرىمىز. 2000- يىلى تار يېزىسىنىڭ مەمۇرىي كەنتلىرىگە سۈنئىي ھەمراھ تېلېفونلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ يىلدا بىز ھەممە كەنتتە تېلېفون بولۇش، ھەممە ئائىلىدە ئېلېكتر چىرىغى بولۇشنى ئىرىشىپ قولغا كەلتۈرىمىز.

4) پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم.

5) مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دېموكراتىيە، قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى پائال ئىلگىرى سۈرىمىز.

مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە «10 يۇلتۇزلۇق مەدەنىي ئائىلە»، «مەدەنىي كەنت» بەرپا قىلىشنى ئاساسىي شەكىل قىلىپ، كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق، دېھقان، چارۋىچىلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزم ۋە سوتسىيالىزملىق تەربىيىسى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلەر تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان، يىلمۇيىل كۈچىيىۋاتقان، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئىقتىسادىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ناچار ئۆرپ - ئادەتلەرنى تۈگىتىپ، فېئودال خۇراپىيلىققا قارشى تۇرۇش پائالىيىتىنى تەشەببۇس قىلىشقا پائال يېتەكلەيمىز. تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى تەۋرەنمەي ئېگىز كۆتۈرۈپ، كەڭ كادىرلار ۋە ئامما ئارىسىدا «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى پائالىيىتىنى يېزىمىزدا ئۇزاققىچە چوڭقۇر قانات يايدۇرىمىز.

مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ، دىنىي سورۇنلارنى قانۇنلۇق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مۇقىملىق خىزمىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىمىز. دېموكراتىيە، قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىدا يېزا - كەنتلەردە دېموكراتىك سايلام ئېلىپ بېرىشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، دېموكراتىك باشقۇرۇش ۋە دېموكراتىك نازارەت قىلىش مۇساپىسىنى يولغا قويۇپ، پۈتۈن يېزا خەلقىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ۋە ئوبيېكتىپ ھەرىكەتچانلىقىنى قوزغاپ، تار يېزىسىنىڭ ئەسلىگە كېلىپ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىرگە، مەمۇرىيەتنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشنى يولغا قويۇپ،

باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، مەمۇرىي ئىشلار، مالىيە ئىشلىرىنى ئاشكارىلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاممىغا ئېنىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرىمىز. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ قانۇن ۋە قانۇن ـ تۈزۈم ئېڭىنى كۈچەيتىمىز.

6) ئىش بېجىرىش شارائىتى ۋە كادىرلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆي شارائىتىنى ياخشىلايمىز. 1200 كۋادرات مېتىرلىق يېزىلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت ئىشخانىسى، بېگى ئولتۇراق رايوندىكى ئۈچ كەنتنىڭ كەنت ئىشخانىسى ۋە كۆچۈرۈپ چۈشۈرۈلگەن كادىرلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆي مەسىلىسىنى ھەل قىلىمىز.

## ئاقتۇ ناھىيە تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ 7- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2- سانلىق يىغىنىغا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلات

**زىياۋۇدۇن ئېلاۋۇدۇن**

ۋەكىللەر، يولداشلار:

ھازىر مەن تار تاجىك مىللىي يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن چوڭ يىغىنغا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات بېرىۋاتىمەن، قاراپ چىقىشىڭلارنى ھەمدە سىرتتىن قاتناشقان يولداشلارنىڭ پىكىر بېرىشىنى سورايمەن.

يېزا بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 2002- يىلىدا 2 مىليون 493 مىڭ يۈەن، بۇنىڭدىن ساپ كىرىم 1 مىليون 894مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن كىشى بېشىغا كەلگەن ساپ كىرىم 481 يۈەنگە يېتىپ، ئۆتكەن يىلقىدىن 76

يۈەن ئاشتى. 2003- يىلىدا يېزىمىزدا ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 2 مىليون 847 مىڭ 106 يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ساپ كىرىم 2 مىليون 319 مىڭ 560 يۈەن. بۇ كىرىمنىڭ كىشى بېشىغا كېلىشى 585 يۈەن بولۇپ، ئۆتكەن يىلقىدىن 104 يۈەن ئاشۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى يىلدا 160 ئائىلە 880 نوپۇس نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 14.1‰ بولدى.

### 1. يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى تېزلىتىپ، دېهقانلارنىڭ كىرىمنى كۆپەيتىش نىشانى ئىلگىرى سۈرۈلدى

1) 2002- يىلى يېزىمىز بويىچە ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلەم 2400 مو بولۇپ، ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 312 كىلوگىرامغا، يېڭى ئولتۇراق رايوندىكى بىرقەدەر ئۆزلەشكەن تېرىلغۇ كۆلەم 500 مو بولۇپ، ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 237 كىلوگىرامغا، ئومۇمىي مەھسۇلات 120 توننىغا يەتكۈزۈلۈپ، ئىككى رايوننىڭ ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئومۇمىي ئاشقان مەھسۇلاتى 100 بولدى.

2003- يىلى يېزا بويىچە ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلەم 2410 مو بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 110 مو ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىگە قوشۇلدى. بۇ يىلدىكى ئومۇمىي مەھسۇلات 669 توننىغا يەتكۈزۈلۈپ، 12 توننا ئاشۇرۇلدى. مو بېشى بىرلىك مەھسۇلاتى 266 كىلوگرام بولۇپ، 30 كىلوگرام ئاشۇرۇلدى.

2) چارۋىچىلىق تەكشى قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، چارۋا بېقىش شارائىتىمۇ ئاساسەن ياخشىلاندى

2002- يىلىدا 78 تۇياق كالىنىڭ نەسلى ۋە 500 تۇياق قوينىڭ نەسلى ئۆزگەرتىلىپ ئۇنۇم يارىتىلدى. تاشقورغان داڭباش قوچقىرىدىن 43 تۇياق، ساغلىقتىن 35 تۇياق

كىرگۈزۈلۈپ، كېلەر يىللىق داشباش قويىنىڭ چوڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلىشىغا ئاساس سېلىندى ھەم 2002- يىلىدا چارۋىچىلىقتىن مول - ھوسۇل قولغا كەلتۈرۈلدى. شۇ يىلقى يىل ئاخىرىدا قوتاندا ساقلانغان چارۋا 11549 تۇياق بولدى. بۇ يىل 116 تۇياق كالا، 3700 تۇياق قويىنىڭ نەسلى ئۆزگەرتىلدى. داشباش قوچقاردىن 270 تۇياق، ساغلىقتىن 110 تۇياق كىرگۈزۈلۈپ، 2004- يىلىدىكى چارۋا نەسلىنى ئۆزگەرتىشكە پۇختا ئاساس سېلىندى. 2003- يىلى يىل ئاخىرىدىكى قوتاندا ساقلانغان چارۋا 12015 تۇياق بولۇپ، 2002- يىلىدىكىدىن 469 تۇياق ئاشۇرۇلدى.

قوتاندىكى چىشى چارۋا 7281 تۇياققا يەتكۈزۈلدى. يىل ئاخىرىدا قوتاندىن چىقىرىلغان چارۋا 4543 تۇياق بولۇپ، قوتاندىن چىقىرىلىش نىسبىتى 44% كە يەتتى.

3) ئورمانچىلىق خىزمىتى چىڭ تۇتۇلۇپ، مېۋىلىك ئورمانلارنىڭ سورتىنى ئۆزگەرتىش ۋە مېۋە قۇرۇتۇش تېخنىكىسىنى يېڭىلاش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، 2002- يىلىدا يېزا بويىچە 7000 تۈپ ئۆرۈكنىڭ سورتى ئۆزگەرتىلدى. 2003- يىلىدا يېزا بويىچە 11000 تۈپ ئۆرۈك سورتى بارىن سوقا باغلىق ئۆرۈككە ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تۆۋەن ھوسۇللۇق يەرلەرنى ئورمانغا قايتۇرۇش سىياسىتىنىڭ تورتكىسى ئاستىدا2000- يىلى ۋە 2003- يىلىدا ھويلا - ئارام ۋە يول ياقىسىغا بولۇپ جەمئىي 400 مو يەرگە 100 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق ئورمان قويۇلدى. بۇنىڭغا يېزىدىن چىقارغان ئومۇمىي مەبلەغ 36250 يۈەن.

2003- يىلىدىكى ئورمانغا كەلگەن مەبلەغ 112350 يۈەن بولدى. 2002- يىلىدىكى ئورمانچىلىقتىن قىلغان كىرىم 86272

يۈەن، 2003- يىلىدىكى ئورمانچىلىقتىن قىلغان كىرىم 249472 يۈەن. ئورمانچىلىق كىرىمى ئۆتكەن يىلىدىكىدىن 163200 يۈەن ئاشقان (تېرىلغۇدىن بوشىغان 200 مو يەرنىڭ يۇقىرىدىن بېرىدىغان ھەر موسىغا 100 كىلوگرامدىن بۇغداي، ھەر موسىغا 20 يۈەندىن تۇرمۇش پۇلى بولۇپ، جەمئىي 27200 يۈەن قوشۇلغان، ئاشلىق ۋە تۇرمۇش پۇلىدىن قىلىنغان كىرىم 163200 يۈەن).

## 2. ئاساسىي ئۇل مەئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشى

2002- يىلى ۋە 2003- يىلىدا سىجىل ۋە قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا ياخشىلاندى.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، مائارىپ، قاتناش، سەھىيە، ئالاقىلىشىش، يورۇتۇش قاتارلىق تۇرلەرنىڭ ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتلىرى ئاپەت مەزگىلىگە قارىغاندا يۇقىرى سالماقتا ياخشىلاندى.

1) 2002- يىلى ۋە 2003- يىلىدا كونا ئولتۇراق رايوندا مۇداپىئە توسمىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، تېرىلغۇ يەر، ئائىلىلىكلەر رايونى، مەكتەپ ۋە كەنت قۇرۇلۇشى، ئۆستەڭ ۋە يوللارنى قوغداش ئۈچۈن مۇشۇ ئىككى يىلدا 3500 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا توسما توسۇلۇپ، يازدىكى كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى. مۇشۇ تۈرگە يېزىدىن كەتكەن ئومۇمىي مەبلەغ 4500 يۈەن.

2) مۇشۇ ئىككى يىلدا يايلاق يوللىرىنى ياساش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلۇپ، چارۋىچىلارنىڭ پەسىللەر بويىچە يۆتكىلىپ ئولتۇراقلىشىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىلدى. يېزىمىز بويىچە 18 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا چارۋا يولى ياسىلىپ چىقىلدى،

بولۇپمۇ بۇنىڭ ئىچىدە 4- ۋە 5- كەنتنىڭ 500 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تاغنى پارتلىتىپ ياسالغان يول 6000 يۈەنگە ھۆددىگە بېرىلىپ، قۇرۇلۇش پۈتۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا ھەرقايسى كەنتلەرنىڭ چارۋا يولى ياسىشى ئۈچۈن دورا، پىلىك ۋە پىستانغا ئاجرىتىلغان ئومۇمىي مەبلەغ 2550 يۈەنگە يەتتى. ئالمالىق كەنتگە 59000يۈەنلىك بوكس سىملىق ئاسما تاختا كۆۋرۈك سېلىنىپ، پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن كەنتتىكى بىر قىسىم چارۋىچىلارنىڭ پەسىللەر بويىچە چارۋىلىرىنى يۆتكەپ بېقىشقا قولايلىق بولۇپلا قالماستىن، سودىكى دېھقانلارنىڭ قاتناش مەسىلىسىمۇ ھەل قىلىندى.

چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا يوقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئىسسىق قوتان قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، زور كۆلەمدە بورداقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىلەرنىڭ شارائىتىنى ياخشىلاش خىزمىتى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇپ ئىشلەندى. كونا ئولتۇراق رايوندىكى بەلدىر كەنتگە ئايرىم - ئايرىم ھالدا تۆت ئورۇنغا زامانىۋى ۋانىنا قۇرۇلۇشى سېلىنىپ پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۇرۇلدى. بۇ تۆت ۋانىنغا كەتكەن ئومۇمىي مەبلەغ 25000يۈەن بولدى.

يېڭى ئولتۇراق رايوندىكى ئۈچ كەنتتىكى ئائىلىلەرگە 220 ئىسسىق قوتان سېلىنىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئىشلىتىشىگە تاپشۇرۇلدى. بۇنىڭغا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 408 مىڭ يۈەن.

يېڭى ئولتۇراق رايونغا 65 كۋادرات مېتىرلىق نەسىللەندۈرۈش پونكىتى سېلىنىپ، قۇرۇلۇش پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. بۇنىڭغا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ

58000 يۈەن.

3) كونا ئۇلتۇراق رايوندىكى ھەرقايسى كەنت ۋە تەبىئىي كەنتلەردىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ قاتناش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن باغۇزى كەنتىنىڭ سوغۇنئاتلاق تەبىئىي كەنتىگە، ئالمالىق كەنتىگە بىردىن - ئىككى بوكس سىملىق ئاسما تاختا كۆۋرۈك سېلىنىپ، پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. بۇ ئىككى كۆۋرۈكنىڭ قىممىتى 6000 يۈەندىن 12000 يۈەن.

قۇززى كەنتىنىڭ بېلىقچىن تەبىئىي كەنتى بىلەن باغۇزى كەنتىنىڭ ئارالچە تەبىئىي كەنتىگە ئىككى بوكس سىملىق كۆۋرۈككە يېزىدىن ياردەم بېرىلگەن مەبلەغ 5000 يۈەن بولۇپ، بۇ ئىككى رايوننىڭ قاتناش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. باغۇزى كەنت بىلەن ئالمالىق كەنتىگە چوڭ تىپتىكى ئاسما تۆمۈر جازىلىق ماشىنا ئۆتىدىغان كۆۋرۈك سېلىنىپ، بۇ ئىككى رايوننىڭ قاتناش مەسىلىسى ئۇزۇل - كېسىل ھەل قىلىندى.

4) يېڭى ۋە كونا ئۇلتۇراق رايوندىكى 2002- يىلى ۋە 2003- يىلىدىكى ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى ھەريىلى ئاساسىي خىزمەتلەر قاتارىدا چىڭ تۇتۇلۇپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ تېرىقچىلىق ۋە ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا پۇختا ئاساس سېلىندى. بۇنىڭدا باغۇزى كەنتىنىڭ كەلگۈزدىن باغۇزىغا سۇ ئۆتكۈزۈش قۇرۇلۇشىغا 7000 يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، تارىختىن بۇيان جىلغا سۈيىگە تايىنىپ تېرىقچىلىق قىلىپ كەلگەن دېھقان - چارۋىچىلار دەريا سۈيىدىن پايدىلىنىش شارائىتىغا ئىگە قىلىندى.

تاشقورغان - يەكەن يولى تار بۆلىكىدىكى بۇزۇلغان ئېرىق- ئۆستەڭ 7 كىلومېتىر بولۇپ، بۇنى ياساشقا كېتەرلىك بولغان پارتلىتىش دورىسى، پىلىك، پىستان، سۇلياۋ، سىم قاتارلىقلار-

غا 4700 يۈەن چىقىم قىلىندى.
ئولتۇراق رايونىنىڭ سۇ قۇرۇلۇش خىزمىتى مۇھىم خىزمەتلەر قاتارىدا چىڭ تۇتۇلۇپ، يېڭى ئولتۇراق رايونى شىنا كەنتىدىكى 900 مو سالالاشقان تېرىلغۇ يەرنىڭ 2500 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سۇغىرىش ئۆستىڭى سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ قىلىپ ياسالدى. بۇ يۇرۇشلەشكەن سۇغىرىش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كەتكەن ئومۇمىي مەبلەغ 400 مىڭ يۈەن. خۇشئاباد كەنتىنىڭ سۇ قۇرۇلۇشىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن 54 مىڭ يۈەنلىك چوڭ تىپتىكى زاكۇ قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى، بىر قىسىم ئۆستەڭ ۋە يوللارغا 110 دانە سېمونت نو قويۇلۇپ، قاتناش ۋە سۇغىرىش شارائىتى ياخشىلىنىپ، جەمئىي 22560 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. خۇشئاباد كەنتىدىن شىنا كەنتىگىچە بولغان كۆتۈرۈپ ياسايدىغان ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى 5800 مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي سېلىنغان مەبلەغ 307624 يۈەن. ئاققۇم كەنتىدىن تورتاي مەيدانىنى ئارىلاپ ئۆتكەن تاختا ئۆستەڭگىچە بولغان 2700 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 65000 يۈەن. ئىچىملىك سۇ مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىككى كۆز قۇدۇق قېزىلدى. سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 256770 يۈەن. كونا - يېڭى جەمئىي بەش كۆز قۇدۇققا ترانسفورماتور قاتارلىق ئۈسكۈنىلەر، سۇ ناسوسى سەپلىنىپ يۈرۈشلەشتۈرۈلدى.1380 مېتىرلىق ئارىلىققا ئېلېكتر سىمى تارتىلىپ 95609 يۈەن، سۇ مۇنارى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 70000 يۈەن مەبلەغ سېلىندى.
كونا ئولتۇراق رايوندىكى قۇززى كەنتىنىڭ سۇ قاتلىشى رايونىدا 370 مو بىنەم يەرنىڭ سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈشى ئۈچۈن 1700 مېتىر ئۆستەڭ ياسىلىپ،

41000 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا 1500 مېتىر ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 8000 يۈەن، سۇ قاتنىشى ۋە قارا تار رايونىدىكى بەر ئۆزلەشتۈرۈش، تام سېلىش ئۈچۈن 8500 يۈەن مەبلەغ چىقىرىلدى.

5) كونا ۋە يېڭى ئولتۇراق رايوندىكى كەنت ۋە يېزىنىڭ ئىشخانا قۇرۇلۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. يېڭى ئولتۇراق رايونىنىڭ پارتكوم، ھۆكۈمەت ئىشخانا قۇرۇلۇشى ئومۇمىي كۆلىمى 700 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 406700 يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىلدى. دوختۇرخانا قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كەتكەن ئومۇمىي مەبلەغ 89545 يۈەن، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپكە كەم قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 38000 يۈەن ئاجرىتىلدى. خۇشئاباد كەنتىگە 237 كۋادرات مېتىرلىق ئىشخانا قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. ئىشخانا ئەسلىھەلىرى، ئۈسكۈنىلەر يۈرۈشلەشتۈرۈلۈپ 34000 يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ چىقىرىلدى.

كونا ئولتۇراق رايوندىكى 272 كۋادرات مېتىرلىق ئىشخانا قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 300000 يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىپ، ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى.

6) يېڭى ئولتۇراق رايوندىكى يەر ئېچىش، يەر ئۆزگەرتىش خىزمەتلىرى ياخشى ئىشلىنىپ، جەمئىي 3200 مو يەر ئەھيا قىلىپ دېھقانلارنىڭ پايدىلىنىشىغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى، سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 478000 يۈەن؛ 3400 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئىككى چوڭ زەيكەش چېپىلىپ 270 مودىن ئارتۇق يەرنىڭ ئۆزلىششىگە ئاساس سېلىنىپ، 199000 يۈەن؛ 13000 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى زەيكەشلىك قايتىدىن چېپىلىپ، 4500 مو يەرنىڭ ئۆزلىششىگە ئاساس سېلىنىپ، 250000 يۈەن؛ 100 مو بىنەم يەر ۋە بىر قىسىم يول قايتىدىن ئېچىلىپ

جەمئىي 28750 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تېرىقچىلىق ئۈچۈن ئاجرىتىلغان ئومۇمىي مەبلەغ 130000 يۈەنگە يېتىپ، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن 7000 يۈەن مۇكاپات مەبلىغى ئاجرىتىلدى.

7) ئېلېكتر توكى قۇرۇلۇشى تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، يورۇتۇش مەسىلىسى قىسمەن ھەل قىلىندى. باغ كەنتى بىلەن قۇززى كەنتىدىكى ئىككى مەھەللىگە ئىككى دانە 25 ۋاتلىق قۇياش ئېنېرگىيىسى ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. دېھقانلارنىڭ رادىئو، تېلېۋىزىيىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىلدى. بۇنىڭغا كەتكەن ئومۇمىي مەبلەغ 3 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا 50 ۋاتلىق قۇياش ئېنېرگىيىلىك كىچىك ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن 15 نى، 20 ۋاتلىقتىن 134نى يۇقىرىدىن ھەل قىلىپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئىشلىتىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىلدى. بۇنىڭغا كەتكەن ئومۇمىي مەبلەغ 131000 يۈەن.

## 3. پاراۋانلىق خىزمىتى جەھەتتە

بۇ ئىككى يىلدا ئومۇمىي تارقىتىلغان تەمىنات ئاشلىق 356 توننىغا، ئىسسىنىشقا كەتكەن كۆمۈر 169 توننىغا يەتتى. بىر قىسىم ئاجىز، كېسەللەرنىڭ داۋالىنىشىغا ۋە ئۇلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزۈش ئۈچۈن قىلىنغان ياردەم 3700 يۈەن، بىر قىسىم نامرات، تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ناھىيىلىك نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىدىن 660000 يۈەن ئايلانما مەبلەغ ئاجرىتىلدى؛ 101 نوپۇس تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمەن

قىلىندى.

**4. خېرىدار چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش ۋە ئىشىنچا ئەمگەك كۈچىنى سىرتقا چىقىرىپ ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىش جەھەتتە**

خۇشئاباد كەنتىدىن 50 مو يەرگە خېرىدار چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش يولى ئارقىلىق پاختا زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، 100دىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى، تاپاۋەت كىرىمى 97000 يۈەندىن ئاشتى، 370 تىن ئارتۇق ئىشىنچا ئەمگەك كۈچى قوشنا يېزا ـ بازارلارغا چىقىپ ئىشلەپ، 450000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدى.

**5. پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، سەھىيە، مەدەنىيەت ۋە پىلانلىق تۇغۇت ساھەلىرىدە**

بۇ ئىككى يىلدا مائارىپقا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 48000 يۈەن بولۇپ، «توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى» نىڭ ئومۇملىشىشى 96% كە يەتتى. يېزىنىڭ مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىشى ۋە قوللىشى نەتىجىسىدە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي ئىقتىدارى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، ساپا مائارىپىنىڭ ئاساسى مۇستەھكەملەندى. ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 100%، تولۇقسىز ئوتتۇرىغا قوبۇل قىلىنىش نىسبىتى 100% كە يەتتى.

يېزا بويىچە نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 18.1‰ ئىچىدە كونترول قىلىندى، تۇغۇت چەكلەش نىسبىتى 99% كە يەتكۈزۈلدى.

سەھىيە، داۋالاش شارائىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىپ،

داۋالىنىش كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. بالىلارغا ۋاكسىنا ئەملەش نىسبىتى 100% كە يەتكۈزۈلدى.

### 6. قوشۇن قۇرۇلۇشى تەرتىپكە سېلىنىپ، جەڭگىۋارلىق ھەم مەسئۇلىيەتچانلىق ئىككى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى

بۇ يىل ئايرىم كەنتلەرنىڭ پارتىيە ياچېيكىلىرى تەرتىپكە سېلىنىپ، مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان دۆلەت كادىرلىرى ياچايكا سېكرېتارلىقىغا تولۇقلاپ بېكىتىلدى. ئىقتىدارلىق زىيالىيلار قوشۇنىدىن كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى تەسىس قىلىندى، مەسئۇلىيەتچان، خىزمەتتە ئاكتىپ، ئىقتىدارلىق كەنت مۇدىرى ۋە مۇئاۋىن مۇدىرلىرى بېكىتىلدى. يېزا ئىگىلىك پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى، چارۋىچىلىق پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى، مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بېكىتىلدى.

### 7. مالىيە باشقۇرۇش ۋە باج ئىسلاھاتى جەھەتتە

بۇ ئىككى يىلدا يىغىۋېلىنغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجى جەمئىي 94 مىڭ يۈەن بولۇپ، سۇ ھەققى، مائارىپ ھەققى، يېزا جۇغلانمىسى، جامائەت فوندى ۋە كەنت جۇغلانمىسىغا ئوخشاش سېلىقلار كەچۈرۈم قىلىندى. دېھقان — چارۋىچىلارنىڭ تۈرلۈك سېلىقى 80% تىن يۇقىرى يەڭگىللىتىلدى. مەسىلەن، 1998- يىلى يېزا بويىچە يىغىلغان تۈرلۈك سېلىق 170 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1999- يىلىدىكى كەلكۈن ئاپىتىدىن كېيىن، يەنى 2003- يىلى 70 مىڭ يۈەنگىمۇ يەتتى. باج ئىسلاھاتىدىكى بەش تۈرلۈك ئىسلاھات بولغا قويۇلۇپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمى مۇقىم ئېشىش

ۋەزىيىتى قولغا كەلتۈرۈلدى.

**8. تىنچ، ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەت ساقلىنىپ، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك - دىيانەتلىك، ئەمەلىيەتچىل، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشتەك يېڭى ئوبراز تىكلەندى**

پارتىيىنىڭ مىللەت - دىن سىياسىتى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش، 4- بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش كۈچەيتىلىپ، تۇيۇقسىز ۋەقەلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش مېخانىزمى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى؛ مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش سالمىقى زورايتىلدى؛ پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. بۇ ئىككى يىلدا جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن بىرەرسىمۇ يۈز بەرمىدى.

# VII باب ئەدەبىيات ــ سەنئەت، سەھىيە، مائارىپ، تەنتەربىيە

## تار تاجىكلىرىنىڭ سەنئىتى

### 1. ئۇسسۇل

تار تاجىكلىرى قەدىمدىن ئۇسسۇلغا ئامراق. يەتتە ياشتىن 70 ياشقىچە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى تاجىكچە ئۇسسۇل ئويناشنى بىلىدۇ. ئۇسسۇل بىلمىگەنلەر ئەيىبلىنىدۇ، ئۇسسۇل ئەر-ئايالغا ئورتاق. تاجىك ئۇسسۇلى گويا بۈركۈتنىڭ كۆكتە پەرۋاز قىلىشىغا ئوخشىتىلىدۇ. تاجىك ئۇسسۇلى شوخ، لەرزان ھەم ھەرىكەت گۈزەللىكىگە باي كېلىدۇ. ئۇسسۇل مۇزىكىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ خىلمۇخىل فوكسلارنى چىقىرىپ، پۈتۈن ئەزالىرىنى سازغا ماسلاشتۇرغان ھالدا بىر خىل خۇشاللىق، ئۈمىدۋارلىق ھېسسىيات بىلەن ئوينايدۇ. مويسىپىتلار ئۆز قۇرامىغا قاراپ، ئۇسسۇلنى لەرزان ئوينىسا، ياشلار ئۆزلىرىنىڭ ياشلىقىنى نامايەن قىلىپ، ئۇسسۇلنى شوخ ۋە ھېسسىياتلىق ئوينايدۇ. ئۇسسۇلنى يالغۇز كىشىلىك، جۈپ كىشىلىك، كوللېكتىپ شەكىلدە ئوينايدۇ.

### 2. مۇزىكا

تاجىك خەلق مۇزىكىلىرى تاجىك خەلق ئۇسسۇلى، ناخشا-قوشاق بىلەن زىچ بىرلەشكەن ھالدا تاجىك مۇزىكا سەنئىتىنى

شەكىللەندۇرگەن. تاجىك مۇزىكىلىرى ئىپادىلەيدىغان مەزمۇنى ۋە قوللىنىلىشى، سورۇننىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، ئالتە خىل مۇقامنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇسسۇلدا «چاپسۆز»، «مەيلىش»، «ۋەل - ۋەلىك»، «ئەرتە تىللو ‹فەلەك›»، «تەلقىن»، «قەسۇيدى ‹قەسىدە›» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. چاپسۆز مۇقامى تاجىك خەلق كلاسسىك مۇزىكىلىرى ئىچىدە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان مۇقام شەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، توي - تۆكۈن ۋە باشقا شاد - خۇراملىق مەرىكىلەردە چېلىنىدىغان ئۇسسۇل مۇزىكىلىرى ۋە باشقا ئوقۇلىدىغان ناخشا - قوشاقلارنىڭ كۆپ قىسمى چاپسۆز پەدىسى بىلەن ئورۇندىلىدۇ.

مەيلىش — بۇمۇ كۆپ قوللىنىلىدىغان مۇزىكا شەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، توي - تۆكۈن، مەشرەپلەردە ئايال - قىزلارنىڭ ئۇسسۇل ئويناشلىرىدا قوللىنىدۇ. ۋەل - ۋەلىك (ۋەل - ۋىلىكۇم) — بۇ مۇقام مەخسۇس ئوغلاق تارتىشىش، ئات بەيگىسى قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدە ئورۇندىلىدۇ. ئۇنىڭدا، ئىككى ئايال بىردانە داپ بىلەن، ئىككى ئەركىشى سۆڭەك نەي بىلەن ئورۇندايدۇ، ناھايىتى داغدۇغىلىق، ھەيۋەتلىك ھەم جىددىي بولۇپ، ساز بىلەن ئوغلاق تارتىشىش ئات بەيگىسى كۆرۈنۈش ھەرىكىتى سازغا تەڭكەش بولغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ.

ئەرتە تىللو (فەلەك) — بۇ ئېگىز قىر ناخشا - مۇزىكىسى بولۇپ، بۇنىڭدا غېرىبلىق، قايغۇ، سېغىنىش، ياد ئېتىش قاتارلىق ھېسسىياتلىرىنى بىر خىل ئاھاڭدا ناخشا ۋە ئويۇنغا تەڭكەش قىلىپ راۋاب، بۇركۇت، نەي بىلەن ئورۇندايدۇ.

تەلقىن — ئۇ ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىدا تاجىك راۋابى بىلەن ئۆلگۈچىگە بولغان بىر خىل قايغۇلۇق ھېسسىيات ئىپادىلىنىدۇ.

قەسىيدى (قەسىدە) ــ بۇ دىنىي ناخشا بولۇپ، دىنىي پائالىيەتلەردە ياكى باشقا سورۇنلاردا دىنىي زاتلار تەرىپىدىن ئورۇندىلىدۇ. ئۇنىڭدا، ئەۋلىيالارنىڭ ياخشى سۈپەتلىرى، ئىسىل پەزىلەتلىرى تەسۋىرلىنىپ، تاجىك راۋابىنىڭ تەڭكىشى بىلەن ئورۇندىلىدۇ.

ئومۇمەن قىلغاندا، تاجىكلار مەيلى ئۇسسۇل ئوينىسۇن ياكى ناخشا، قوشاق ئوقۇسۇن، يۇقىرىقى مۇقام مۇزىكىلىرىنىڭ تەڭكەش قىلىنىشى بىلەن ئورۇندىلىدۇ. ئەمما، داپ بىلەن ئىككىدىن ئارتۇق كىشى ناخشا تېكىستىنىڭ باش مىسراسىنى ئوقۇپ ياندۇرۇپ بېرىدۇ. قوشاقچى بولسا، داپ ياكى راۋاب ۋە ياكى ئۇسسۇل بىلەن ناخشا، قوشىقىنى ئوقۇيدۇ.

## 3. چالغۇ ئەسۋابلىرى

تاجىك خەلقىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ئۆزگىچە خاس چالغۇ ــ ئەسۋابلىرى بار. ئۇلار نەي، راۋاب، داپ، سىتار، قوپۇز، ئىسكىرىپكا، غىجەك قاتارلىقلار.

نەي ــ تاجىكلارنىڭ ئوبرازى. ئۇ تاجىكلارنىڭ سەنئەت ھاياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. نەي غەجىر ھەم بۈركۈتنىڭ قانات سۆڭىكىدە ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى 1.5 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. نەينىڭ تۆۋەن يېرىم تەرىپىدە ئۈچ ئاۋاز تۆشۈكى بولىدۇ، سول تەرەپكە يانتۇراق قىلىپ چېلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى زىل ھەم ئېگىز چىقىدۇ.

راۋاب ــ تاجىكلاردا بىرقەدەر ئومۇملاشقان، ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ بولغان چالغۇ ئەسۋاب، ئادەتتە ئۇزۇنلۇقى 60 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. بۇ خىل راۋابنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىمۇ نىسبەتەن ئۇزاق بولۇپ، تاجىك كلاسسىك

مۇزىكىلىرىنى چېلىشقا ناھايىتى باب كېلىدۇ.

سېتار ـ تاجىكلارنىڭ قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 80 سانتىمېتىر، ئالتە تارلىق، پەدە بېكىتىلىدۇ. سېتارنىڭ ئاۋازى ئېگىز، سىم تارا ئىشلىتىلىدۇ، نەپىس، كۆركەم، گەۋدە قىسمىغا گۈل ـ نەقىشلەر چېكىلگەن بولىدۇ.

داپ ـ تاجىك خەلقىنىڭ توي ـ تۆكۈن، مەشرەپ ۋە باشقا كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدە كەڭ قوللىنىلىدىغان ئەنئەنىۋى مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرى. تاجىك دېپىنىڭ گەردىشى چوڭقۇر ھەم قېلىن، يۈزى بىرقەدەر چوڭ كېلىدۇ، گەردىشىنىڭ ئىچىگە تۆمۈر ھالقىلار، يەنى جىرىڭلاتقۇچ بېكىتىلىدۇ، داپنىڭ گەردىشى سۆگەت، ئۆرۈك، ئۈجمە قاتارلىق دەرەخ ياغاچلىرىدىن ياسىلىدۇ. قارنى ئات، ئېشەك، قوي، ئۆچكە تېرىسىدىن كېرىلىدۇ.

ئىسكىرىپكا، غېجەكلەر ئاساسەن سىرتتىن قوبۇل قىلىنىپ ئۆزلەشكەن چالغۇلاردۇر، قوۋۇز ـ تاجىك ئاياللىرى ئاغزىدا چالىدىغان بىر خىل چالغۇ ئەسۋاب بولۇپ، تۆمۈرچى ئۇستىلار مېتالدىن ياسايدۇ، ئاياللار تاجىك ناخشا ـ قوشاقلىرىنىڭ، ئۇسسۇل ـ مۇقاملىرىنىڭ ھەممىسىگىلا قوۋۇزنى ناھايىتى مۇڭلۇق چالىدۇ.

## 4. تاجىك خەلق ئەل نەغمىلىرى

تاجىك ئەلنەغمىلىرى ئىچىدە كۆرۈنۈشى قىزىقارلىق، كۈچلۈك ھەجۋىيلىككە ئىگە بولغان دراما، ئوپېرا تۈسىنى ئالغان قىزىقارلىق كومېدىيىلەر بار. مەسىلەن، توي ـ تۆكۈن ۋە باشقا خەلق يىغىلىشلىرىدا ئوينىلىدىغان «بابا ـ خان ئاغچا»

ئويۇنى، «دەڭگون ‹بەچچىك›» ئويۇنى (ڧونچاق ئويىنىتىش)، «ئارغىماق» ئويۇنى، «ئالۋاستى، جىن ـ شاياتۇنلار» ئويۇنى، «سەرتىراچ» ئويۇنى، «بۇرگەم» ئويۇنى قاتارلىق قىزىقارلىق، كومېدىيىلىك ئويۇنلارنى ئويناپ، ئويۇن ـ تاماشىلارنى قىزىتسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن ھەققانىيلىق، ئادالەتلىك، ياخشىلىق، ئادىللىقنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھەققانىيەتسىزلىك، قاراڭغۇلۇق، ناھەقچىلىقتىن ئىبارەت رەزىللىكنى قاتتىق مەسخىرە قىلىپ قالاقلىق، جاھالەت ئەيىبلىنىدۇ.

## 5. تار تاجىكلىرىنىڭ ھۈنەر ـ سەنئىتى

كەشتىچىلىك تاجىكلار، بولۇپمۇ تار تاجىك قىز ـ ئاياللىرىنىڭ داڭدار قول ھۈنەر سەنئىتىنىڭ بىرى بولۇپ، كىيىم ـ كېچەك جەھەتتە ئەر ـ ئاياللارنىڭ باش كىيىملىرىدىن تۇماق (تەلپەك)، كولتا (دوپپا)، ‹‹شەيدايى››، كۆڭلەك، كۆڭلەكلەرنىڭ ياقا ـ ئېتەكلىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن قولياغلىق، چاي خالتا، تاماكا خالتا، مۆھۈر قېپى، جۇراپ (پايپاق)، ئىشتانبېغى، چورۇقباغ، پايپاق چىكىنى، يوتقان، ياستۇق، كۆرپە، داستىخان، تۇرلۇك ئۆي جاھازلىرى ياپقۇچى، ئات جابدۇقلىرى قاتارلىقلار رەڭگارەڭ مەشۇت يىپلار بىلەن كەشتىلىنىدۇ. تار تاجىك ئاياللىرىنىڭ كەشتىچىلىكىنىڭ يىراق ـ يېقىندا داڭقى بار.

ئۇنىڭدىن باشقا، تار خەلقى ئارىسىدا ياغاچچىلىق، تۆمۈرچىلىك، تىككۈچىلىك، توقۇمىچىلىق قاتارلىق قول ھۈنەرۋەنچىلىكى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. ئۆز ئېھتىياجىدىن سىرت يىراق قوشنا ئورۇنلارغا بېرىپ ئاجايىپ

چىرايلىق، نەپىس، تاجىكچە ئولتۇراق ئۆيلەرنى، مېھمانخانا، سەۋرۇنخانىلارنى ياساپ ۋە نەقىشلەپ داڭق چىقارماقتا.

## تار تاجىكلىرىنىڭ ئەدەبىياتى

تار تاجىكلىرىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى بىرقەدەر مول بولۇپ، ئۇلاردا ئىدىيىۋىلىكى كۈچلۈك، مىللىي پۇرىقى قويۇق، شەكلى ئۆزگىچە بولغان تۇرمۇشنىڭ بەدىئىي خاتىرىلىرى بار. رىۋايەت، ئەپسانە، چۆچەك، تېپىشماق، كومېدىيە، داستان، ماقال - تەمسىللەر، شېئىر - قوشاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ «رۇستەم پالۋان»، «تەيغۇن»، «سەيىدئەلى باتۇر»، «غەزىبەك باتۇر»، «گۈلىستانلار»، «گۆر ئوغلى»، «بابا روشەن» دېگەنگە ئوخشاش رىۋايەت داستانلىرى بار. «زۇۋۇلاتاش»، «ئاي - تۇن»، «ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىشى»، «قار ۋە زىرائەت»، «يەر تەۋرەش»، «ئادەملەرنىڭ يارىتىلىشى» قاتارلىق ئەپسانە، رىۋايەتلىرى ئېغىزدىن - ئېغىزغا ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

ماقال - تەمسىللىرى: تار تاجىك خەلق ماقال - تەمسىللىرى تاجىك خەلقىنىڭ ئۇزاق يىللىق ئىجتىمائىي كۈرەش ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ياراتقان ئەقىل گۆھىرىدۇر. ئۇنىڭدا تاجىك خەلقىنىڭ پەلسەپىۋى، ئەخلاق قاراشلىرى، جەمئىيەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھەققىدىكى ئىستېتىك قاراشلىرى ئوبرازلىق ھەم رىتىملىق، كۈچلۈك شېئىرىي پۇراققا ئىگە بولۇپ، جانلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن:

♥ سەھرادا ھاڭرىغان ئېشەك بازاردا يىقىلىپ چۈشۈپتۇ.

♥ توقنى تەۋرەتمە، ئاچنى سۆزلەتمە.

♥ يوقىلاي دېسەڭ نەق ئېلىپ، نېسى سات.
♥ چاچساڭ چاۋار، يىغساڭ تاۋار.
♥ ئىگىسىنى سىلاي دېسەڭ، ئىتىغا سۆڭەك سال.
♥ ئۆكۈز سۇ ئىچسە موزاي مۇز يالاپتۇ.
♥ خوتۇن باشلىغان ئەر ئۆلەر، ئۆچكە باشلىغان قوي.
♥ تاغقا يامغۇر كار قىلماس، نادانغا سۆز.
♥ قىڭغىر ئىش قىرىق يىلدا بىلىنەر.
♥ يامانلىقنى سانىمىساڭ، ياخشى كۈن يوق.
♥ ئوغلۇمنى دەپ ئوۋغا چىقتىم، قىزىمنى دەپ قىرغا.
♥ چېقىر ئىتىنىڭ باھاسى ئالتۇن، چېقىر ئاتنىڭ باھاسى ئېشەك.
♥ قوينى قورۇدا سات، چامغۇرنى ئورىدا.
♥ نەزەر چۈشمىگىچە بەگ بولماس، خۇدا بەرمىگۈچە باي.
♥ ئەر غېرىبلىقتا، ئات ئورۇقلۇقتا.
♥ قۇش قانىتى بىلەن ئۇچىدۇ، قۇيرۇقى بىلەن قونىدۇ.
♥ قىز ئىگىسى بۆرگە بولۇر، ئوغۇل ئىگىسى سالجى.
♥ قاغىنى خەۋەرگە ئەۋەتسە نىجاسەتكە پېتىپتۇ.
♥ ئەمگەلمىگەن موماڭنىڭ زاڭ يېيىشىگە باق.
♥ كۈنۈمسىزگە كۈن تەگسە كۈندۈزى چىراغ ياندۇرۇپتۇ.
♥ مېھمان كەلگەندە مۈشۈكنى «پەش» دېمە.
♥ ئەرگە بەرسەڭ ئېشىكنى، ئەر سىلايدۇ بېشىڭنى، ئىتقا بەرسەڭ ئېشىكنى، ئىت تالايدۇ بېشىڭنى.
♥ يامان خوتۇن ئالغۇچە، بويتاق يۈرگىن ئۆلگۈچە، يامان پىچاق ئاسقۇچە، چىشلەپ يېگىن تويغۇچە.
♥ ئەركىنىڭ يېشى قۇرۇماس، يورغىنىڭ تېرى.
♥ غوجام ئۇرسا قايغۇ يوق.

♥ ئاتنى سىلىساڭ پىيادە قالمايسەن، ئەرنى سىلىساڭ تالادا.

♥ ياماننىڭ يارىغى يېڭىدا.

♥ تۆھپىسى يوقنىڭ ھۆرمىتى يوق.

♥ باينىڭ قوتىزى ھۆرۈن كېلىدۇ، كەمبەغەلنىڭ بالىسى.

♥ ئۆز كۆز ئۆزىگە دورا.

♥ بىرى، خۇدادىن قورق، يەنە بىرى، قۇداڭدىن.

♥ يامان تۇغقان يارتا كۈنى ئەسقاتار، ئەسكى چاپان يامغۇر كۈنى.

♥ ئەرلىك قىلىپ قوي سويدى، ئىتلىك تۆش تارتتى.

♥ موزاينى ئانىسىغا قوي.

♥ بېشى يوقنىڭ ھوشى يوق، پىچىقى يوقنىڭ رىزقى.

♥ يالغۇز باش — شۇم باش.

♥ لالما ئىتنىڭ ئۆلۈكى سايدا قاپتۇ.

♥ قارىغۇنىڭ خۇدادىن تىلەيدىغىنى بىر جۈپ كۆز.

♥ ئېشەك ئېرىقتىن ئۆتۈۋالسىلا ئۆزىنى تۇلپار ھېسابلايدۇ.

♥ بىلىمسىز ئادەم يىلتىزسىز گىياھ.

♥ ۋاپاسىز بالىدىن ئاپتاپ ياخشى.

♥ تېرىمىغان بىر يىل پۇشايمان يەپتۇ، ئوقۇمىغان يۈز يىل.

♥ دۇنيانى كەلكۈن باسسا، ناكەسنى ئۇيقۇ بېسىپتۇ.

♥ ئېشەكنىڭ دۇمبىسى قىچىشسا، تۈگمەن ئالدىغا بېرىپتۇ.

♥ ناكەسكە يول كۆرسەتمە، قارىغۇغا چىراغ كۆتۈرمە.

♥ پىتنە - پاسات پەيدا قىلىدىغان راست گەپتىن يالغان گەپ ياخشى.

♥ تۆگە يىراقنى كۆرىدۇ، ئېشەك تۇۋاقنى.

♥ مېھمانغا ئاش قوي، پۇت - قولىنى بوش قوي.

♥ بولسا يېتەر، بولمىسا كېتەر.
♥ دەپ قويسىلا ۋەدە بولماس، ئاتالىسىلا مەرگەن.
♥ ياۋلارغا خىزمەت قىلساڭ بەگ بولىسەن، خوجىغا خىزمەت قىلساڭ سەگ بولىسەن.
♥ قىش ئوچىقى تار، ماڭ ئۆيۈڭگە بار.
♥ سودىگەرنى بالام ئەتمە، موزايىنى كالام ئەتمە.
♥ خانلىقتىن يىقىلساڭ ناۋايلىقتا ئۆت.
♥ ئۇيالسام گېپىمنى كىم قىلار، ئېرىنسەم يولۇمنى كىم ماڭار.
♥ تۆگۈرمەننىڭ يېنىدا ياغىچاقنىڭ ئۇنى چىقماپتۇ.
♥ قەلەندەرنىڭ ئىتى ئوۋغا يارىماس.
♥ قازان ئالساڭ چېكىپ ئال، خوتۇن ئالساڭ بىلىپ ئال.
♥ ئات ئالساڭ ئاي كېچەش، خوتۇن ئالساڭ يىل كېچەش.
♥ تويىنىڭ ئەلچىسى بولغۇچە، باينىڭ غالچىسى بول.
♥ دوستۇڭ قاغا بولسا يېيىشىڭ پوق.
♥ ئاي تۇندە كېرەك، ئەقىل كۇندە.
♥ ياخشى دوست يولدا سىنىلار، ئۆتكۈر قىلىچ قولدا.

**ناخشا ـ قوشاق، بېيىتلار**

تار خەلق ناخشا ـ قوشاقلىرى، بېيىتلىرىنىڭ مەزمۇنى مول ۋە كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ھەرقانداق كىشى ئۆزىگە يارىشا قوشاق، بېيىت توقۇپ، ئاھاڭلارغا سېلىپ، توي ـ تۆكۈن، ئويۇن ـ تاماشا، مەشرەپلەرنى قىزىتىپ كەلدى. مەسىلەن:

♫ بۇلبۇل بولۇپ سايرايمەن، بېغىڭدا ـ تېرەكىڭدە.
كۆرسەڭ سالام قىلمايسەن، تاش بارمۇ يۈرەكىڭدە.
♫ قاشلىرىڭ قىيغان قەلەمدەك، كۆزلىرىڭ زىبا ـ زىبەر.

ئالته ئاي ئوتوڭدا كۆيدۈم، سەن يۈرسەن بىخەۋەر.
ئاق ناۋاتتەك تىك تاغلار، تۇرار شۇنداق ھەيۋەتلىك.
تاجىك ئوغۇل - قىزلىرى، ھەممە ئىشتا غەيرەتلىك.

## خەلق درامىلىرى

ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتىمۇ خەلق درامىلىرى ئىنتايىن ساغلام. ئۇنىڭدا ئەمگەكچى خەلقنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت توغرىسىدىكى بىلىملىرى، شۇنداقلا ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تۇرمۇش مۇھىتى، رېئال ئىجتىمائىي ھاياتقا بولغان تۇرلۇك كۆز - قاراشلىرى، گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلار، سەنئەت قاراشلىرى، ئەخلاق ئۆلچەملىرى قاتارلىق نۇرغۇن ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ناھايىتى ئىخچام ھالدا ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. ئۇ خەلقنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى، بولۇپمۇ ياشاش شەكلى، دىنىي ئېتىقادى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەنئەنىسى، ئەخلاق قاراشلىرى بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، كۆچلۈك مىللىي تۇسكە ئىگىدۇر. مەسىلەن: «بەدەخشانلىق سودىگەر»، «ئەبىشخا ۋە ئەغەچا» ۋە قونچاق ئۇسسۇللىرى.

# تار تاجىكلىرىنىڭ يازما ئەدەبىياتى

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، تاجىكلار رەسمىي مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش جەريانىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئەنئەنىۋى ئېغىز ئەدەبىياتى ئاساسىدا تاجىك يازما ئەدەبىياتى شەكىللىنىپ ۋە يۇقىرى سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلىپ، مۇكەممەللىشىپ، دۇنيادىكى تەرەققىي قىلغان مىللىي ئەدەبىياتلار قاتارىغا كىرگەن. تاجىك كلاسسىك ئەدەبىياتى،

جۈملىدىن پارس كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ۋە تۈرتكىسى بىلەن ئېلىمىز تاجىك ئەدەبىياتىدا تاجىكلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان خەلق داستانلىرى، غېرىبلىق ناخشىلىرى، قارشىلىق ناخشىلىرى، سۆيگۈ ناخشىلىرى، مول پەلسەپىۋىلىككە ئىگە خەلق رۇبائىيلىرى، ماقال - تەمسىللىرى، چۆچەك - مەسەللىرى بارلىققا كېلىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ، تار تاجىكلار ئېغىز ئەدەبىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. ئالايلۇق، تاجىك كلاسسىك يازغۇچى، شائىرلىرىدىن ئەبۇل ئەلى ئىبنى سىنا، ئابدۇل ھەسەن جاپپار روداكى، ناسىر خىسراۋ، مەنسۇر دەققى، ئوبۇلقاسىم فىردەۋس، ئۆمەر ھەييام، مەۋلانە جالالىدىن رۇمىي، شەيخ سەئىدى، ھافىز شىراز، خىسراۋ دېھلەۋى، ئابدۇراخمان جامىي، مىرزا ئابدۇلقادىر بېدىل قاتارلىقلارنىڭ لىرىك شېئىر، رۇبائىيلىرى، غەزەل، قەسىدىلىرى، پەلسەپىۋى ھېكمەتلىرى ئېلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىدا، جۈملىدىن تار تاجىكلىرى ئارىسىدىمۇ تارقىلىپ، ئومۇملىشىپ، بىر قىسىملىرى ئاھاڭغا سېلىنىپ خەلق ناخشا - قوشاقلىرىغا، بېيىتلىرىگە؛ بىر قىسىملىرى خەلق ماقال - تەمسىللىرىگە ئايلىنىپ قالغان. مەسىلەن، ناسىر خىسراۋ بىلەن جالالىدىن رۇمىينىڭ «روشەننامە» (بابا روشەن)، «سەپەرنامە» قاتارلىق ئەسەرلىرى، شاھمەشرەپ بېيىتلىرى، ئېلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىدا مۇقەددەس قەسىدە سۈپىتىدە ئۇلۇغلىنىپ توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ ۋە باشقا دىنىي پائالىيەتلەردە ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدۇ.

ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» دىكى رۇستەم داستانلىرى، ئېلىمىز تاجىك ئەدەبىياتىدىكى «تەيغۇن»

داستانى قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەر، شېئىرىي قوشاقلار تار تاجىكلىرى ئېغىز ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن. مەسىلەن، ئالمالىق كەنتىدىن خان دەرف، ياسىن قۇربان، باغۇزى كەنتىدىن نەبى خان، ئىسكەندەرخان، ياش قوشاقچى راۋىل سەمەت، باغ كەنتىدىن سۇلتان ئەلى، قۇززى كەنتىدىن ئەلنەغمىچى توختىنىياز ئابدۇرېھىم توختاش باي، لەتىپچى بارات ئاخۇن قاتارلىقلار تاجىكلار ئىجتىمائىي ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان تاجىك خەلق داستانلىرى، رىۋايەتلىرى، ناخشا ـ قوشاقلىرى ۋە بېيىتلىرىنى تاجىك «راۋابى» بىلەن قايناق ھېسسىيات ۋە ئۆزگىچە خاس ئاھاڭلار بىلەن ئېيتىپ كەلمەكتە.

ھازىرقى دەۋردە تار تاجىكلىرى ئىچىدە بىر قىسىم ياش يازغۇچى، شائىرلار يېتىشىپ چىقىپ، تاجىكلارنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدىكى كۈرەش ـ پائالىيەتلىرى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتلىرى، ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان مول ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ياراتماقتا.

ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شەخسلەردىن روزى ئاقمەمەت، تىللاخان تىللا، قۇربانئەلى ئابادخان، تۇرداخۇن ئەركەباي، ئادالەت قەلەم، جاپپار ياۋاسار بازار بايىپ، زۇنۇن ياقۇپ، باتۇرجان ئاتىخان، ئابدۇرەھىم نەۋرۇز، يالقۇن ياقۇپ، ئىسمائىل قەلەم، سوپى توختۇسۇن، ئابدۇراخمان ئابدۇرامان، ۋارىسجان ئاتىخان، ئەلىيار غولامى، ۋاھاپجان قۇربان تەۋەررۇك، تۇردىبەگ مۇھەممەتبەگ، ئامىنە ئابدۇۋاھىد، ھەيدەر ئەلى بەختئەلى، ياسىنجان ياقۇپ، ئەزىمەت مۇھەممەتنىياز، قاۋۇل قارى، ئايىبىبى نەزەر، ئابدۇراخمان ئابدۇئەلى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مەھمۇتجان مەخسۇتزادە قاتارلىقلار بار.

# سەھىيە تەرەققىيات تارىخى

## قاۋۇل قارى

ئازادلىقتىن ئىلگىرى تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ سەھىيە، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى قالاق ھالەتتە ئىدى. سەھىيە، ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش، دوختۇر، دورا قاتارلىقلاردىن سۆز ئېچىش تولىمۇ تەس ئىدى. كىشىلەر ئاغرىق - سىلاق بولۇپ قالسا ۋەياكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تارقالسا ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بېرىقى تەجرىبىدىن ئۆتكەن رېتسېپلىرى بويىچە ئوت - چۆپ، ياۋا ئۆسۈملۈكلەرنى قاينىتىپ ئىچىپ شىپاھ تاپاتتى. شىپاھ تاپالمىغانلىرى تەقدىرگە تەن بېرەتتى ياكى دىنىي ئامال - چارىلەرنى ئىزدەيتتى.

1880- يىللىرىدىن باشلاپ توختىخوجا ئەئلەم دىنىي ئىلىمدىن باشقا پەننىي ئىلىمگە ئەھمىيەت بېرىپ، تېبابەتچىلىك ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىپ داۋالاشنى يولغا قويغان. ئۇنىڭ نەۋرىسى غايىب ئەئلەم پۇتكۇل سەرىكوي رايونىنىڭ 27 يېزا - كەنتىدە، ھەتتاكى قوشنا دىيارلاردىمۇ تاجىك مىللىي تېبابىتى بويىچە داۋالاشنى يولغا قويۇپ داڭق چىقارغان ئىدى. تاكى 1925- يىللارغا قەدەر چېچەك، قىزىل، بوغما، قىچىشقاق، كېزىك، ئۆپكە كېسەللىكلىرى قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئەۋج ئالغان بولۇپ، مۇشۇ مەزگىللەردە غايىب ئەئلەم يەرلىك ئۇسۇل بىلەن يىغىنە سانچىپ داۋالاش ئۇسۇللىرىنى بىرلەشتۈرۈپ كېسەللەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولغان ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىنكى دەۋرلەردە تارنىڭ سەھنىيە تەرەققىياتى بىخ سۈرۈش ھالىتىدىن تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ خېلى چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. 1954- يىلى ئاقتۇ ناھىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تار، چارلۇڭ رايونىغا قاراشلىق يېزا بولۇپ، چارلۇڭدا پەقەت بىرلا داۋالاش پۇنكتى بار ئىدى. تار تاجىكلىرى كېسەل كۆرسىتىش ئۈچۈن جاپالىق يوللارنى بېسىپ كېلىپ چارلۇڭدا كېسەل كۆرسەتتى. 1956- يىلى ياۋاسار بازارباي ئۆز ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىپ كېسەل كۆرۈش ۋە داۋالاش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئازادلىقتىن كېيىنكى تار يېزىسىنىڭ تۇنجى تېببىي خادىمى بولۇپ قالغان ھەمدە كەنت دوختۇرلۇق ۋە زىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ۋاكسىنا ئەملەش، تۇغۇت قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىگەن.

1960- يىللىرى تار تاجىك مىللىي يېزىسىدىن بىر تۈركۈم ياشلار قەشقەر تېببىي مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرىدۇ ھەمدە ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزۈپ ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تەقسىم بولۇپ ئىشلەپ، تارنىڭ، جۈملىدىن ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ سەھىيە تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقان. بۇنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىدىن نەۋرۇز پازىل، تۇنسا ئابدۇقادىر، ئىمامباي مەمەتباي، ئاتاخان ھەمراھ، راخمان ئارزى، مەمەتشاۋۇدۇن مامۇت قاتارلىقلار بار ئىدى. 1966- يىلى چارلۇڭ رايونى تار يېزىسىغا بىر داۋالاش پونكتى قۇرۇلدى ھەمدە بىر قىسىم غەربچە ئاددىي دورىلار تارغا يەتكۈزۈلۈپ، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدى ئېلىندى. شۇنىڭ بىلەن دورا بولماسلىق، دوختۇر يوق بولۇش ئىشلىرىغا دەسلەپكى قەدەمدە خاتىمە بېرىلدى. شۇ جەريانلاردا مەرىپ زىياۋۇدۇن، قارى سىدىق

مەمەتبەگ قاتارلىق ياش نوتىلار يېتىشىپ چىقتى. 1968- يىلى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ ياردىمىدە ھەربىر كەنتتىن ئىككى نەپەر كەنت دوختۇرى، ئىككى نەپەر تۇغۇت ئانىسى ئاقتۇ ناھىيىسىگە ئەۋەتىلىپ سىستېمىلىق تەربىيىلىنىدۇ. ئۇلار ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ تارىنىڭ داۋالاش ئىشلىرىنى ئالغا سۈرىدۇ. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئالدىدا قىلچە باش ئەگمەي، جاپالىق ئىشلەپ، بىمارلارغا بارلىقىنى بېغىشلاپ، كېسەللىك ئۇستىدىن غالىب كېلىپ، بىمارلارنىڭ شەپقەتچىسىگە ئايلىنىدۇ. 1978- يىلىغا كەلگەندە كۆلەملەشكەن ۋە يۇرۇشلەشكەن دوختۇرخانا تار يېزا مەركىزي باغدا قەد كۆتۈرۈپ رەسمىي ئىشلىتىشكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. ئۈچ تېببىي خادىم، 10 كېسەل كارىۋىتى ۋە ئاددىي داۋالاش ئەسلىھەلىرى سەپلىنىپ بېرىلىپ، ھەمكارلىق داۋالىنىش يولغا قويۇلۇپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ دورا ـ ئوكۇل ئېلىپ ئىشلىتەلمەسلىكتەك ئەھۋاللىرىغا دەسلەپكى قەدەمدە خاتىمە بېرىلىدۇ. 1982- يىلى دوختۇرخانا بەش شتاتلىق، 12 كارۋاتلىق مۇكەممەل داۋالاش ئورنى بولۇپ قۇرۇلىدۇ. ئۇلار كەنت دوختۇرلىرىنى تەربىيىلەشنى ئاساس قىلىپ، كەسپىي ئۆگىنىشنى بوشاشتۇرماي «بارلىقىمىز بىمارلار ئۈچۈن» دېگەن روھنى يېتىلدۈردى.

1984- يىلى تار تاجىك مىللىي يېزىسى قۇرۇلۇپ، ئاتاخان ھەمراھىنىڭ باشچىلىقىدا داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى بارلىققا كېلىپ، تارىنىڭ سەھىيە تەرەققىياتى گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويىدۇ. ئىچكى ـ تاشقى كېسەللىكلەر، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ۋە باللار كېسەللىكلىرىنى داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش، تۇغۇت

ئىشلىرىدا يېڭى بىر بەت ئېچىلدى.

1987- يىلى تۇنجى ئاپتوموبىلنىڭ قاتنىشى سەھىيە تەرەققىياتىنى پۈرسەت بىلەن تەمىن ئېتتى. داۋالاش ئەسلىھەلىرى، شىپاھلىق دورا - ئوكۇللار ئۇچۇن مەخسۇس ناھىيىگە كىرىش ۋەزىيىتىگە خاتىمە بېرىلدى. ئېغىر كېسەللەرگە مەخسۇس خادىم قوشۇلۇپ ھەمراھ بولۇپ يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارغا ئەۋەتىلىپ بىمارلارغا روھىي ئوزۇق ئاتا قىلىپ، بىمارلارغا ئۆزىنى بېغىشلاشتەك ئېسىل روھنى نامايان قىلدى.

1990- يىللار تارىنىڭ سەھىيە تەرەققىياتىدا گۈللەنگەن دەۋر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نۇرغۇن ياشلار ھەرقايسى جايلاردىكى تېببىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ قايتىپ كېلىپ، پېشقەدەم دوختۇرلارنىڭ يېتەكلىشىدە، سەھىيە قوشۇنىغا يېڭى قان قوشۇپ، تارىنىڭ سەھىيە تەرەققىياتىغا ئۇل سالدى. 2000- يىللارغا كەلگەندە، تېببىي خادىم ئەسلىدىكى بەش نەپەردىن 17 نەپەرگە كۆپىيىپ، ئىلغار داۋالاش مۇھىتىنى يارىتىپ، شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئادا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن دوختۇرخانىدا 9 نەپەر پارتىيە ئەزاسى، بىر نەپەر مۇدىر ۋراچ، ئىككى نەپەر ۋراچ بار بولۇشتەك ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ. 1995- يىلى پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى تەسىس قىلىنىدۇ ھەمدە تەشۋىقات سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، كۆزقاراش يېڭىلىنىدۇ. 1996- يىلى يېڭى داۋالاش بىناسى سېلىنىپ، يۇقۇم كېسەل كارىۋىتى، مۇكەممەل داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى سەپلىنىپ شارائىت تېخىمۇ ياخشىلىنىدۇ. 1999- يىل 8 - ئايدىكى رەھىمسىز كەلكۈن ئاپىتىدە تېببىي خادىملار كېسەل، ياردارلارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە داۋالاپ، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. يېڭى سېلىنغان داۋالاش بىناسى كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچراپ، داۋالاش ئىشلىرى

پالەچ هالەتكە چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، تېببىي خادىملار تەبئىي ئاپەتكە قىلچە باش ئەگمەي ئۆز بۇرچىنى بىجاندىللىق بىلەن ئورۇندايدۇ.

2003- يىلى يېزا بويىچە نوپۇسىنىڭ تەبئىي كۆپىيىش نىسبىتى 18.1% ئىچىدە كونترول قىلىندى، تۇغۇت چەكلەش نىسبىتى 99%كە، ۋاكسىنا ئەملەش نىسبىتى 100%كە يەتكۈزۈلدى. يېڭى ئولتۇراق رايوندىكى دوختۇرخانا 2004- يىلى رەسمىي ئىش باشلاپ، مۇكەممەل داۋالاش ئورنى بولۇپ قۇرۇلدى. تارىنىڭ سەھىيە، داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش ئىشلىرى ئالتۇن دەۋرگە قەدەم قويغۇسى.

**قول هۈنەرۋەنچىلىك چەۋەندازلىرى**

سانىيە پازىل، ئايخونىزا، قەمەرخان ھەمراھ، ئانارخان، گۈلشەن ھەۋزخان، تۇتىيا ئەكرەمجان، گۈلدەر، ھەلىمە شىۋاق، تاشبىبى جۇمەك، بىگىمجان، مەرەمبىگى، چىننخان، ئايشەم تاۋارچاۋار، سۈرەت سۇلتانئەلى، نېپىز دەرۋىش، بىبىجان، ھەمىدىخان ئەلىك، گۈلھەسەل مۆمىن.

سەپەرباي، تاۋالدى، نەزىم، تالىپ، سۇلتانجان، كامىل، ئەنۋەر.

## ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ۋە ئازادلىقتىن بۇيانقى تار تاجىكلىرىنىڭ مائارىپ تەرەققىيات ئەھۋالى

**كۈرەش ئابنۇس**

ھەرقانداق جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئادەمگە قارىتىلغان

بولىدۇ. تەربىيىلەش مائارىپتىن ئايرىلالمايدۇ. جەمئىيەت، مىللەت ئۆزىنىڭ مۇنداق ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئادەم تەربىيىلەيدىغان مەخسۇس كەسىپنى ــ مائارىپنى ئىجاد قىلغان. نەتىجىدە ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى نۇرغۇنلىغان ئۆزگىرىشلەر داۋامىدا ئوقۇتقۇچىلار خەلقنى، ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش، جەمئىيەت ۋە مىللەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەت ئېغىر تارىخىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپ كەلگەن. بۇ ھازىرقى جەمئىيەتتىمۇ، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ. جەمئىيەت ھامان مائارىپتىن ئۆزىگە ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، جەمئىيەت ۋە مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنىڭ تەقەززاسى تۈپەيلىدىن جەمئىيەت ۋە مىللەتلەرنىڭ مائارىپ تەرەققىياتى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تەرەققىي قىلماقتا. تار تاجىك مائارىپ تەرەققىياتىدىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە زور ئۆزگىرىش ۋە يېڭىلىنىشلار بارلىققا كېلىپ، تار يېزىسىدىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ پەن - مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلماقتا.

## 1. ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى مائارىپ ئەھۋالى

تار تاجىكلىرى تاردىن ئىبارەت سىرلىق بۇ ماكاندا ھاياتلىق پائالىيىتىنى داۋام قىلغاندىن بۇيان، بۇ زېمىندا ئۆزلىرىنىڭ تىنچ، خاتىرجەم، شاد - خۇراملىققا تولغان ئائىلە مۇھىتىنى بەرپا قىلىپ، ئائىلە ئەزالىرى ئائىلە باشلىقىنىڭ

يېتەكچىلىكىدە يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق بىلىملىرى، يېزا ئىگىلىكىدە، چارۋىچىلىقتا كۆرۈلىدىغان، ئادەملەردە كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش بىلىملىرى، تەبىئەت بىلىملىرى، ھەر خىل قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلىملىرى قاتارلىق ئاددىي ئائىلە ساۋاتلىرىنى ئۆگىنىپ ئۇنى ئەمەلىي تۇرمۇشتا قوللىنىپ، ئائىلە مائارىپىنى شەكىللەندۇرۇپ كەلگەن.

گەرچە ئۇ مەكتەپ شەكلىدە ۋۇجۇدقا كەلمىگەن بولسىمۇ كېيىنكى دەۋرلەردىكى دىنىي ياكى پەننىي مەكتەپنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس بولغان. ئائىلىدىكى كۈندىلىك تۇرمۇش پائالىيەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، پەرزەنتلەرنى قانداق تەربىيىلەش، ئۇلارغا نېمىلەرنى ئۆگىتىش، ئېتىقاد، ئەنئەنە ئادەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، ھۈنەر سەنئەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىش، قانداق ياشاش تەربىيىسى قاتارلىقلار ئائىلە مائارىپىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولغان.

1934-يىلىدىن 1940-يىلىغىچە بولغان مەزگىلدە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئۈچ تۈركۈمدە قۇربان دۆلەت، قارغىباي، خۇدابەردى پەرمان، ئابنۇس قادىر، ئىلال داۋۇت، سۇلتانئەلى بەكرى، تۆمۈر ئەمەت، ھەكىمباي، رىچايىك، سېيىت ئىجاۋەتخان، نۇرئاخۇن، ياقۇپ تۇردىنىياز، نەبى، مەمەنىزەر، مەمەتئامان، موجىتخان، يولۋاس مەمەتشاھ قاتارلىق 30 نەچچە تار تاجىك پەرزەنتلىرى تاشقورغان شيەنلى مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلىپ يېڭى پەننىي مائارىپ دەرسلىكى بويىچە يەنى تىل-ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، خەنزۇتىلى، تارىخ، جۇغراپىيە، تەبىئەت، ناخشا، دىن پەنلىرى بويىچە تەربىيىلەنگەن. بىراق، 1934-يىلىدىن 1947- يىلىغىچە بولغان مەزگىلدە تاشقورغان ئىنقىلابى ۋە ئائىلە قىيىنچىلىقى، يول، قاتناش راۋان بولماسلىق قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن

كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشتىن چېكىنىپ، قۇربان دۆلەت، ئىلال داۋۇت، خۇدابەردى پەرمان، قارغىباي تۇردى، ئابنۇس قادىر، سۇلتانئەلى بەكرى، تۆمۈر ئەمەت، مىلىك قاتارلىقلاردىن 20 نەچچە تار تاجىك پەرزەنتلىرى ئوقۇشنى تاملاپ تاشقورغان تاجىك مائارىپى، جۇملىدىن تار تاجىك مائارىپى، چارلۇڭ قىرغىز مائارىپى، كوسراپ ئۇيغۇر مائارىپى ئۈچۈن دەسلەپكى قەدەمدە يېڭى پەننىي مائارىپ بويىچە تايانچ ئوقۇتقۇچىلار بولۇپ، تار تاجىكلىرىنىڭ تۇنجى مەرىپەت ئىگىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. بۇلار تار تاجىكلىرىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى مائارىپ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. بىز ئۇلارنىڭ تارىخنى ئەۋلادمۇئەۋلاد ئەسلەپ تۇرۇشقا ھەقلىقمىز. بۇ تار تاجىكلىرىنىڭ بۆگۈنكى مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ قالدى.

1940-يىلىدىن 1947-يىلىغىچە تار يېزىسى باغ كەنتىدە مەمەتباي موللام بىلەن سادىق(كوسراپتىن) لەرنىڭ باشقۇرۇشىدا دىنىي ئاساس، پەننى قوشۇمچە قىلىنغان مەكتەپ قۇرۇلۇپ، مەمەتباي موللام دىنىي مۇئەللىم، سادىق پەننىي مۇئەللىم بولۇپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ھەرقايسى يىللاردا 50 نەپەر ئەتراپىدا ئوقۇغۇچى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

1948-، 1949-يىلىغا كەلگەندە دىنىي مەكتەپ پەننىي مەكتەپكە ئۆزگەرتىلىپ مەمەتباي موللام ئوقۇتقۇچىلىقتىن قالغان. شۇ يىللىرى تار يېزا باغ كەنتىدە 2 سىنىپلىق 70 نەپەر ئەتراپىدىكى ئوقۇغۇچىدىن تەشكىللەنگەن يېڭى پەننىي مەكتەپ قۇرۇلۇپ، سۇلتانئەلى بەكرى بىلەن ئاتاۋۇللا مەمەتباي ئوقۇتقۇچى، خۇدابەردى پەرمان مەكتەپ مۇدىرى بولغان.

## 2. ئازادلىقتىن كېيىنكى مائارىپ ئەھۋالى

1950-يىلىدىن 1951-يىلىغىچە تارىنىڭ ھەرقايسى كەنتلىرىدە بىردىن مەكتەپ قۇرۇلغان. ئالمالىق كەنتىدە ئىككى سىنىپلىق 60 نەپەر ئوقۇغۇچىدىن تەشكىللەنگەن بىر مەكتەپ قۇرۇلۇپ دۆلەتباي(قوغۇشلۇقتىن)، قۇت (ئالمالىقتىن) ئوقۇتقۇچى بولغان؛ باغئۆزى كەنتىدە ئىككى سىنىپلىق 50 نەپەر ئوقۇغۇچىدىن تەشكىللەنگەن بىر مەكتەپ قۇرۇلۇپ ئابنۇس قادىر ئوقۇتقۇچى بولغان؛ باغ كەنتىدە ئىككى سىنىپلىق 55 نەپەر ئوقۇغۇچىدىن تەشكىللەنگەن بىر مەكتەپ قۇرۇلۇپ يولۋاس مەمەتشاھ بىلەن ئاتاۋۇللا مەمەتباي ئوقۇتقۇچى بولغان. قۇزى كەنتىدە بىر سىنىپلىق 40 نەپەر ئوقۇغۇچىدىن تەشكىللەنگەن بىر مەكتەپ قۇرۇلۇپ، قارغىباي تۇردى ئوقۇتقۇچى بولغان.

شۇ يىلى يېزا بويىچە سىنىپ سانى يەتتىگە، ئوقۇغۇچى سانى 205 نەپەرگە، ئوقۇتقۇچى سانى ئالتە نەپەرگە يېتىپ، تارى يېزىسى بويىچە بىر مۇدىرلىق مەكتەپ بولۇپ قۇرۇلغان. سۇلتانئەلى بەكرى مەكتەپ مۇدىرى بولغان.

1951-يىلىدىن 1966-يىلىغىچە بولغان مەزگىلدىكى باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار 1966-يىلىدىن 1980-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ھەرقايسى كەنتلەرنىڭ ئاساسىي قاتلام كادىرلىق ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ، مائارىپ، سەھىيە خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ، ھازىرقى مائارىپقا بىر كىشىلىك تۆھپە قوشتى.

1977-يىل 9-ئايدا تارى يېزىسىدا چارلۇڭ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ باشقۇرۇشىدا بىر تولۇقسىز 1-يىللىق سىنىپ قۇرۇلۇپ، تار تاجىك پەرزەنتلىرىنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە تولۇق ئوقۇيالىشى

ئۈچۈن شارائىت يارىتىلغان. تولۇقسىز 2-، 3-يىللىقنى چارلۇڭدا ئوقۇپ ئوقۇشنى تاماملايتتى. 1981-يىل 5-ئايدا تار يېزىسى چارلۇڭ يېزىسىدىن ئايرىلىپ چىققاندىن كېيىن، شۇ يىلى 9-ئايدا ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى مۇكەممەل ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلۇپ ئوقۇش باشلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كەڭ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ پەرزەنتلىرى دەسلەپكى قەدەمدە ئۆز ئورنىدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇش شارائىتىغا ئىگە بولدى ۋە كۆندىن - كۈنگە تەرەققىي قىلىپ، ھازىرغا كەلگەندە ئىككى ئورۇندا ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلۇپ، سىنىپ سانى سەككىز، ئوقۇغۇچى سانى 408 نەپەرگە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىسى 21 نەپەرگە يېتىپ، تار تاجىك پەرزەنتلىرىنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشىغا ۋە ئالىي مائارىپنىڭ ئاساسىنى يارىتىشقا شارائىت ھازىرلاندى. باشلانغۇچ مەكتەپ سانى ئالتىگە، سىنىپ سانى 36 گە، ئوقۇغۇچى سانى 701 نەپەر، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىسى 50 نەپەرگە يېتىپ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى.

ھازىرغا قەدەر تار ۋە باشقا ئورۇنلاردا ئىشلەۋاتقان ئومۇمىي خىزمەتچى 265 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىكلەر ئىككى نەپەر، مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىكلەر ئىككى نەپەر، بۆلۈم دەرىجىلىكلەر 16 نەپەر، مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىلىكلەر 18 نەپەر، گۇ دەرىجىلىكلەر يەتتە نەپەر، ئادەتتىكى ئىختىساسلىقلار 161 نەپەر بولۇپ ئومۇمىي خىزمەتچى ئىچىدە مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرىلار %13 نى تەشكىل قىلىدۇ.

## 3. مەدەنىيەت سەھىيە ئەھۋالى

تولۇق كۆرسىنى پۈتكۈزگەنلەر 18 نەپەر، مەخسۇس كۆرسىنى

پوتكوزگەنلەر 69 نەپەر، ئوتتۇرا تېخنىكومىلارنى پوتكوزگەنلەر 128 نەپەر، تولۇق ئوتتۇرىنى پوتكوزگەنلەر 127 نەپەر، تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پوتكوزگەنلەر 1280 نەپەر، ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە تولۇق كۇرسىنى پوتكوزگەنلەر%0.42 نى، مەخسۇس كۇرسىنى پوتكوزگەنلەر %1.61نى، ئوتتۇرا تېخنىكومىلارنى پوتكوزگەنلەر % 2.99 نى تەشكىل قىلىدۇ.

## 4. ئۇنۋان قۇرۇلمىسى

ئۇنۋان قۇرۇلمىسى جەھەتتە: باشلانغۇچ ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئالىي دەرىجىلىكلەر ئالتە نەپەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىكلەر 26 نەپەر، تۆۋەن دەرىجىلىكلەر 41 نەپەر. ھازىرغا قەدەر تاشقورغان ناھىيە تەۋەسى، يەكەن، پوسكام، قەشقەر، قىزىلسۇ، ئۈرۈمچى شەھىرى، شىنجىن، ئاقتو ناھىيە ئىچىدىكى ئورگانلاردا، چارلۇڭ، كوسراپ، ئاقتو بازار، بارىن، پىلال، ئوجمە قاتارلىق ئورۇنلاردا 265 نەپەر ئىختىساس ئىگىلىرى تار مائارىپىنىڭ سورتلۇق مېۋىلىرى ۋە مېۋە نوتىلىرى بولۇپ، ئۆز ئورۇنلىرىنىڭ ھەر ساھە خىزمەتلىرىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشۇپ، بىر ئۆمۈر خىزمەت قىلدى ۋە بىر ئۆمۈر خىزمەت قىلىش يولىدا پىداكارلىق روھى بىلەن ئۇن-تىنسىز ئىشلەپ كېلىۋاتقانلارمۇ بار. يەنى تاشقورغاندا 42 نەپەر، ئاقتو ناھىيە ئىچىدىكى ئورگانلاردا 46 نەپەر، قەشقەر شەھىرىدە ئۈچ نەپەر، پوسكامدا بەش نەپەر، يەكەندە ئالتە نەپەر، ئاتۇش شەھىرىدە توققۇز نەپەر، ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۆت نەپەر، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئىشلەۋاتقانلار بىر نەپەر، تار يېزىسىدا ئىشلەۋاتقانلار 149 نەپەر.

ئاقتو ناھىيىسىنىڭ ئاساسلىق ئىدارە ئورگانلىرىدىن دائىمىي كومىتېت، سىياسىي كېڭەش، ئىنتىزام تەكشۈرۈش

كومىتېتى، ئاياللار بىرلەشمىسى، پىلان ـ ئىقتىساد كومىتېتى، سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، ج خ ئىدارىسى، مائارىپ ئىدارىسى، دوختۇرخانا، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، بانكا، ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا، ناھىيىلىك 1-، 3-باشلانغۇچ مەكتەپ، توك بىلەن تەمىنلەش پونكىتى، يەرلىك باج ئىدارىسى، دۆلەتلىك باج ئىدارىسى، پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى، چوڭلار مائارىپ تەربىيىلەش مەركىزى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلەۋاتىدۇ. مانا بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شارائىتى ناچار، قاتناش قۇلايسىز بولغان، يەنى ناھىيە تەۋەسىدىكى كۆلىمى ئەڭ كىچىك بولغان بىر يېزىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا چوڭ بىر ئىش دەپ قاراشقا بولىدۇ.

2004-يىل 7-ئايغىچە ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقانلار 27 نەپەر، ئىچكىرى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلار ئالتە نەپەر بولۇپ، بىر نەپەر ئوقۇغۇچى 2003-يىلى ئوبلاست بويىچە مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە 723 نومۇر بىلەن بىرىنچى بولدى. بىر ئوقۇغۇچى 2004-يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ 536 نومۇر بىلەن ئوبلاست بويىچە ئىككىنچى بولۇپ تار تاجىك خەلقىگە ۋە ئاتا-ئانىسىغا شان ـ شەرەپ كەلتۈردى.

ھەر خىل ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنى پۈتكۈزۈپ ئىش كۆتۈپ تۇرغانلار 23 نەپەر بولۇپ، بىرىنچى تۈركۈمدە خىزمەتكە تەكلىپ قىلىنغانلار 11 نەپەر.

تار خەلقى ساۋاتسىزلىقنى نومۇس دەپ بىلىدۇ. ھازىرغا قەدەر ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلار ئارىسىدىكى ساۋاتسىزلار 10 نەپەر، ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى % 98.9 كە يەتتى. باشلانغۇچ مائارىپنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى % 98.7 كە، باشلانغۇچ

مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى باللارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 98.7% كە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى باللارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 94.8% كە، ساپ كىرىش نىسبىتى 87.2 %، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئومۇملىشىشى 94.8 % كە يەتتى.

تار تاجىكلىرى تىرىشچان، ئىشچان ۋە يېڭىلىققا ئىنتىلىش روھى كۈچلۈك، خىزمەت مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، بەش نەپەر كىشى مەملىكەت بويىچە ئەمگەك نەمۇنچىسى، 15 نەپەر كىشى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار خىزمەتچى، ئوبلاست، ۋىلايەت دەرىجىلىكلەر 49نەپەر، ناھىيە دەرىجىلىكلەر121 ئادەم قېتىمغا يەتتى.

تار تاجىكلىرى قەدىمدىن تارتىپ ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ئامراق. يەتتە ياشتىن 70 ياشقىچە بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى تاجىكچە ئۇسسۇل ئوينىيالىسا، ئاز ساندىكىلەر ناخشىلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇندىيالىسا، يەنە ئاز ساندىكىلەر ناخشىغا تەڭكەش بولالايدۇ. تاجىك خەلق مۇزىكىلىرى تاجىك خەلق ئۇسسۇلىنى ناخشا ـ قوشاقلىرى بىلەن زىچ بىرلەشكەن ھالدا بىرنەچچە مۇقامدا ئوقۇلىدىغان ناخشا ـ قوشاقلارنى ئىجاد قىلىپ، خۇشاللىقىنى، قايغۇ ـ ھەسرىتىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان پېشقەدەم ۋە ياش ئىقتىدارلىق ناخشا ھەۋەسكارلىرىدىن خان دەرف قاتارلىقلار ئۆز ئىقتىدارىغا ئاساسەن 60پارچە ناخشا تېكىستى يېزىپ ۋە ئاھاڭغا سېلىپ كەڭ خەلق ئاممىسىغا زوق ئاتا قىلدى. ھازىرغا قەدەر«باغدا بوستان بۇلبۇلى»، « بىۋاپا دۇنيا»، «قەن جۇن» قاتارلىق ناخشا-قوشاقلارنى قوشۇپ، ئۇسسۇلغا تەڭكەش قىلىپ، پارتىيىنى مەدھىيىلەيدىغان، رەھبەرلەرنى مەدھىيىلەيدىغان، يۇرتىنى

سېغىنىدىغان، ئۆز ـ ئۆزىگە ئىشەنچ باغلايدىغان، ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان ناخشا ـ قوشاقلىرى ئارقىلىق خەلق كۆڭلىنى ئالدى. مانا بۇ تار مائارىپىنىڭ ئاساسىي نەتىجىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى تار يېزىسىنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن 2766100 يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 4505.47 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى سىنىپ، ئىشخانا، تەجرىبەخانا، ياتاق، قىرائەتخانا قۇرۇلۇشى سېلىپ چىقتى. ئىككى مەكتەپ 2-دەرىجىلىك، ئالتە مەكتەپ 3- دەرىجىلىك تەجرىبە ـ سايمانلار بىلەن تەمىنلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشىگە شارائىت ھازىرلاندى. سەككىز مەكتەپ 32 يۈرۈشتىن جەمئىي 5127 دانە كىتاب ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى كىتاب كۆرۈشى ئۈچۈن ئۈگىنىش سورۇنى ھازىرلاندى.

69 نەپەر ئوقۇتقۇچى ھەقسىز، ئۈزلۈكسىز مائارىپ بويىچە تەربىيىلەپ چىقىلدى. تەربىيىلىنىش نىسبىتى 97% كە يەتتى. 27 نەپەر ئوقۇتقۇچى ئىشتىن ئايرىلىپ ۋە ئىش ئورنىدا تۇرۇپ بىلىم ئاشۇرۇشقا تەشكىللىنىپ بىلىم سەۋىيىسى يېتىلاندى.

42 نەپەر ئوقۇتقۇچى خەنزۇتىلى، كومپيۇتېر تېخنىكىسى بويىچە قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلىنىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى.

10 نەپەر مائارىپ ئىشخانا مۇدىرى، مەكتەپ مۇدىرلىرى ئوبلاست ۋە ئاپتونوم رايوندا ئىش ئورنى بويىچە تەربىيىلىنىپ مەكتەپ باشقۇرۇش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. تەربىيىلىنىش نىسبىتى 100% كە يەتتى.

40 نەپەر ئوقۇتقۇچى ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياش ئوقۇتقۇچىلىق

سالاھىيىتىگە ئىلتىماس قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتىنى بېكىتىش ئۆلچىمىدىن ئۆتتى.

**تۆھپىكار باغۋەنلەر**

ئابنۇس قادىر، سۇلتانئەلى، قۇربانقۇل، زىيابەگ يولداش، مەمەت سەفدەر، يۇسۇپ ئەلىخان، تۇردى باباخان، تاشباي موللا، خۇشمەمەت سادىر، قاسىم خۇدابەردى، بەگەۋەز رىچايىك، جامالخان خالىق، مۆمىن ئەۋەل، ھاۋاخان ئارزى، ئابدۇراخمان شېرىپ، ئابلەت روزى، داۋۇت ئىززەت.

## تاجىكلار ۋە ئۇلارنىڭ تاغقا چىقىش ھەرىكىتى

### باتۇرجان ئاتىخان

تاجىكلار ئىلىمىزدىكى قەدىمىي مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئومۇمەن ئالغاندا دېڭىز يۈزىدىن 2500 — 4600 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئېگىز تاغلارغا ماكانلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق پائالىيەتلىرىنى داۋام قىلماقتا. تاجىكلار قەدىمدىن بۇيان ئاسمان - پەلەك چوققىلار، خەتەرلىك قىيا - ھاڭلار، سۇرلۇك ئۆڭكۈرلەر، ئارچا ۋە قارىغاي ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان ياپېشىل يايلاقلاردا ئىناق ۋە خۇشال تاغ تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرۈپ كەلگەچكە، سۇپەتلىگۈچىلەر تەرىپىدىن «تاغ سۇپەت مىللەت»، «بۈركۈت كەبى جەسۇر مىللەت» دېگەنناملارغا ئېرىشىپ كەلمەكتە. تاجىكلار ياشىغان رايونلارنى شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇ تەبىئەتنىڭ ئىنسانلارغا ئاپىرىدە قىلغان بىر سىناق «جەڭ مەيدانى».

چۈنكى، بۇ رايونلار ياشىغۇچىلاردىن ھەممىشە قەيسەرلىك ۋە ئۆزىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. تاجىكلار ئەزەلدىن ئوۋ ئوۋلاشنى ياخشى كۆرىدىغان ئوۋخۇمار مىللەت بولغاچقا، ئۇلار ئوۋ نىشانى بولغان كېيىك، ئارقارغا ئوخشاش ئولجىلارنى قوغلاش جەريانىدا قارا مىلتىقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، خەتەرلىك قىيا - ھاڭلاردىن ۋە ئېگىز چوققىلاردىن ھالقىپ ئۆتۈشكە ئادەتلەنگەن. شۇڭا، تاجىك جەمئىيىتىدە تاجىك پەرزەنتلىرى تۇغۇلۇپ 8 — 9 ياشلارغا كىرە - كىرمەيلا قىزلار ئانىلىرىدىن چىداملىقى يۇقىرى بولغان پۇت كىيىمى جۇراپ توقۇشنى ئۆگەنسە، ئوغۇللار دادىلىرىدىن قارا مىلتىقنى قولىغا ئېلىپ، نىشان (قارىغا) ئېتىشنى ئۆگىنىدۇ.

تاجىك ئەرلىرى نەپىس توقۇلغان جۇراپ ئۈستىگە قىزىل چورۇقىنى كىيىپ، بېلىگە كىسەھ - كەمەرنى باغلاپ، ئۆشنىسىگە قارا مىلتىق بىلەن ئوزۇق - تۈلۈك قاچىلانغان كەلۋورىنى چىلپىسىگە ئېسىپ، تەلپىكىنى قىرلاپ كىيىپ، قولىغا كەلەنسەرنى ئېلىپ، ئوۋ ئوۋلاشقا ياكى پادا بېقىشقا ئادەتلەنگەن. ئۇلارنىڭ دۆڭدىن پەسكە چۈشۈشى، پەستىن ئېگىزگە ئۆرلىشى بىر خىل ئېغىر جىسمانيي ھەرىكەت بولۇپ، بۇ ھەرىكەتلەر ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىن بىر مىنۇتمۇ مۇستەسنا ئەمەس. تاجىكلار مەيلى ئوۋ ئوۋلاش ياكى پادا بېقىش جەريانىدا بولسۇن، ئۇلار مۇرەككەپ تاغ شارائىتىدا ئوخشاش بولمىغان خېيىمخەتەرلەرگە يولۇقۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار تۈرلۈك خەتەرلەر ئالدىدا ئۆزىگە خاس ئىشەنچ ۋە تەۋەككۈلچىلىك روھىنى ياراتقان.

بۈگۈنكى ئىنسانلارنىڭ تاغقا چىقىش ھەرىكىتى قېلىپلاشقان، بىر مىللەت ۋە بىر دۆلەت كىشىلىرىنىڭ

جىسمانىي ساپاسىنى، غالىبانە روھىنى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتىنى سىنايدىغان بىردىنبىر تەنتەربىيە تۈرىگە ئايلاندى. نۇرغۇنلىغان ئېكسپېدىتسىيىچى ۋە تاغقا چىقىش ھەۋەسكارلىرى تاغقا چىقىش ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ، دۇنيادىكى مەشھۇر چوققىلارنى، مۇزلۇقلارنى بوسۇندۇردى. گەرچە تاجىكلارنىڭ تاغقا چىقىش ھەرىكىتىنى دۇنيادىكى ئىستىخىيىلىك، تېخنىكىلىق تاغقا چىقىش ھەرىكىتىنىڭ ۋە زىنگە سېلىشتۇرغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ، خەتەرلىك قىيالارغا جەڭ ئېلان قىلىپ، خۇددى تاغدىكى شاش كېيىكتەك سىلىق تاشلاردىن ئەركىن، بىمالال ئۆتۈشىنى يەنىلا دۇنياۋى تاغقا چىقىش ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى دەپ ئېيتالايمىز. تاجىكلارنىڭ تاغقا چىقىش ھەرىكىتى ئىزچىللىقا ئىگە ۋە تاغقا باغلانغان ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي جەريان. بۇ ئۇزاق تارىخىي جەريان تاجىكلارنىڭ تەن قۇۋۋىتى، بەدەن ساپاسى ۋە ساغلاملىق جەھەتتىكى فىزىئولوگىيىلىك پائالىيەتلىرىگە ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ جاپاغا چىداملىق، زېرەك ۋە ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشتەك خاراكتېرىنى ياراتقان. سەھىيە تارماقلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، تاجىكلارنىڭ مەملىكەت ئاھالىلىرىگە سېلىشتۇرغاندا ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش يېشى 67 بولۇپ، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش جەھەتتە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىكەن.

دۆلىتىمىزنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن تاجىكلار ئوۋ مىلتىقىنى تاپشۇرۇپ ئوۋچىلىقتىن قول ئۈزگەن بولسىمۇ، يەنىلا خەتەرلىك بەل ـ قىيالاردىن ئۆتۈشتە قەدىمىنى توختاتقىنى يوق. ئۇلار جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، نورمال پادا

بىقىش ئىشلىرىدىن سىرت، قانۇنلۇق دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى يىغىش، قانۇنلۇق كان بايلىقلىرىنى ئىزدەش شەكلى ئارقىلىق تاغقا چىقىش ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرماقتا.

بۈگۈنكى كۈندە، دۇنياۋى تاغقا چىقىش ھەرىكىتىنىڭ شان-شۆھرىتىدىن قارىغاندا، مىللىتىمىزنىڭ سەممگە مۇنداق بىر ئىشنى سىپلىپ قويىۋش زۆرۈردەك تۇرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ بىكىنمىچىلىك چەمبىرىكىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇچۇرغا، دۇنياغا يۈزلىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ تاغقا چىقىش جەھەتتىكى ماھارىتى ۋە تالانتىنى دۇنياۋى سەھنىلەرگە ئېلىپ چىقىش.

# تاجىك باللار ئويۇنلىرى

## يالقۇنجان ياقۇپ

تاجىكلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە تەبىئىي شارائىتقا ماس ھالدا ئۆزگىچە پىسخىكا، ئۆرپ - ئادەت، دۇنيا قاراشنى شەكىللەندۈرگەن. ئومۇمەن يېتىلدۈرگەن ھەرقانداق بىر ئالاھىدىلىك ئۆلارنىڭ ياشىغان مۇھىتى بىلەن بىۋاستە، سىرتقى مۇھىتنىڭ تەسىرىنى ۋاستىلىك قوبۇل قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. تاجىك باللار ئويۇنلىرىمۇ ئەنە شۇنداق جەرياندىن مۇستەسنا ئەمەس بولۇپ، ھەربىر ئويۇنغا قەدەر ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ئورۇننىڭ تەبىئىي شارائىتىنىڭ ۋە سىرتقى مۇھىتنىڭ تەسىرىنى روشەن ھالدا ئۆزىگە سىڭدۈرگەن ۋەياكى شۇ ئاساستا يېڭىلاش، پىششىقلاش ئېلىپ بېرىپ تاجىك باللار ئويۇنلىرىنىڭ رەڭدارلىقىنى ئاشۇرغان، تۈرلىرىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، تاجىك باللىرىنىڭ تەپەككۇر يولىنى

بېيىتىپ، توغرا بولغان دۇنياقاراش، ئەخلاق قارىشىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەمدە بولغان. يەنە بىر تەرەپتىن تاجىك بالىلار ئويۇنلىرى بالىلارنى چېۋەر، چاققان، پاراسەتلىك، تېز ئىنكاس قايتۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان ئويۇنلارغا، قىزىق ئويۇنلارغا جەلپ قىلىپ بالىلارنى ئارام ئالدۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئەقلىي تەپەككۇر قىلىشقا يېتەكلەپ، مەسىلىلەر ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈش، پىكىر بايان قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. تاجىك بالىلار ئويۇنلىرىنىڭ تۈرلىرى ۋە سانىمۇ خېلى كۆپ بولۇپ تېخى توپلىنىپ، رەتلىنىپ بولمىغاچقا توپلاشنى، رەتلەشنى كۈتۈپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قىسىم تاجىك بالىلار ئويۇنلىرى يېڭى مەدەنىيەت ئامىلىنىڭ تۈرتكىسىدە يوقىلىپ كەتتى ياكى يوقىلىش ئالدىدا تۇرماقتا. شۇڭا، ئۇلارنى ساقلاپ قېلىش بىر تەرەپتىن مەدەنىيەت ئىزچىللىقىنى ساقلاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن تاجىك مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تاجىك بالىلار ئويۇنلىرىمۇ ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ تارقاق ئولتۇراقلىشىشتەك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، بىر ئورۇن بىلەن يەنە بىر ئورۇننىڭ بالىلار ئويۇنلىرىدا بەلگىلىك دەرىجىدە پەرق شەكىللەنگەن. مەخسۇس چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان ئورۇنلاردىكى تاجىك بالىلار ئويۇنلىرى بىلەن، يېرىم چارۋىچىلىق، يېرىم دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان ئورۇنلاردىكى تاجىك بالىلار ئويۇنلىرى ھەم دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلاردىكى تاجىك بالىلار ئويۇنلىرى ئارىسىدا تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىتنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، روشەن پەرق شەكىللەنگەن. ھەربىر ئورۇندا شەكىللەنگەن تاجىك بالىلار

ئويۇنلىرىغا مەزكۇر ئورۇننىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكى، جۇغراپىيىلىك ئورنى قاتارلىق يەرلىك تۈس سىڭىپ كەتكەن. تۆۋەندە يېرىم چارۋىچىلىق، يېرىم دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان ئاقتۇ ناھىيە تار تاجىك مىللىي يېزىسىدا ئولتۇراقلاشقان تاجىك بالىلار ئويۇنلىرىدىن ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تاجىك بالىلار ئويۇنلىرىنى تونۇشتۇرۇش بىلەن بىرگە بىرقانچە خىل ئويۇن توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

تار تاجىك مىللىي يېزىسىدىكى بالىلارنىڭ ئويۇنلىرىمۇ كۆپ ھەم رەڭدار بولۇپ ھەم چارۋىچىلىق، ھەم دېھقانچىلىق تۈسىنى ئالغان بولۇپ، ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ قالغانلىرىدىن «كۈلتۈك ئويۇنى»، «مۈشۈك – مۈشۈك ئويۇنى»، «بالام باغدۇر ئويۇنى»، «ھۆپىلىكى ھۆپ ئويۇنى»، «تۈگمە ئويۇنى»، «بۆرى - بۆرى ئويۇنى»، «موتەك ئويۇنى»، «تەلپەك تېپىپ ئويناش» (يۇقتى – يۇقتى ئويۇنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، «چېكىلەك ئويۇنى»، «توك – توك ئويۇنى» ،«ئاق شىم مەك ئويۇنى»، «چەندەك ئويۇنى» قاتارلىق ئويۇنلار بار. بۇنىڭ ئىچىدىكى «توك – توك ئويۇنى» ۋە «چەندەك ئويۇنى» شۇ يېزىدا ئۆرۈكنىڭ بولۇشىدەك ئالاھىدىلىك ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

## «كۈلتۈك ئويۇنى»

«كۈلتۈك ئويۇنى»نى ئويناشتا ئالدى بىلەن ئارىلىقى بەش مېتىر يىراقلىقتىكى ئىككى ئورۇنغا دىئامېتىرى 2 مېتىر كەلگۈدەك قىلىپ چەمبەر سىزىلىدۇ، ئاندىن بىرەيلەن بىر چەمبەرنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ چەمبەرنىڭ ئىچىدە تۇرغانلارغا بىر - بىرلەپ كۈلتۈكنى (يىپ يۆگەپ ياسالغان كىچىك توپ) تاشلاپ

بېرىدۇ. چەمبەر ئىچىدىكىلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كۆچىنىڭ بارىچە كۆلتۈكنى ئۇرۇپ يىراققا كەتكۈزۈۋېتىپ يەنە بىر چەمبەرگە يۈگۈرۈپ بېرىۋالىدۇ ھەممە بىرسى ئۇرغان ھامان يۈگۈرۈپ ئەسلىدىكى چەمبەرگە قايتىپ كېلىدۇ. ئەگەر كۆلتۈكنى تاشلىغان بالا چەبدەسلىك بىلەن كۆلتۈكنى تېپىپ ئەكېلىپ چەمبەردىن چىققان بالىنى ياكى ئەسلىدىكى چەمبەرگە قايتىپ كېلىۋاتقان بالىنى كۆلتۈك بىلەن ئۇرۇۋالسا، كۆلتۈكنى ئۇرۇۋالغان بالىغا بېرىدۇ، كۆلتۈكنى شۇ بالا تاشلاپ بېرىدۇ. باشقىلار ئويۇننى ئاۋۋالقىدەك داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ. ئويۇن شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىدۇ.

### «مۈشۈك - مۈشۈك ئويۇنى»

بۇ ئويۇنغا ئادەتتە بەشتىن ئارتۇق ئادەم قاتنىشىشى كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭدىن ئاز بولسا ئوينىغىلى بولمايدۇ ياكى ئوينىغان تەقدىردىمۇ قىزىقارلىقى بولمايدۇ. ئويۇن مۇنداق ئوينىلىدۇ. ئالدى بىلەن ئۇچتىن ئارتۇق بالا قول تۇتۇشۇپ چەمبەر ھاسىل قىلىدۇ، چەمبەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر بالا چاشقاننىڭ رولىنى ئېلىپ تۇرىدۇ. چەمبەرنىڭ سىرتىدا بىر بالا مۈشۈكنىڭ رولىنى ئېلىپ تۇرىدۇ، ئويۇن باشلانغاندا چەمبەر ئىچىدىكىلەر قول تۇتۇشۇپ چەمبەر ھاسىل قىلىپ ئايلىنىپ چۆرگىلەيدۇ، مۈشۈك چەمبەر ئىچىدىكى چاشقانغا ئېتىلىپ تۇتۇشقا تىرىشىدۇ، ئەگەر مۈشۈك چاشقاننى قايسى بالىنىڭ قولىنىڭ ئارىسىدىن (دائىرىسى ئىچىدىن) تۇتۇۋالسا، چاشقان شۇ بالىنىڭ ئورنىغا كېلىدۇ، ئۇ بالا چاشقاننىڭ رولىنى ئېلىپ داۋاملاشتۇرىدۇ، ئويۇن ئەنە شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىدۇ.

## «توك - توك ئويۇنى»

بۇ ئويۇن ئاساسەن ھەر يىلى ئۆرۈك پىشقان مەزگىلدە ئوينىلىدۇ. بۇنىڭغا ئىككى بالا قاتنىشىدىغان بولۇپ، ئىككى تەرەپ يېگەن ئۆرۈكنىڭ چىقىلمىغان ئۇچكىسىدىن مەلۇم مىقداردا يىغىپ ئەكېلىدۇ ھەمدە ئۆزى ئۇزۇنراق، قولدا تۇتۇشقا ئەپلىك بولغان تاشتىن بىردىن، يۇزى تەكشى ھەم قېلىنراق تاشتىن بىردىن تەييارلايدۇ، ئاندىن بىر تەرەپ قارشى تەرەپ بەرگەن ئۇچكىنى چېقىشقا باشلايدۇ، شەرت شۇكى، ئۇچكىنى پەقەت بىر قېتىم ئۇرۇپ چېقىش كېرەك. ئەگەر چاقالىسا چاققان مېغىزىنى ئۆزى يېگەندىن سىرت، قارشى تەرەپ بىر تال ئۇچكە تۆلەيدۇ، ئەگەر چاقالمىسا، قارشى تەرەپكە بىر تال ئۇچكە تۆلەيدۇ ھەمدە چاقالمىغان ئۇچكىسىنى بېرىپ ئۇنىڭ چېقىشىغا تاپشۇرىدۇ. ئويۇن مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا داۋاملىشىدۇ.

## «چەندەك ئويۇنى»

«چەندەك ئويۇنى»نىڭمۇ ئىككى خىل شەكلى بار. بىرى، ئورەك كولاپ ئويناش ئوغۇل، يەنە بىرى، ئۇچكىنى قولدا چىك سىقىمداپ سانىنى تاپقۇزۇش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت. بۇ خىل ئۇسۇللار ئۆرۈك پىشقان مەزگىلدە ئوينىلىدىغان پەسىل خاراكتېرگە ئىگە ئويۇن بولۇپ، بۇنىڭغىمۇ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشسا بولىدۇ. ئۇچكىنى قولدا چىك سىقىمداپ سانىنى تاپقۇزۇش ئۇسۇلىنىڭ جەريانى مۇنداق. ئالدى بىلەن ئۆرۈك يەپ يىغىلغان ئۇچكىلىرىنى ئايرىپ ئېلىپ، بىر تەرەپ ئۇچكىنىڭ سانىنى قارشى تەرەپكە بىلدۈرمىگەن ئاساستا چىك سىقىمداپ ئۇچكىنىڭ سانىنى تاپقۇزۇش مەقسىتىدە «چەندەك»

دېيىلىدۇ، قارشى تەرەپتىكىلەر سانىنى ئېيتىپ بېرەلىسە ھەر بىرىگە شۇ ئۆچكىنى تەڭ بۆلۈپ بېرىدۇ، ئەگەر تاپالماي ئاز دەپ قالسا، قولىدىكىدىن قانچىسى كەم بولغان بولسا، شۇنچە ئۆچكىنى تۆلىتىۋالىدۇ، ئەگەر كۆپ دەپ قويغان بولسا قولىدىكىدىن قانچىسىنى ئارتۇق دېگەن بولسا شۇنچە ئۆچكە تۆلىتىۋالىدۇ. ئويۇن ئەنە شۇنداق ئېلىپ بېرىلىدۇ.

# VIII باب تار تارىخىدىكى تۆھپىكار شەخسلەر

## تۆھپىكار ئانىلار

سەدەبخان روزى، باغداگۈل مۇساق، جىنەستىخان باباخان، تۇنسا ئابدۇقادىر، زەينەپخان توختاش، لەھەل موللا، قەمەرخان ھەمراھ، سىلسىلە ھەسەن، بىبى توختى ئارزى، ھەسەلخان يولداش، ئايلاچ نۇراخۇن، گۈلاف تۆمۈر، زەيىپخان تۇردى، ئايسۇلتان تۇردى، زورا شەرمەمەت، ھەنىپخان ھەزيار، ئايئاغىچا موللاخۇن، دۇربىبى ئىلال، ئايىمخان نىيازغوجا، تاشبىبى نۇراخۇن، ھاۋاخان ئارزى، جامالخان خالىق، مەلىكخان مامۇر، گۈياخان خۇدابەردى، توختىخان، ھاشىخان مامۇر، تاشبىبى گەنجى، ئايچىنى، رەيھان سەتى

## قۇربان دۆلەت

قۇربان دۆلەت 1918- يىلى تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ باغۇزى كەنتىدە دۆلەت مۇسا ئىسىملىك چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1934- يىلىدىن 1938- يىلىغىچە تاشقورغاندا ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپتە ئوقۇغان. 1938- يىلىدىن 1942- يىلىغىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن، ئۇرۇمچى دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. 1942- يىلىدىن 1944- يىلىغىچە قەشقەر كونىشەھەر قوغان باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، ئىلمىي مۇدىر، قەشقەر نەزەرباغ تاجىك باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ

مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. 1945- يىلى تاشقورغان ئىنقىلابىغا قاتناشقان. ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ مىللىي ئارمىيە تەمىنات بۆلۈمىدە بوغالتىر، مىللىي ئارمىيە مالىيە بۆلۈم باشلىقى بولغان. «11 بىتىم» ئىمزالانغاندىن كېيىن، شىنجاڭ بىرلەشمە ھۆكۈمەت تاشقورغان كېڭەشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك سالاھىيىتى بىلەن ئۆلكىلىك قۇرۇلتايغا ۋەكىل بولۇپ سايلانغان. 1947- يىلىدىن 1949- يىلىغىچە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان، «ئازادلىق II» ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلانغان. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، تاشقورغان ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. 1950- يىل 11- ئايدىن 1951 - يىل 9- ئايغىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ساقچى مەكتىپىدە ئوقۇغان. شۇ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. 1951- يىل 9- ئايدىن 1952- يىل 8- ئايغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتىدە ئەترەت باشلىقى بولغان. 1953- يىلىدىن 1955- يىلىغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ سىياسىي تەتقىقات سىنىپىدا ئوقۇغان. 1955- يىلىدىن 1958- يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلار نازارىتى قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئىسلاھات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1958- يىلىدىن 1961- يىلىغىچە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاست كانسۇ پولات زاۋۇتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرىتارى، زاۋۇت باشلىقى بولغان. 1961- يىلىدىن 1962- يىلىغىچە ئوبلاستلىق تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1962- يىلىدىن 1967- يىلىغىچە ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى بولغان. كېيىن مەدەنىيەت زور

ئىنقىلابىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان. 1978- يىلى خىزمىتى ئەسلىگە كېلىپ 1981- يىل 11- ئايغىچە ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى بولغان. 1981- يىلىدىن 1984- يىلىغىچە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولغان. 1984- يىلى خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا چىققان. 1993- يىل 6- ئاينىڭ 23- كۈنى 76 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## قارغاباي تۇردىباي

1929- يىلى قۇززى كەنتىدە چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1941- يىلىدىن 1948 - يىلىغىچە تاشقورغان ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپتە ئوقۇغان. 1950 - يىلىدىن 1952 - يىلىغىچە تار، كوسراپ يېزىلىرىدا ئوقۇتقۇچى بولغان. 1953 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدىكى ئوقۇشنى تاماملاپ تاكى 1956 - يىلىغىچە تاشقورغان ناھىيىسىدە خەلق ساقچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1955 - يىلى پارتىيىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن. شۇ جەرياندا ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىدە تەپتىش، مۇئاۋىن تەپتىش باشلىقى بولغان، 1960 - يىلى مەركەز سىياسىي قانۇن ئىنستىتۇتىدا بىلىم ئاشۇرۇۋاتقاندا مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. 1962 - يىلىدىن 1965- يىلىغىچە تاشقورغان ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولۇپ ئىشلىگەن. كېيىنچە ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلەپ، 1972 - يىل 8 - ئايدا مەلۇم سەۋەبلەر

تۆپەيلىدىن تاشقورغانغا قايتىپ كەلگەن ھەمدە ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، ناھىيىلىك پارتكومدا ئىشخانا مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1978- 1984 - يىلىغىچە تاشقورغان ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى بولۇپ ئىشلىگەن. 1984 - يىلىدىن باشلاپ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولۇپ ئىشلەپ، 1988 - يىل 6 - ئايدا پېنسىيىگە چىققان.

**ناسىر سابىر**

1949 - يىل 4- ئايدا ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ تار تاجىك مىللىي يېزا باغۇزى كەنتىدە چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

2001 - يىل 7- ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان. 1949 - يىلىدىن 1956- يىلىغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان، 1956- يىلىدىن 1960 - يىلىغىچە باغۇزى كەنت باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. 1960 - يىلىدىن 1966- يىلىغىچە ئاقتۇ ناھىيىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپتە تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن. 1966- يىلىدىن 1972- يىلىغىچە ئائىلىسى تۇرۇشلۇق باغۇزى كەنتىدە قايتا تەربىيە ئالغان. 1972- يىلىدىن 1974- يىلىغىچە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق دارىلمۇئەللىمىننى پۈتكۈزگەن.

1974- يىلىدىن 1977- يىلىغىچە چارلۇق يېزا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1977- يىلىدىن 1981- يىلىغىچە ئاقتۇ ناھىيىلىك مەدەنىي مائارىپ ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ خىزمەت قىلغان. 1981- يىلىدىن 1984- يىل 6 - ئايغىچە ناھىيىلىك كادىرلار ئىدارىسىدە خىزمەت قىلغان، 1984-

يىل 6 - ئايدىن 2003 - يىل 1- ئايغىچە ئاقتۇ ناھىيىلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى 8-، 9-، 10-، 11-، 12- نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق 9 - نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولغان. 2003 - يىل 1- ئايدىن ھازىرغىچە جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى ئاقتۇ ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، سىياسىي كېڭەش پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى بولغان.

**شجائەتخان ۋەزىرى**

1944- يىل 11- ئايدا تار يېزىسىدا دىنىي زات ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1958- يىلى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، 1961- يىلغىچە قەشقەر مېدىتسىنا تېخنىكومىنىڭ داۋالاش كەسپىدە ئوقۇغان.

1961- يىلدىن 1984- يىلغىچە تاشقورغان ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا دوختۇر، بۆلۈم مۇدىرى، دوختۇرخانا مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا ئاپتونوم رايونلۇق ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك تېببىي بىلىم يۇرتلىرىدا تېببىي داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش، پەن - تېخنىكا تەتقىقاتى قاتارلىق كەسپلەردە بىلىم ئاشۇرغان. 1984- يىلدىن 1994- يىلغىچە تاشقورغان ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان. 1994- يىلدىن 1996- يىلغىچە تاشقورغان ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، 1996- يىلدىن 2003- يىلغىچە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 2004- يىلى پېنسىيىگە چىققان.

بۇ جەرياندا ئۇ يېزا ئاساسىي قاتلام دوختۇرلىرىنى تەربىيلەش، تېببىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش، داۋالاش تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، «ئېگىز تاغ كېسەللىكلىرى»، «ئەبۇئەلى ئىبن سىنا ۋە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى» (باشقىلار بىلەن بىرگە) دېگەن ئىككى كىتابنى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان. «تاشقورغان تارخىي مەتېرياللىرىنىڭ 1-، 2- قىسمى»نى تۈزۈپ چىقىشقا بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلغان. 50 پارچىدىن ئارتۇق تېببىي تەتقىقات ماقالىلىرى ۋە پەن تەتقىقات ماقالىلىرى مەملىكەت، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك گېزىت - ژورناللاردا ئېلان قىلىنغان. بىر قىسىم ماقالىلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە 2- دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. پامىر ئېگىزلىكىدىكى شىپاھلىق دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى ئېنىقلاش ۋە تاغارما ئىسسىق بۇلاق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. شۇ نەتىجىلىرى بىلەن سەھىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، مەملىكەت بويىچە سەھىيە سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى دېگەن شەرەپكە مۇيەسسەر بولغان. كۆپ قېتىم ئىلغار خىزمەتچى، پارتىيە ئەزاسى ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋەكىلى بولۇپ مۇكاپاتلانغان.

## ئارمان قۇربان

1947- يىل 10- ئايدا ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ تار تاجىك مىللىي يېزا باغ كەنتىدە بىر زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1955- يىلدىن 1965- يىلغىچە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئاتۇش، ئاقتۇ تار، كانسۇ، ئوبلاستلىق 1- ئوتتۇرا، ئاقتۇ ناھىيىلىك 1- ئوتتۇرا، قەشقەر ۋىلايەتلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان.

1965- يىلىدىن 1968- يىلىغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەنزۇ تىلى كەسپىدە ئوقۇغان. 1968- يىل 12- ئايدا تاشقورغان ناھىيىسىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ، 18 يىل جاپالىق خىزمەت قىلغان. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ مارياڭ، بورۇمسال، ۋاچا يېزىلىرىدا تەرجىمان، كاتىپ، مائارىپقا مەسئۇل خادىم، تاشقورغان ناھىيىلىك زىيالىي ياشلار خىزمەت ئىشخانىسىدا مەسئۇل خادىم، سوت مەھكىمىسىدە سوتچى، سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى ناھىيىلىك ئەدلىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە ئادۋوكات، دۆلەت گۇۋاھلىق خىزمىتى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1986- يىل 5- ئايدا ئاقتۇ ناھىيىسىگە يۆتكىلىپ 1993- يىلىغىچە ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشى، تەپتىش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، باش تەپتىش، قوشۇمچە تەپتىش مەھكىمە پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

تەپتىش خىزمىتىدە خىزمىتى ئالاھىدە بولغانلىقتىن، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئومۇمىي بۇيرۇق چىقىرىپ تەقدىرلىگەن. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى تەرىپىدىن 1- دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىنغان. ئاقتۇ ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى كوللېكتىپ 1- دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئالغان. 1993- يىل 5- ئايدىن ھازىرغا قەدەر ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى، قوشۇمچە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇ قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 8-، 10-، 11- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، 11- نۆۋەتلىك خەلق

قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ج ك پ قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 7- نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، بىر تۈركۈم ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان.

**سۇلتانئەلى بەكرى**

1917- يىل تار يېزىسىنىڭ ئالمالىق كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. 1949- يىلى تار يېزىسىدا پەننىي ئوقۇتقۇچى بولغان. شىڭ شىسەي دەۋرىدە تاشقۇرغاندا دۇكاندار بولغان.

1945-، 1946-يىللىرى تاشقۇرغاندا مىللىي ئىنقىلابقا قاتنىشىپ كوماندىر بولغان. يېڭىسااردا گومىنداڭنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ بىر يىلدىن كېيىن ئازادلىق ئارمىيە تەرىپىدىن قۇتقۇزۇۋېلىنغان. 1950- يىلى تار يېزىسىغا قايتىپ كېلىپ مەكتەپ مۇدىرى بولغان. 1980- يىلغىچە مائارىپ ساھەسىدە ئىشلەپ، تاجىك ئاقارتىش ئىشلىرى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان. 1994- يىلى ۋاپات بولغان.

**قۇربانقۇلى تەۋەررۈك**

1932- يىلى 1-ئايدا تارىيېزىسىنىڭ باغ كەنتىدە تۇغۇلغان. 1947-يىلغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان. 1947-يىل 9-ئايدىن 1951- يىل 9 - ئايغىچە تار باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. 1951-يىل 9-ئايدىن 1953-يىل 9-ئايغىچە تاشقۇرغان ناھىيىلىك شىيەنلى مەكتەپتە ئوقۇغان. 1953-يىل 9-ئايدىن 1955-يىل 9-ئايغىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. 1955- يىلى 10- ئايدىن 1959-يىل 9-ئايغىچە تار باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1959-يىل 9-ئايدىن 1981-يىل 9-ئايغىچە چارلۇڭ يېزىسىنى مەركەز قىلغان تار، كوسراپ، چارلۇڭ قاتارلىق

جايلارنىڭ ئوتتۇرا ،باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرى، مائارىپ پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى ،مائارىپ گەنسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1981-يىل 6-ئايدا تار بېزىسى قۇرۇلغاندا تار بېزىسىدىكى ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە مۇدىر، مائارىپ ئىشخانا مۇدىرى، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ 37يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق هاياتىدا 17قېتىم ناهىيە دەرىجىلىك، بەش قېتىم ئوبلاست دەرىجىلىك «مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى»بولۇپ باهالانغان . 1989-يىلى «مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى»بولۇپ شەرەپ مېدالىغا ئېرىشكەن. 1992 - يىل 2-ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى. ئۇ ئۆزىنىڭ 37 يىللىق خىزمەت هاياتىدا 1000 دىن ئارتۇق ئىختىساس ئىگىسىنى تەربىيىلەپ چىققان. ئۇ تەربىيىلىگەن ئىختىساس ئىگىلىرى هازىرمۇ جەمئىيەتنىڭ هەرساهە ـ قاتلاملىرىدا ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.

## دورى قۇربان

1953- يىلى تۇغۇلغان. 1973- يىلدىن 1977- يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. هازىر ئاقتۇ ناهىيە مۇهىت ئاسراش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، پارتىيە ئەزاسى. 1977- يىلدىن 1997- يىلغىچە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئاقتۇ ناهىيىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى مۇدىرى، مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتېتى تەشكىلىي ئەزاسى، مەكتەپ مۇئاۋىن مۇدىرى، قوشۇمچە ناهىيىلىك تەبىئىي پەن ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، ناهىيىلىك مائارىپ ئۇنۋان باهالاش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ئوبلاستلىق ئىلىم ـ پەن جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ناهىيىلىك

3- ئوتتۇرا مەكتەپ پارتىيە ياچېيكا سېكرېتارى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى، ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە ناھىيىلىك ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋان باھالاش كومىتېتىنىڭ باشلىقى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا مەملىكەت بويىچە «مۇنەۋۋەر ياش - ئۆسمۈرلەر تەربىيىچىسى»، ئاپتونوم رايون بويىچە «تىرىشچان باغۋەن»، ئوبلاست بويىچە «مۇنەۋۋەر مائارىپچى»، «ئىلغار خىزمەتچى»، «مۇنەۋۋەت پارتىيەئەزاسى» دېگەن نامالار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

1997- يىلدىن 2003- يىل 3- ئايغىچە ناھىيىلىك ئەمگەك - كادىرلار ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە ناھىيىلىك بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

## ئىمىن سىدىق

1942 - يىل 3- ئاينىڭ 2- كۈنى باغ كەنتىدە تۇغۇلغان. 1960 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان. پارتىيە ئەزاسى، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە. 1960 - يىلدىن 1984- يىلغىچە ئاقتۇ ناھىيە چارلۇك يېزىلىق چاي - چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتىدە ئىشلىگەن. 1984 - يىلدىن 1992 - يىلغىچە ئاقتۇ ناھىيىلىك چاي - چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتىدە باش دېرىكتور بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا ئوبلاستلىق پارتىيە مەكتىپى قاتارلىق بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇپ سىياسىي ۋە كەسپىي بىلىم سەۋىيىسىنى ئاشۇرغان، كۆپ قېتىم ئوبلاست، ناھىيە بويىچە «ئىلغار كارخانىچى»، «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى» بولۇپ مۇكاپاتلانغان. ئىش - ئىزلىرى

شىنجاڭدىكى نوپۇزلۇق گېزىت - ژۇرنىاللاردا تونۇشتۇرۇلغان. 1992 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان.

**ئابلىمىت ئەكرەم**

1936- يىلى تار تاجىك مىللىي يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1947 - يىلىدىن 1958- يىلىغىچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان، 1958 - يىلىدىن 1992 - يىلىغىچە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، چارلۇڭ، تار يېزىلىرىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى، 1992 - يىلى پېنسىيىگە چىققان. ئاقتۇ مائارىپ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

**يالقۇن نەۋرۇز**

1970- يىل 3- ئاينىڭ 6- كۈنى قۇززى كەنتىدە تۇغۇلغان. 1987- يىلى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزۈپ سابىق شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1989- يىلى شىئەن گېئولوگىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كان بايلىقلىرىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش كەسپىي تولۇق كۇرسىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1993- يىلى مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ كان مەھسۇلاتلىرى ئىلمى بويىچە باكلاۋر ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، شىنجاڭ گېئولوگىيە كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى 3- سۇ گېئولوگ ئەترىتىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىن، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئەترەت كان مەھسۇلاتلىرى شىركىتىدە تېخنىك، ئەترەت ئىشخانىسى خادىمى، ئەترەت خوجىلىق بۆلۈم خادىمى، ئەترەت ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرى ۋە مەسئۇلى بولغان، 2000- يىلى كان مەھسۇلاتلىرى ئىنژېنېرى ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، 2004- يىلى پارتىيىگە كىرگەن.

**نەۋرۇز پازىل**

1942- يىلى تار تاجىك مىللىي بېزىسىنىڭ قوززى كەنتىدە باي چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1957- يىلىدىن 1959- يىلىغىچە سابىق قەشقەر سەمەن ئوتتۇرا مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ، قەشقەر تېببىي تېخنىكومىنىڭ داۋالاش كەسپىگە ئوقۇشقا كىرگەن. 1962- يىلى ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ، ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ چارلۇڭ رايونىغا دوختۇرلۇق خىزمىتىگە تەقسىم قىلىنغان. ئۇ خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن بىرگە، ئايالى تۇنسا ئابدۇقادىر بىلەن بىرلىكتە تۇنجى بولۇپ چارلۇڭ، تار، كوسراپ يېزىلىرىدا دوختۇرخانا ۋە داۋالاش پونكىتلىرىنى قۇرغان تېببىي خادىملارنىڭ بىرى. تاغلىق رايونلاردا 18 يىل جاپالىق خىزمەت قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىشەنچىسى ۋە يۈكسەك ھۆرمىتىگە نائىل بولغان. 1979- يىل 11- ئايدا جامالتېرەك يېزىلىق دوختۇرخانىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، دوختۇر ۋە دوختۇرخانا مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىگەن. 1985- يىلى پارتىيىگە كىرگەن. 1988- يىلى مەسئۇل ۋراچلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ھەمدە 1983- يىلى ئەمگەك ـ كادىرلار مىنىستىرلىكى، مىللىي ئىشلار كومىتېتى، جۇڭگو پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى تەرىپىدىن «ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا ئۇزاق مۇددەت پەن ـ تېخنىكا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان خادىم» دېگەن شەرەپكە ئېرىشكەن. كۆپ قېتىم ئوبلاست، ناھىيە تەرىپىدىن «ئىلغار خىزمەتچى»، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» بولۇپ مۇكاپاتلانغان. ئۇ باشقۇرۇشىدىكى دوختۇرخانا كۆپ قېتىم

«ئىلغار ئورۇن» بولۇپ تەقدىرلەنگەن.

ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئاقتۇ ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جامالتېرەك يېزىلىق ئىدارە ـ ئورگان پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ئىدى.

**راخمان ئارزى**

1944- يىل 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى باغ كەنتىدە تۇغۇلغان. 1953- يىلى باشلانغۇچتا، 1957- يىلى قەشقەر سەمەن ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1959- يىلدىن 1962- يىلغىچە قەشقەر تېببىي مەكتەپتە داۋالاش كەسپىدە ئوقۇغان، 1962 ـ يىلدىن 1963- يىلغىچە قاراكېچىك يېزىلىق دوختۇرخانىدا، 1963- يىلدىن 1965- يىلغىچە تاردا، 1965- يىلدىن 1972- يىلغىچە جامالتېرەكتە، 1972- يىلدىن 1985- يىلغىچە قىزىلتاغدا دوختۇرخانا مەسئۇلى، 1985- يىلدىن 1994- يىلغىچە تاشقورغان ناھىيە يەرلىك كېسەللىكلەر ئىشخانىسىدا مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1994- يىلى پېنسىيىگە چىققان، مەسئۇل ۋراچلىق ئۇنۋانى بار.

«ئېگىزلىكتىكى ئۆسمۇرلەرنىڭ ئۆسۈپ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا تەسىر قىلىدىغان ئامىللار» ـ قەشقەر سەھىيە، ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش گېزىتى، مەملىكەتلىك يەرلىك كېسەللىكلەر ژۇرنىلى»دا ئېلان قىلىنغان. 1983- يىلى مەملىكەتلىك «ئىلغار پەن ـ تېخنىكا خادىمى» بولۇپ باھالانغان. «سۇيۇقلۇق بىلەن داۋالاش ئۇسۇللىرى» دېگەن كىتابنى يازغان.

**ئىمامباي مەمەدباي**

1944- يىلى باغ كەنتىدە دىنىي زات ئائىلىسىدە دۇنياغا

كەلگەن. 1962- يىلى قەشقەر تىببىي تېخنىكومنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزۈپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن، كوسراپ، چارلۇڭ، تار يېزىلىرىدا شىپاخانا مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا ئۇ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاغرىققا دورا بولماسلىق، كېسەل كۆرسىتىشكە دوختۇر بولماسلىقتەك ۋەزىيەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، تۇنجى دوختۇرلۇق پونكىتى قۇرۇش، دوختۇرخانا ئەسلىھەلىرىنى ياخشىلاش، كەسىپ ئەھلىنى تەربىيىلەش، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مىللىي تېبابەت دورىلىرىنى تەتقىق قىلىش جەھەتلەردە ئالاھىدە نەتىجە كۆرسىتىپ، كۆپ قېتىم ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست بويىچە «ئىلغار خىزمەتچى»، «ئەمگەك نەمۇنىچىسى»، «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى»، «قوش ئىلغار»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نەمۇنىچىسى»،« پەن - تېخنىكا كەشپىياتچىسى» قاتارلىق شەرەپلەرگە نائىل بولغان ھەمدە ئىش - ئىزلىرى «شىنجاڭ گېزىتى»،« مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى» قاتارلىق ئاخبارات ئەپكارلىرىدا تەشۋىق قىلىنغان. 1983- يىلى مەركىزىي كادىرلار مىنىستىرلىقى، سەھىيە مىنىستىرلىقى، پەن- تېخنىكا مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن چېگرا رايوندا ئۇزاق يىل ئىشلىگەن «پەن - تېخنىكا خىزمەتچىسى» دېگەن شەرەپكە ئېرىشكەن. 1984- يىلى خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئاقتۇ ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا يۆتكىلىپ كەلگەن. 1998- يىلغىچە بۆلۈم باشلىقى، ياچېيكا ھەيئىتى، مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق 2-دوختۇرخانىسى، شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق بىلىم يۇرتلىرىدا كەسپىي جەھەتتە بىلىم ئاشۇرغان.

كەسپىي جەھەتتە توختاۋسىز ئىلگىرىلەپ، ئوبلاست، ھەتتا قوشنا ناھىيە ـ شەھەرلەرنىڭ تېببىي داۋالاش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا زور كۈچ قوشقان. 1993- يىلى تاجىكلار ئىچىدىن چىققان تۇنجى ئەۋلاد بالىلار كېسەللىكلىرى كاندىدات ئالىي مۇدىر ۋراچ ئۇنۋانىغا ئىگە بولغان ھەمدە «جۇڭگو داڭلىق مۇتەخەسسىسلەر قامۇسى» غا كىرگۈزۈلگەن. 1998- يىلى خەلقئارا دورىگەرلىك داۋالاش جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن.

## ئاتاخان ھامراخان

ئاتاخان ھامراخان 1943- يىل 9- ئايدا تار يېزىسىنىڭ قۇززى كەنتىدە تۇغۇلغان. 1958- يىلى ھازىرقى قەشقەر شەھەرلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان، 1959- يىلى قەشقەر تېببىي مەكتەپتە ئوقۇغان. 1962- يىلدىن باشلاپ قىزىلتاغ، چارلۇڭ، تار، كوسراپ يېزىلىرىدا مەسئۇل دوختۇر بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا تاغلىق يېزىلاردىكى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ سەھىيە، ساقلىقنى ساقلاش، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمەتلىرىدە زور كۈچ چىقارغان. 1983- يىلى دۆلەتلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى، كادىرلار مىنىستىرلىقى، سەھىيە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر پەن ـ تېخنىكا خادىمى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن. 1996- يىل 6- ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. مەسئۇل ۋراچ ئۇنۋانى بار.

## مەمەتشاۋۇدۇن مامۇت

يولداش مەمەتشاۋۇدۇن 1941 ـ يىل 3- ئاينىڭ 15- كۈنى تار يېزىسىنىڭ بەلدىر كەنتىدە چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

1949 - يىلىدىن باشلاپ تار يېزىسىدا باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىپ 1953 - يىلىغىچە ئوقۇغان. 1953 - يىلىدىن 1955- يىلىغىچە تاشقورغان ناھىيىلىك شيەنلى مەكتەپتە ئوقۇغان، 1955- يىلىدىن 1957 - يىلىغىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان، 1957 - يىلىدىن 1960 - يىلىغىچە قەشقەر تېببىي تېخنىكوم مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1960 - يىل 9 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ موجى، بۇلۇڭكۆل، كوسراپ، چارلۇڭ،قاراكېچىك قاتارلىق يېزىلىرىدا ئىشلىگەن، 1974 - يىلى پارتىيىگە كىرگەن. دوختۇرلۇق قىلىپ دوختۇرخانا باشلىقى بولغان. 1990 - يىلى باش دوختۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، 1993 - يىلى پېنسىيىگە چىققان.

## ئادىل رازى

ئاقتۇ ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچ. سىياسىي كېڭەش قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتى 8-، 9-، 10- نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاقتۇ ناھىيىلىك 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى.

1967- يىلى تار تاجىك مىللىي يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1983 - يىلى ئاقتۇ ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى داۋالاش كەسپىگە ئوقۇشقا كىرگەن. 1989- يىلى ئوقۇش پۈتكۈزۈپ، تېببىي پەنلەر باكلاۋرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، شۇندىن باشلاپ ئاقتۇ ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى تاشقى بۆلۈمدە خىزمەت قىلىپ ئۆز كەسپىدە ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. نۇرغۇن قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى ئوپېراتسىيىلەرنى

ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىپ، دوختۇرخانا تاشقى بۆلۈم ساھەسىدە يېڭى بوشلۇقلارنى تولدۇرغان، شۇنداقلا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ، دوختۇرخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ۋە رەھبەرلىكىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

خىزمەت جەريانىدا باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەپ ۋە تەجرىبە - ساۋاقلارنى تىرىشىپ يەكۈنلەپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ دۆلەت ئىچىدە ھەر خىل ژۇرناللاردا يەتتە پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان، ئىككى پارچە ماقالىسى دۆلەت دەرىجىلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلغان، بىر پارچە ماقالىسى ئوبلاست دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

## خۇدابەردى پەرمان

1925- يىلى تۇغۇلغان. 1934- يىلىدىن 1940 - يىلىغىچە تاشقورغان ناھىيە باشلانغۇچ مەكتەپتە، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش مەركىزىدە ئوقۇغان. 1940 - يىلىدىن 1965- يىلىغىچە تاشقورغان ناھىيىلىك مەركىزىي مەكتەپ، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى، ئىلمىي مۇدىر، ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان، كېيىن ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ چارلۇڭ، تار يېزىلىرىدا ئوقۇتقۇچى، مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1965- يىلى سولچىل خاتا سىياسەتنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ خىزمەتتىن قالدۇرۇلغان. 1979- يىلى ئاقلىنىپ پېنسىيىگە چىققان. 1992 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## تۆمۈر ئەمەت

1911- يىلى تۇغۇلغان، 83 ياش. 1917- يىلى تاردا باشلانغۇچ

مەكتەپتە ئوقۇغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇتقۇچى بولغان. 1941- يىلى ج خ ئىدارىسىنىڭ ساقچىسى بولغان. 1942- يىلى قەشقەر ساقچى مەكتىپىدە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، تاشقورغان ج خ ئىدارىسى نوپۇس بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان، 1949 - يىلى ئازادلىق ئارمىيىگە كىرگەن، يەنىلا تاشقورغان ج خ ئىدارىسىدە ئىشلىگەن. 1954- يىلى تاشقورغان ناھىيىلىك رايونلۇق كاپىراتىپىنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئىشلەپ، بەلدىر، ۋاچا رايونلۇق ھۆكۈمەتنى قۇرۇش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان. 1954- يىلىدىن 1955- يىلىغىچە شىنجاڭ سىياسىي قانۇن مەكتىپىدە ئوقۇغان. مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن تاشقورغان ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىدە ئۇزاق مۇددەت ئىشلىگەن.

1964- يىلىدىن 1966- يىلىغىچە داتۇڭ يېزىسىدا خىزمەت گۇرۇپپىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1966- يىلىدىن 1979- يىلىغىچە مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان. 1980- يىلى خىزمىتى ئەسلىگە كەلگەن ھەمدە پېنسىيىگە چىققان.

## ياقۇپ داۋۇت

1944- يىل 3- ئايدا ئاقتۇ ناھىيە تار تاجىك مىللىي يېزا قۇززى كەنتىدە تۇغۇلغان. ئالىي تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە. 2 - دەرىجىلىك يېتەكچى ساقچى (بۆلۈم دەرىجىلىك). 1962 - يىل 5- ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي قانۇن كادىرلار مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ خىزمەتكە قاتنىشىپ 2002 - يىل 12 - ئايدا پېنسىيىگە چىققان، تار تاجىك مىللىي يېزىسىدىن چىققان تۇنجى ئەۋلاد ج خ خادىمى.

1944- يىل 3 - ئايدىن 1957 - يىلىغىچە تار يېزىسىدا

ئائىلە تەربىيىسىدە، باشلانغۇچ مەكتەپ تەربىيىسىدە بولغان.
1957- يىلىدىن 1959 - يىلىغىچە ئاقتۇ ناھىيىلىك تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1959 - يىل 8- ئايدىن 1962 - يىل 5 - ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي قانۇن كادىرلار مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1962- يىل 5- ئايدىن 1973 - يىل 11 - ئايغىچە چۆچەك ۋىلايەت چاغانتوقاي ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىدە ئىشلىگەن.
1973- يىل 11- ئايدىن 2002 - يىل 12- ئايغىچە ئاقتۇ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىدە ئىشلىگەن. ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ سىياسىي قوغداش بۆلۈمى مەسئۇلى، تۇرمە باشلىقى، ج خ ئىدارىسى پارتكومى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كادىرى، كادىرلار خىزمىتى كادىرى، پارتكومىنىڭ كاتىپى، جىنايى ئىشلار بۆلۈمى رازۋېدكىچى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.
خىزمەت نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا ئۇ باشقۇرغان تۇرمە 1991 - يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «ئاپتونوم رايون بويىچە بىخەتەر تۇرمە» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان. كۆپ قېتىم ئوبلاست، ناھىيە تەرىپىدىن ئىلغار كومپارتىيە ئەزاسى، ئىلغار خىزمەتچى، مۇنەۋۋەر ج خ كادىرى بولۇپ ماكاپاتلانغان.

## رازى تاھىر

1937 - يىلى تار تاجىك مىللىي يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1946 - يىلىدىن 1948 - يىلىغىچە دىنىي مەكتەپتە، 1948 - يىلىدىن 1952- يىلىغىچە يېڭى مائارىپ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان.
1953- يىلى تار يېزىلىق پارتكومىنىڭ كاتىپى بولغان. 1954- يىلىدىن 1968 - يىلىغىچە ئاقتۇ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىدە خىزمەت قىلغان. 1968 - يىلىدىن 1978- يىلىغىچە مەدەنىيەت

زور ئىنقىلابى سەۋەبىدىن ئائىلىسىدە دېھقانچىلىق قىلغان. 1978 - يىلى خىزمەتكە كىرىپ، تۆۋەنكى ئاشخانىدا خىزمەت قىلغان... 

ساقچىخانىسىدا خىزمەت قىلغان. 1981 - يىل چارلۇك ساقچىخانىنىڭ مەسئۇلى بولغان ھەم بۆلۈم دەرىجىلىك تەمىناتتىن بەھرىمەن بولغان. 1991 - يىل 11- ئايدا پېنسىيىگە چىققان.

1987- يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ شەرەپ مېدالىغا ئېرىشكەن.

## قەلەم چورۇق

1935- يىل 7- ئايدا باغ كەنتىدە تۇغۇلغان. 1957- يىلى خىزمەتكە قاتناشقان. 1989- يىل 7- ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. ئۇ خىزمەت قىلغان 32 يىل ئىچىدە تاغلىق رايونلاردا جاپالىق ئىشلەپ قان - تەر ئاققۇزۇپ، ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ پوچتا - تېلېگراف تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشقان. 1963- يىل 2- ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالىنىپ مىس مېدالغا، 1977- يىل 8- ئايدا مەملىكەت بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ ئالتۇن مېدالغا ئېرىشكەن. ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئوبلاست، ئاپتونوم رايون، مەملىكەت بويىچە 13 قېتىم ئەمگەك نەمۇنىچىسى، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ مۇكاپاتلانغان. شۇ نەتىجىلىرى بىلەن مەملىكەتلىك پوچتا - تېلېگراف مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «پامىر بۈركۈتى» دېگەن شەرەپكە ئېرىشكەن.

## مۇھەممەت ئاۋۇت

يولداش مۇھەممەت ئاۋۇت 1941 - يىلى تار تاجىك مىللىي

يېزىسىنىڭ قوزى كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. 1964 - يىلى پوچتا خىزمىتىگە قاتنىشىپ، 1993 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان.

يولداش مۇھەممەت ئاۋۇت كەمسىز 30 يىللىق خىزمەت ھاياتىدا تار، چارلۇڭ يېزىلىرىدا تاغ - داۋانلارنى ئېشىپ، پىيادە يول يۈرۈپ، 30 كىلوگىراملىق پوچتا خالتىسىنى يۈدۈپ، قىشنىڭ نەشتەردەك سوغۇقى، يازنىڭ پىژ - پىژ ئاپتىپى، ئەتىيازنىڭ قۇم - توپا بورىنى ئالدىدا تىزپۈكمەي، ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، قاتناش يوق، تاغ يوللىرى قىيىن، تەبىئىي ئاپەتلەر كۆپ بولۇشتەك ناچار جۇغراپىيىلىك شارائىتلاردا ئۆزىنىڭ ياشلىقىنى تەقدىم قىلىپ، تاجىك، قىرغىز خەلقلىرىنىڭ، پارتىيىنىڭ ئاۋازىنى تولۇق ئاڭلىشىغا، ئىقتىساد، مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا بىر ئۆمۈر قان - تەر ئاققۇزغان. ئۇنىڭ بۇنداق ئالىيجاناب روھى «شىنجاڭ گېزىتى»، «قىزىلسۇ گېزىتى» قاتارلىق ئاخبارات ئورۇنلىرىدا سىستېمىلىق تەشۋىق قىلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پوچتا ساھەسىدە داغدۇغا قوزغىغان ھەمدە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «ئېگىزلىكتىكى شۇڭقار» دەپ تەرىپلەنگەن. قىزىلسۇ ئوبلاستى تەرىپىدىن «تاغ ئارىسىدىكى پوچتا كەپتىرى» دەپ نام بېرىلگەن.

## مەمەتيۈسۈپ باباخان

مەمەتيۈسۈپ باباخان 1920- يىل 10- ئايدا ھازىرقى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ تار تاجىك مىللىي يېزىسى قۇزى كەنتى ئۆرۈمقورۇم مەھەللىسىدە چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنيا كەلگەن. 1930- يىلىدىن 1932- يىلىغىچە تۇردىخان موللام ئاچقان «ئائىلەيى مەدرىسە» دە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقارغان. 1941-

يىلىدىن 1943- يىلىغىچە تار يېزىسىدىكى پەننىي مەكتەپتە ئوقۇغان. 1950- يىلىدىن 1952- يىلىغىچە ئەينى چاغدىكى تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ تار يېزىسىدا مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1953- يىلىدىن 1957- يىلىغىچە تار يېزىسىنىڭ تۇنجى يېزا باشلىقى بولغان ۋە شەرەپ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن. خەلق تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن جاپالىق ئىشلەپ، تىك تاغلاردىن يول ئېچىپ، كۆۋرۈك سېلىپ يۇرت يولى ۋە يايلاق يوللىرىنى ياساپ، قاتناش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقنى تۇنجى بولۇپ ھەل قىلغان. 1958- يىلىدىن 1959- يىلىغىچە ناھىيىلىك پروگراتور خىزمەتچىسى بولۇپ، چارلۇڭ، تار، كوسراپ، قىزىلتاغ، ئاقتالا چارۋىچىلىق فېرمىسى قاتارلىق بەش ئورۇننىڭ سىياسىي قانۇن خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەن. 1960- يىلىدىن 1963- يىلىغىچە چارلۇڭ 4- رايونىنىڭ باشلىقى، 1963- يىلى تار خەلق گۇڭشېسىنىڭ كوممۇنا باشلىقى بولۇپ ئىشلەش جەريانىدا 14 ئورۇندا بوز يەر ئېچىش، ئېرىق - ئۆستەڭ ياساش، ئىپتىدائىي يوللارنى راۋانلاشتۇرۇش، 18 ئورۇننىڭ يايلاق يوللىرىنى ياساش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. 1965- يىلىدىن 1966- يىل 10- ئايغىچە تار، كوسراپ، چارلۇڭ ئۈچ يېزا بىرلەشمە — چارلۇڭ خەلق گوڭشېسىنىڭ كوممۇنا باشلىقى بولغان ھەمدە چارلۇڭ گۇڭشېسىنىڭ تاشيولى يوق، قاتنىشى ئىنتايىن قۇلايسىز بولۇشتەك قىيىنچىلىقنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئالاھىدە كۈچ قوشقان. كېيىن مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان. 1976- يىلى خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ 1977- يىل 7- ئايغىچە چارلۇڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى بولۇپ

ئىشلىگەن. 1977- يىلى ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، قوشۇمچە ئاقتالا چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولغان. 1978- يىل 1- ئاينىڭ 3- كۈنى خىزمەت تەكشۈرۈش مۇناسىۋىتىدە ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچراپ 58 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ئابنۇس قادىرخان

1929 - يىلى باغۇزى كەنتىدە چارۋىچى - دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1938- يىلدىن 1948- يىلغىچە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ تاشقورغان ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپتە ئوقۇغان. 1950 - يىلدىن 1977- يىلغىچە ئايرىم - ئايرىم ھالدا جەمئىيەت ئامانلىق تەرتىپىنى قوغداش كۇرسى (تاشقورغاندا)، كادىرلار تەربىيىلەش كۇرسى، بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى(قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن)، سىياسىي مائارىپ كەسپىي كۇرسى(ئاقتۇ ناھىيىسىدە)، سىياسىي - قانۇن كەسپى بويىچە بىلىم ئاشۇرۇش كەسپى (قەشقەر پارتىيە مەكتىپىدە)، ئوبلاستلىق پارتىيە مەكتىپى) قاتارلىق كەسپىي تەربىيىلەش كۇرسلىرىدا ئوقۇپ بىلىم ئاشۇرغان.

بۇ جەرياندا يولداش ئابنۇس قادىرخان جەمئىيەت ئامانلىقى تەرتىپىنى ساقلاش خىزمىتى، ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى (داتۇك، تار، چارلۇك، كوسراپ)، تىنچلىقنى ھىمايە قىلىش تاشقورغان شۆبە ئەترىتىنىڭ ئەزاسى، يېزىلىق ھۆكۈمەت كاتىپى، مائارىپ خىزمىتىگە مەسئۇل كادىر قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن.

مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىن كېيىن، خىزمىتى ئەسلىگە كېلىپ، چارلۇك رايونىنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە مەسئۇل كادىرى بولغان. 1977- يىل 10 - ئايدا پارتىيىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن.

1979- يىلىدىن 1991- يىلىغا قەدەر چارلۇق رايونىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇئاۋىن سېكرېتارى، تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ پارتكوم شۇجىسى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ قاتناش، سۇ ئېلېكتىر ـ ئېنېرگىيە، تاشيول قۇرۇلۇشى، مائارىپ ـ سەھىيە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك ساھەلىرىدە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى يارىتىپ، ئاپتونوم رايون ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە- ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن. 1991- يىلى پېنسىيىگە چىققان.

## ھاجىخان مەمەتنىياز

1946- يىلى بەلدىر كەنتىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ كەنت پارتىيە ياچېيكا سېكرېتارى، ئەدلىيە كادىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1984- يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «ئەدلىيە كەسپىدىكى مۇنەۋۋەر خىزمەتچى» بولۇپ مۇكاپاتلانغان. 1988- يىلى ئوبلاستلىق پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1984- يىلىدىن 2001- يىلىغىچە، تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ مۇئاۋىن يېزا باشلىقى، يېزا باشلىقى، مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 17 يىللىق رەھبەرلىك خىزمەت ھاياتىدا ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق يېزىنىڭ تەرەققىياتى، مۇقىملىقى ۋە گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مۇقەددەس بۇرچىنى ساداقەتمەنلىك بىلەن ئادا قىلغان. نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش، ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش، يۇرت ـ ماكانىنى قايتا قۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەردە باشلامچى بولۇپ، تەبىئىي شارائىتى ناچار بۇ

تاغلىق رايوندا خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ زور يۈكسىلىشىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

## سەئىد ئەلى باتۇر

سەئىد ئەلى 1786- يىلى ھازىرقى تار تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ قۇززى كەنتىگە قاراشلىق ئۇمۇرزى دېگەن يايلاقتا گۈلبەگ ئىسىملىك تاجىك چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىكىدىن تارتىپ ئوۋچىلىق، ئوقيا ئېتىش، چېلىشىش قاتارلىقلاردا كامالەتكە يەتكەن. ئۇ 22 ياشقا كىرگەن يىلى يەكەن خان ئامبىلى، قەشقەر ھاكىمبېگى بىلەن بىرلىشىپ تار خەلقىنى قاتتىق ئېزىدۇ. بۇ زۇلۇملارغا چىدىمىغان تار خەلقى سەئىد ئەلى باشچىلىقىدا «تاغ غېرىبلىرى» دېگەن توپنى قۇرۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تاردىكى زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەئىد ئەلى ئەل ئىچىدە «باتۇر» دەپ ئاتىلىدۇ. ئوقلۇقتار قەدىمىي ئىزلىرى، چات ئەغىل قەدىمىي ئىزلىرى شۇ جەڭلەرنىڭ ئىزنالىرىدۇر. ئۇ 1864- يىلى 78 يېشىدا ۋاپات بولغان.

## پاناخانبەگ

پاناخان بەگ 1918- يىل 7- ئاينىڭ 15- كۈنى ئالمالىق كەنتىدە ئوتتۇرا ھال چارۋىدار ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئالتە ياشقا كىرگەن يىلى ئاتىسى ئەمەت ئۇنى دىنىي مەكتەپكە بەرگەن. ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە قۇرئان ساۋاتىنى چىقارغان، «شاھمەشرەپ غەزەللىرى»، «بابا روشەن» قاتارلىق كىتابلارنى ئوقۇيالايدىغان بولغان. كېيىن ئەرەب، پارس

تىللىرىنى ئۆگەنگەن. 14 يېشىدىلا خەلپەت بولغان. 1940- يىلى
ئەينى چاغدىكى ئالمالىق يېزىسىغا بەگ بولغان. 1945- يىلى
تاشقورغان ئىنقىلابى پارتلىغاندا ئۆز يۇرتىدىكى قاۋۇل
ياشلاردىن 30 دىن ئارتۇق ياشنى تەشكىللەپ ئىنقىلابقا
قاتناشقان. ئازادلىقتىن كېيىن، ئاقتۇ ناھىيىسى يېڭىدىن
تەسىس قىلىنغاندا، تەشكىل ئۇنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا قوشقان
تۆھپىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، 1956- يىلى ھازىرقى تار يېزىسىغا
يېزا باشلىقى ھەمدە ئاقتۇ ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ
ئەزاسى قىلىپ تەيىنلىگەن. 1966- يىللىرى مەدەنىيەت زور
ئىنقىلابىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان. 1978- يىل 12- ئايدا
ئاقلىنىپ، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىق
سالاھىيىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1980- يىلى قىزىلسۇ
قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىملىق
ئەزاسى بولغان. 1993- يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. 1999- يىل
3- ئاينىڭ 18- كۈنى 81 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## تۇردى ھاجى

1873- يىلى باغ كەنتىدە تۇغۇلغان. ئىلگىرى - ئاخىرى
بولۇپ دىنىي بەدرىسىلەردە ئوقۇغان. 30 يېشىدا تارغا ئەلەم
بولغان. بۇ جەرياندا نۇرغۇن كىشىلەرنى دىنىي، پەننىي ئىلىم
بىلەن تەربىيىلەپ، تار خەلقىنىڭ نادانلىقتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن
كۈچ چىقارغان. 35 يېشىدا سەككىز نەپەر ئادەم بىرلىكتە ھەجگە
بارغان. ھەجدىن قايتقاندىن كېيىن تار ئەتراپىدىكى يۇرتلار
بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت باغلاپ، ئىناقلىقنى ئىلگىرى سۈرگەن
ۋە تارنىڭ زېمىن يايلاقلىرىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى قوغدىغان. 1927-
يىلى 1- ئايدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

**مۇبارەكشاھ باباخان**

مۇبارەكشاھ 1925- يىلى تارىبېزىسىننىڭ قۇززى كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىنلا تۆمۈرچىلىك ئىشلىرىغا قىزىقىپ، ئاتىسى باباخاندىن ئاددىي تۆمۈرچىلىكنى ئۆگەنگەن. كېيىن ئۆزى مۇرەككەپ تۆمۈرچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مىلتىق قاتارلىق ھەر خىل ئوۋ قوراللىرىنى ياساشتا ۋە زەرگەرچىلىك ئىلمىدە كامالەتكە يەتكەن. ئۇنىڭ ياسىغان قوراللىرى ھازىرمۇ تاشقورغان مۇزېيىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە. 1996- يىل 6- ئاينىڭ 15- كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن.

**قۇربانئەلى ئابادخان**

1959- يىل 11- ئايدا تۇغۇلغان. ئالىي مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە. پارتىيە ئەزاسى. 1971- يىلى خىزمەتكە قاتناشقان.

1971- يىلدىن 1984- يىلغىچە تار، ئاقتۇ، چارلۇڭ قاتارلىق جايلاردا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1984- يىلدىن 1995- يىلغىچە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ تارىبېزىلىق پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، پارتكوم دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، تەشكىلاتقا مەسئۇل كادىر، مۇئاۋىن يېزا باشلىقى، مۇئاۋىن پارتكوم شۇجىسى ۋە يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياستىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

بۇ جەرياندا 1974- يىلدىن 1977- يىلغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق دارىلمۇئەللىمىندە، 1984- يىلدىن 1987- يىلغىچە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شەرقىي تىل ئىنستىتۇتىدا

ئوقۇغان. 1988- يىلىدىن 1989- يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە، 1993- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق رەھبىرىي كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسىدا بىلىم ئاشۇرغان.

1995- يىلىدىن ھازىرغا قەدەر سىياسىي كېڭەش ئاقتۇ ناھىيىلىك كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق خىزمىتىنى ئىشلەۋاتىدۇ.

## ئاقنىياز ئانايەت

1926- يىلى قۇززى كەنتىدە دىنىي زات ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. كىچىكىدىن باشلاپ دىنىي مەدرىسە ۋە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1976- يىللىرى بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلى ھازىرقى پوسكام بۇيلۇق تاجىك مىللىي يېزىسىغا كۆچۈپ كەتكەن. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ پوسكام ناھىيىلىك بىرلىك سەپ ئەزاسى، سىياسىي كېڭەش ئەزاسى بولغان. ھازىر بۇيلۇق تاجىك مىللىي يېزىسى يېڭىباغ كەنتى مەسچىت ئىمامى، ئىسلام جەمئىيىتى تەرىپىدىن خەلىپە ئۇنۋانىنى ئالغان. ھازىرغا قەدەر تار تاجىكلىرىنىڭ تارىخىنى ئەينەن بىلىدىغان تىرىك شاھىت.

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غەيرەت خالىق



# 塔尔塔吉克

阿克陶县塔尔塔吉克民族乡党委政府


喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷

（喀什市塔吾古孜路 14 号　邮编：844000）

850×1168 毫米　大 32 开　10 印张

字数：160 千字　2004 年 9 月印刷

印数：1 — 1500 册

新疆维吾尔自治区内部资料准印证 (2004) 197 号